09214



# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

18

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

00214

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

**(18)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى

新疆十月拖拉机厂
专用章

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

00214

# مۇندەرىجە


شەرىپقان كۆكە دايىۋ توغرىسىدا ئەسلىمە ..................
مۇقاش جاكەئوغلى ........................................ 1
كۆكتوقاي قوزغىلىڭى توغرىسىدا يادىمدا قالغان بەزى
ۋەقەلەر ........................................ غازىز ئاقىت 104
بارىكۆل ۋەقەلىرى ھەققىدە ئەسلىمىلەر ..................
قۇربان ئەلى ئوسپانوۋ .................................. 127
شىنجاڭ ئۆلكىلىك چۆنجى، جىمىسار، مورى مۇستەقىل
ئاتلىق ئەسكەر تېپلىقنى ساقلاش چوڭ ئەترىتى-
نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ھەركىتى ..............
ساغدۇللا ئارالباي ئوغلى ................................ 170
جىمىنەي پارتىزانلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ............
ئابدۇلكېرىم مەھمۇدوپ .................................. 183



**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (18)**

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 6.5
1986 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1986 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M 11098.181
تىراژى: 1 — 9,000
باھاسى: 0.51 يۈەن

**(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)**

# شەرىپقان كۆگە دايۇلى توغرىسىدا ئەسلىمە

مۇقاش جاكە ئۇغلى

## شەرىپقاننىڭ كىلىپ چىقىشى ۋە بالىلىق دەۋرى

شەرىپقان كۆگە دايۇلى 1900 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا ھازىرقى ئالتاي ناھىيىسى قىران دەرياسىنىڭ بويىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ 4 - بوۋىسى كۆگەداي ئالتاي قازاقلىرىدىن تۇنجى قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ جۇڭگونىڭ شۇ چاغدىكى مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان ۋە 1791 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ خانى تەرىپىدىن جىڭ گوگۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن.

شەرىپقاننىڭ ئۆز دادىسى جېڭىسقان كېيىنكى كۈندە دادىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ جىڭ گوگۇڭ بولغان، جېڭىسقاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەلەن جۇڭۋاڭلىق مەنسىۋىگە ئىگە بولغان.

شەرىپقان، جېڭىسقاننىڭ كىچىك خوتۇنى مېيىكە خېنىمدىن تۇغۇلغان بولۇپ ئۇ ئەلەن جۇڭۋاڭ بىلەن ئاتا بىر ئانا بۆلەك بىر تۇققان بولىدۇ.

مېيىكە خېنىم ئوتتۇرا چارۋىچى ئائىلىسىدىن كىلىپ چىققان ئادەتتىكى چارۋىچى خەلقتىن بولۇپ ئاق سۆڭەكلەر نەسلىدىن

ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ شەرىپقاننى شۇ چاغدىكى فېئوداللىق قائىدە - يوسۇن بويىچە ۋاڭ - گۇڭلارنىڭ بالىلىرىغا بېرىلىدىغان ئالاھىدە تەربىيىگە قاتناشتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن جامائەتچىلىك ئىچىدە ئادەتتىكىچە تەربىيىلەپ ئۆستۈردى. شەرىپقاننى 8 ياشقا كەلگەندە بىلال ھەزرەت دىگەن بىر تاتار موللىسىدا ئوقۇتۇپ خەت ساۋادىنى چىقاردى. شەرىپقان ئۆزىمۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇپ يەنە بىر تەرەپتىن چارۋىچىلىقنىڭ ئائىلە ئىشلىرىدا بولىدىغان چۆپ ئورۇش، مال بېقىش، ئوتۇن چېپىش قاتارلىق چوڭ - كىچىك ئەمگەكلەرگىمۇ قاتنىشىپ يۈردى. بۇنداق تەربىيە ئۇنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى چۈشىنىشىگە ئالاھىدە تەسىر قىلغان ئىدى. ئۇ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئاڭ پىكرى ئېچىلىپ، ئىلىم ئۆگىنىشكە بولغان ھەۋىسى قوزغالدى. لېكىن بۇ چاغلاردا قازاق تىلىدا ئوقۇپ بىلىم ئالغۇدەك بىرەر يېڭى مەكتەپ بولمىغانلىقتىن روسچە ياكى خەنزۇچە ئوقۇشقا توغرا كەلدى. ئانىسىنىڭ تەلىۋى ئۇنى چارۋىچىلىقنىڭ كەسپى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندۇرۇپ، مال ئۆستۈرۈش، مال كۆپەيتىش، بايلىققا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، شەرىپقاننىڭ ئىلىمگە ئىنتىلىشتىكى يولىغا نۇرغۇن ئوڭايسىزلىقلار كەلتۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ، شەرىپقان بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئىزدىنىش ئىرادىسىدىن قايتمىدى. شۇنداق قىلىپ شەرىپقان خەيىردىن دىگەن بىر تاتار زىيالىسىدىن روسچە ئۆگىنىشكە باشلىدى. خەيىردىن روسىيىنىڭ ئۇفا دىگەن شەھىرىدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىننى ئوقۇپ پۈتتۈرگەن كىشى بولۇپ، شەرىپقان بۇنىڭدىن ئۆز ئۆيىدە روسچە ئۆگىنىشكە كىرىشىپ روس تىلىدا خېلى نەرسىلەرنى ئوقۇيالايدىغان ۋە چۈشىنەلەيدىغان بولدى.

شۇ يىللىرى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشىر قىلىنىپ تۇرغان



گېزىت ژورناللارنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش خەۋەرلىرىدىن غايەت زور تەسىر ئالدى. بولۇپمۇ ئۇنى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى ھەر بىر مىللەتنىڭ مەدىنى - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ قىزىقتۇردى. نەتىجىدە ئۇ روسچىنى مۇكەممەل ئوقۇش ئارزۇسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان بولسىمۇ بىر ئايغا قالمايلا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تېزلا قايتىپ كېلىش سەۋەپلىرىنى بىزگە مۇنداق دەپ چۈشەندۈرگەن ئىدى:

ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگىرىسىدىن يوشۇرۇنچە ئۆتۈپ 64 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان زايسان شەھرىگە باردۇ. ئۇ يەردە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە جۇڭگوغا قېچىپ كېلىپ كېيىن يەنە قايتىپ كەتكەن ساقچى ئەدھەمبەك، شاياخمەت، ساقابا دىگەن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆزىنىڭ ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكى ۋە بۇلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈنگەن. ئۇلار: «ھازىرچە بىز سېنى ۋە نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلماي تۇرىمىز، سەن تاغدىن كەلگەن ئادەم قىياپىتىدە بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزدە بىر قانچە كۈن يېتىپ تۇرغىن، سېنىڭ مەقسىدىڭنىڭ ھەل بولۇش بولماسلىغىنى بىز ئىزدىنىپ كۆرەيلى، ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى بىزدىنمۇ ئوبدان چۈشىنىدىغان كىشىلەر بار، شۇلاردىن مەسلىھەت ئېلىپ كۆرۈپ ساڭا يول كۆرسىتەيلى» دىگەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىگىرمە نەچچە كۈنگىچە ھېچكىم بىلەن ئۇچراشماي ئۇلارنىڭ تاغدىن كەلگەن يىراقراق تۇققىنى سۈپىتىدە يېتىپ تۇرغان. ئاخىر ئۇلار شەرىپقانغا: «بىز بىر قانچە دوس - يارانلەر بىلەن ئۇچرىشىپ مەسلىھەت ئېلىپ كۆردۇق. سېنىڭ ئوقۇپ بىلىم ئېلىش مەقسىدىدە بۇ يەرگە كەلگەنلىگىڭ

تۇغرا. لېكىن بۇ يەردە تۇرۇپ ئوقۇشۇڭنىڭ ئـاقىۋىتى يـاخشى
بولماسمىكىن، چۈنكى سېنىڭ كېلىپ چىقىشىڭ يۇقىرى سىنىپتىن،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئـاتا - بـوۋىلىرىڭ ئـالتاي قـازاقلىرىغا خـان
بولۇپ ئۆتكەن، جۇڭگونىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى بوۋاڭغا جىڭگو-
گۇڭلۇق مـەنسىۋىنى بـەرگـەنلىگى ئـۈچـۈن 200 يىلغا قـەدەر
فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. سەن ئـەنە شۇ
تۆرە نەسلى كۆگەداينىڭ ئـەۋلادى. ئـۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈش-
تۈرمىگەن تەقدىردىمۇ ھازىر ئۆزەڭنىڭ بىر تۇققان ئاكاڭ ئەلىن
ئولتۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ھازىر ساڭا ئوخ-
شاش ئاق سۆڭەك ۋە خان ئەۋلادلىرى شۇنداقلا سىنىپى تـەر-
كىۋى يۇقىرى بولغان كىشىلەرگە ئورۇن يـوق، ئۇلارنىڭ ئىسـ
تىقباللىمۇ خەۋپلىك. مەسىلەن، بۆكەي خان، ئابلايخان، ئابۇلـ
غەيزىخان قـاتارلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغىمۇ ئېتىـ
ۋار قىلىنغىنى يوق. شۇڭـا سەنمۇ شۇلارنىڭ بىرسى قـاتـارىغا
ئۆتۈپ قىلىپ ئۆز ھاياتىڭنىڭ ئەركىنلىگىدىنمۇ مەھرۇم بـولۇپ
قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەن ئىزىڭ بىلەن
كەينىڭگە قايتىپ ئۆز يېرىڭدە ئوقۇغىنىڭ ياخشىراقمىكىن» دەپ
مەسلىھەت بېرىشكەن. شەرىپقانمۇ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ
قايتىپ كەلگەن.

1922 - يىلى شەرىپقان ئوقۇشنى مەقسەت قىلىپ ئۈرۈمچىـ
گە كېلىدۇ ۋە ئىلگىرىدىن تونۇشلىقى بولغان باي موللا دىگەن
كىشىنىڭ ئـۆيىگە چـۈشىدۇ. بـاي مـوللا دىگەن كىشى بـولسا
خـەنزۇچـە تىل - يېزىقىنى يـاخشى بىلىدىغان، شۇ ۋاقىتتىكـى
ھۆكۈمـەتنىڭ بىر قانچە مەھكىمىلىرىدە تەرجىمانلىق ۋە باشقا
خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئادەم بولۇپ، 1911 - يىلىدىـ



كى دازۇڭتۇڭ سايلاش قـۇرۇلتىيىغا ئالتايدىكى قازاق ۋە موڭـ
غۇللار نامىدىن ۋەكىل بولۇپ بارغان زەكەرىيا بـەيسىگە تـەر-
جىمان بولۇپ بارغان، خېلى بىلىملىك زىرەك ئـادەم ئىدى.

شەرىپقان ئـۆزىنىڭ ئـوقـۇش ئـۈچـۈن روسىيىگە بېرىـپ
ئـۇ يـەردە ئىشى ئـەپلەشمىگەندىـن كېيىن ئـۈرۈمچىگە كېلىپ
خـەنزۇچە ئـوقۇشنى ئـارزۇ قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن
باي موللا بۇنىڭغا ئىنتايىن خـۇرسەن بولىدۇ ۋە قىزغىن قـارشى
ئالىدۇ. ئۇ دەرھال شەرىپقاننى باشلاپ شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ
ھۆكۈمدارى ياڭ زىڭشىڭغا ئۇچراشتۇرىدۇ ۋە ياڭ زىڭشىڭغا: «شە-
رىپقان ئالتاي قازاقلىرىنىڭ باشلىقى ئەلەن جۇنۋاڭنىڭ ئۇكىسى،
ئۇ بۇ يـەرگە خەنزۇچە ئـوقۇشنى ئـارزۇ قىلىپ كـەپتۇ. بىرەر
مەكتەپ تەشكىل قىلىنسا، موڭغۇل - قازاق بالىلىرى كېلىپ ئو-
قۇسا ياخشى بولاتتى» دىگەن تـەلـەپنى قـويىدۇ. ياڭ زىڭشىڭ
باي موللىنىڭ بۇ پىكىرىنى توغرى تېپىپ مائارىپ نازارىتىنىڭ
باشلىقى ليۇۋىنلۇڭغا: دەرھـال بىر مـەكتەپ تـەشكىل قىلىشنى
بۇيرۇيدۇ. ليوۋىنلۇڭ بـويرۇققا بىنائـەن شۇ چـاغدىكى قـانـۇن
(فـاجىڭ) شوتاڭنىڭ بىر نەچچە ئېغىز ئۆيلىرىنى بـىكار قىلىپ
مىڭخاشوتاڭ (موڭغۇل - قـازاق مەكتىۋى) نـامىدا بىر مـەكتەپ
ئېچىپ بېرىدۇ. شەرىپقاننىڭ ئـۆزىگە مـەسلىھەتچى دىگەن نـام
بېرىپ ئايلىق مـۇئـاشىنى 80 سەر قىلىپ بـەلگىلەيدۇ، شۇنىڭ
بىلەن شەرىپقان مىڭخاشۇتاڭدا خەنزۇچە ئوقۇشقا باشلايدۇ.

1923 - يىلى 3 - ئايدا مەنمۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شەرىپقانـ
نىڭ ياردىمى بىلەن خەنزۇچە ئوقۇشقا كىردىم. بىز كەلسەك بـۇ
مەكتەپتە ئاران بىر سىنىپلا ئـوقـۇغۇچىلار بـار ئىكەن، كېيىن
شەرىپقاننىڭ چاقىرىقى بىلەن ئالتاي، غۇلجا، تارباغاتاي، قارا-
شەھەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى قازاق - موڭغۇل مىلـ

لەتلەردىن 80 بالا كېلىپ قوشۇلدى. بىر يىلدىن كېيىن مەك-
تەپنىڭ ئورنى باشقا جايغا يۆتكەلدى. ئوقۇغۇچى سانىمۇ كۆپۈ-
يۈپ ئاز ساندىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى قوشقاندا 150 نەپەرگە
يېقىن ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدۇق. دەسلەپتە 4 يىللىق باشلان-
غۇچ سىنىپ ئىدى. كېيىنىرەك ئىككى يۇقۇرى سىنىپ قوشۇلۇپ
شۇ چاغدىكى تەرتىپ بويىچە تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ بولدى.
ھەر يىلى قىشتا 40 كۈن تەتىل قويۇپ بېرىلگەچكە ئالتايدىن
كەلگەن بالىلار بەزىدە ئۆيگىمۇ بېرىپ كېلىپ تۇردۇق.
ئۇ چاغدا قاتناش ماشىنىسى يوق بولغانلىقتىن ئات بىلەن
ئەڭ ئۇدۇل يول ئارقىلىق 13 كۈندە ئالتايغا باراتتۇق.

شەرىپقان موڭغۇل قازاقلاردىن بولغان 60 دەك ئوقۇ-
غۇچىلار ئىچىدە خېلى ئىلغار ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ، سوۋېت ئىت-
تىپاقىدىن كەلگەن كىتاپ - ژورناللارنى ئۇرۇمچىدىكى سوۋېت
كونسۇلخانىسىنىڭ مەدىنى ئىشلار خىزمەتچىسى تاجىدىن دىگەن
تاتار ئارقىلىق يوشۇرۇنچە ئېلىپ قىزىقىپ ئوقۇپ يۈرەتتى. بەزەن
مۇھىم ماقالىلارنىڭ مەزمۇنىنى بىزگە ئېغىزچە سۆزلەپمۇ بېرەتتى.
شەرىپقان خەنزۇچە خەت - ساۋادى چىققاندىن كېيىن ئۆز پۇلى
بىلەن شاڭخەي، بېيجىڭ قاتارلىق شەھەرلەردىكى «شاڭۋۇ
ئۇشۇگۇەن» دىن دوڭفاڭ زاجى، گۋانچا، مىنزوزاجى قاتارلىق
ژورناللارنى پوچتا ئارقىلىق ئالدۇرۇپ ئوقۇيتتى ۋە بۇ ژورنال-
لاردىكى بەزى ماقالىلارنى، بولۇپمۇ خەلقارادا ۋە سوۋېتلەر
ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭىلىقلارنى ئوقۇغۇچىلارغا چۈ-
شەندۈرۈپ بېرەتتى. شەرىپقان بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي
ئۆز يېنىدىن راسخوت چىقىرىپ، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە شابالا
دىگەن بىر روس مۇئەللىمدىن روسچە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇ-
ۋەدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ روس تىلى جەھەتتىكى بىلىمىنىمۇ



خېلى ئاشۇرۇۋالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ روسچە كىتاپلارنى بولۇپ-
مۇ سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن يوشۇرۇن ئالغان ماركسىزم-
لېنىنىزىم ھەققىدە ئىپتىدائى ساۋات بېرىدىغان كىتاپچىلارنى
تولاراق ئوقۇيدىغان بولدى. بۇ بىر تەرەپتىن شەرىپقاننىڭ
سىياسى سەۋىيىسىنىڭ يۇقۇرى كۆتۈرۈلىشى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ
توغرىلىنىشىغا سەۋەپ بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ
ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى يۇقۇرى كۆتەردى.

بۇ چاغدا شىنجاڭدا مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ
تۇرغان ياڭ زىڭشىن ئىچكى جۇڭگو بىلەن ئانچە مۇناسىۋەت
قىلمايتتى. ترانسپورت ئىشلىرى پەقەت تۆگە كارۋانلىرىغىلا
يۆلەنگەچكە سودا قاتناش ئىشلىرى لەنجۇنىڭ بۇ تەرىپىدىلا،
بەك يىراق كەتسە تيەنجىنگىچە بولاتتى. ياڭ زىڭشىن ئادەتتە
«ئىچكىرىسىدە مالمانچىلىق قانچە كۆپ بولسا، شىنجاڭدا تىنچلىق
شۇنچە ياخشى بولىدۇ» دەيتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ شىنجاڭنى
ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى مۇستەقىل پادىشالىق دەپ ئىدارە قىلىپ،
خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئېچىلىشىغا يول قويۇشنى خالى-
مايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى
يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان يۇقۇرى قاتلام ئاق
سۆڭەك، ۋاڭ، گۇڭ، ئاخۇن، لاما، بەگ ۋە بايلارنى ئارقا تىرەك
قىلىش ئارقىلىق يۈرگۈزەتتى. بۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرگەن
شەرىپقان، ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى خەۋەرلىرىدىن ئالغان تەسىرات-
لىرى بويىچە "قانداق بولىسۇن بىر ئىش باشلاش كېرەك" دىگەن
پىكىرگە كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ
شۇ چاغدىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى ھېسسىياتىنى ھەر
تەرەپلىمە ئىپادىلەشكە باشلىغان ئىدى.

شەرىپقاننىڭ بۇنداق كۆز قاراشلىرىنى ئۆزى قويغان كۆز-

قۇلاقلىرى ئارقىلىق بىلىپ تۇرغان ياڭ زېڭشىن، ئۇنى بۇ مەكتەپتىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئامال ئىستەپ، 1927 - يىلىنىڭ ئاۋالقى يېرىمىدا ئۇنى ئالتاينىڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە شەنجاڭ قىلىپ بېكىتكەنلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى. بۇ قازاق مىللىتىدىن بىرىنچى قېتىم شەنجاڭ قويۇلىشى خۇددى قازاق خەلقىگە نىسبەتەن قىلىنغان چوڭ غەمخورلۇقتەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇ شەرىپقان ئۈچۈن بىر سۈرگۈن قىلىنىش ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغدىكى بۇرۇلتوقاي، قاتناش ئىشلىرى ئىنتايىن قېيىن بولغان بىر چەت ناھىيە بولۇپ، ناھىيە بازىرىدا ئاران 28 ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى. ناھىيىگە قاراشلىق 6000 ئۆيلۈك چارۋىچىلار بولسا قىش - ياز مال - چارۋا كەينىدىن كۆچۈپ، كۆچمەنلىك بىلەن تارقاق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. لېكىن شەرىپقان ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى بۇنىڭ بىلەن توختىتىپ قويماي، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى سارسۇمبە (ھازىرقى ئالتاي) شەھرىگە بېرىپ، مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىش يوللىرىنى ھەر تەرەپلىمە ئىزدەندى ۋە ھەر ساھەدىكى ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ مەسلىھەت ئېلىپ باردى.

## شەرىپقاننىڭ سىياسى پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشى

1928 - يىلى يازدا مەن ئىمتىھان بېرىپ ئۈرۈمچىدىكى بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردىم. قىشلىقى شەرىپقاندىن خەت ئالدىم. ئۇ خېتىدە: «سەن قىشلىق دەم ئېلىش ۋاقتىدا جىمىنەيگە كەل، مەن بۇرۇلتوقايدىكى شەنجاڭلىق خىزمەتتىن بوشاپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. چاقىرغان سەۋەبىمنى ئۆزەڭ كەلگەندە ئېيتارمەن»، دەپ يېزىپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن مەن 1929 - يىلىنىڭ بېشىدا جىمىنەيگە قايتىپ كەلدىم. شەرىپقان بىلەن بىزنىڭ قىشلاقنىڭ ئارىلىقى 45 كىلومېتىر كېلەتتى. ئۇ بىزنىڭ ئاۋۇلغا كېلىپ (ئۇ مېنىڭ ئاچام بىلەن بۇندىن 2 يىل بۇرۇن تۇرمۇش قۇرغان) بىر ھەپتە تۇردى ۋە ماڭا: «سەن ئەمدى ئوقۇشنى توختىتىپ مەن بىلەن بىللە خىزمەت ئىشلە، ھازىر ياڭ ئۆلۈپ جىن شۇرېن ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقتى. بۇنىڭ مۇستەبىتلىكى ياڭدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. پۇخرانىڭ چىدىغۇچىلىكى قالماي كۆز يېشى كۆل بولماقتا. زۇلۇم شۇ دەرىجىدە چېكىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن ھازىر خەلق مۇنداق زورلۇق - زومبۇلۇقتىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپالمايۋاتىدۇ. شۇڭا خەلقنى ئۇمۇمى يۈزلۈك ئويغىتىپ، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش، ئەركىن ھايات كەچۈرۈشنىڭ يولىغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتسام ئالتاي 1917 - يىلغا قەدەر مەرگەزگە بىۋاستە قارايدىغان ئالاھىدە ۋىلايەت بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇ چاغدا ئالتاي خەلقى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە (بېيجىڭگە) 300 ئات (سارنوختىنىڭ ئېيتى دەپ ئاتىلىدىغان ئات) سېلىق تۆلەيتتى. ئالتاينىڭ ھۆكۈمدارى بېيجىڭدىن بىۋاستە كېلەتتى. 1918 - يىلدىن باشلاپ ئالتاي ئۈرۈمچىگە قارايدىغان بولۇپ ئۇنىڭ ئالاھىدە ۋىلايەتلىك (ئايماقلىق) دەرىجىسى ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ ئىستىبداتلىق ھاكىمىيىتى خەلقنى ھېچقانداق ھوقۇققا ئىگە قىلماي ئۆز ئىختىيارىچە بۇلاڭچىلىق سىياسەت يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە. بۇنداق ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىز ئالتاينىڭ مەركەزگە بىۋاستە قارايدىغان سالاھىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق بىر قانچە چارە تەدبىرلەر بار؛

ئۇ، بىز ئالدى بىلەن ئالتاينىڭ ھازىرقى باشلىقى جاڭ مىڭ يۈۋەن-نى مۇشۇ ئىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان قىلىپ پايدىلىنىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ جىن شۆرىن بىلەن بولغان زىددىيىتى بار، شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئورنۇمدىن ئاي-رىلىپ قالارمەنمىكىن دىگەن ئەندىشىسىمۇ بار، يەنە بىر تەرەپ-تىن ئۇنىڭ ئالتاينىڭ ئالتۇن كان بايلىقىنى ئۆزى مۇستەقىل ئىگەللەپ مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق ئالاھىدە ۋىلايەت (ئايماق) نىڭ خوجايىنى بولۇش مەقسىدىمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىز-نىڭ پىكىرىمىزگە قوشۇلىدۇ ۋە بىز بىلەن ئاسان بىرلىشەلەيدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە ئالتاي خەلقىنىڭ قولىدا ئۇزاقتىن بېرى ساق-لىنىپ كېلىۋاتقان كەم دىگەندە مىڭدىن ئارتۇق يارامىلىق مىل-تىق بار. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن سوۋېتتىن قېچىپ كەل-گەن ئاق روس ئەسكەرلىرىنىڭ ئېلىپ كەلگەن قوراللىرىنى خەلق كۆپلەپ سېتىۋالغان ئىدى. بولۇپمۇ 1921-يىلى قاچقۇن باكىچ بىر نەچچە مىڭ ئادەم بىلەن تارباغاتاي چېگرىسىدىن ئۆتۈپ ئالتايغا كەلگەندە ئەسكەرلىرى قوسىقى ئاچلىقتىن قوللىرىدىكى مىلتىقلىرىنى تاماققا، كىيىمگە تېگىشىپ سېتىپ كەتكەن ئىدى، لېكىن ئوق ئاز. بۇنىڭ سىرتىدا مىنىڭ ئاكام ئەلەن جۇڭ-ۋاڭ بىلەن خەنە فىيىبە بەيسىنىڭ قولىدا ياڭ زېڭشىن بەرگەن 600 تال مىلتىق بار، بۇ مىلتىقلارنىڭ ئوقلىرى بىر قەدەر تو-لۇغراق. بىراق بەش ئاتار ئاز. تولىسى قوغۇشۇن ئوقلۇق توققۇز ئاتار ۋە بىر ئاتارلاردىن ئىبارەت. بۇ قوراللارنى قول-غا كەلتۈرۈش ئانچە تەس ئەمەس؛ مەن ئالتايدا خەنەفىيىبە بەيسى بىلەن سۆزلۈشۈپ كۆردۈم. قارىشىمچە ئەگەر بىز ئىش-باشلىساق ئۇ سۆزسىز قوشۇلىدۇ. لېكىن ئۆز ئاكامنىڭ پىكىرى-نى سىناپ باقسام، يېقىن كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. ناھايىتىمۇ



قورقۇنچاق ئادەم، ئوچۇق ئېيتىمىدىم. بۇ كىشىنىڭ خانىمى خادىۋاڭ بولسا، ناھايىتى خەۋپلىك. ئەگەر قىلچىلىك بىر ئىشنى بىلىپ قالسا چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى چىقىدۇ. ئۇ، ئاكامنىڭ پۈتۈنلەي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان بولۇپ ھەممىنى ئۆزى باشقۇرىدۇ. لېكىن ئىش باشلىنىپ كەتسىلا بۇ-نىڭ چارىسى ئاسان. يەنە بىر تەرەپتىن چارۋىچى خەلقىمىز ئىچىدە باي، تۆرە باشلىقلارنىڭ ئىناۋىتى، تەسىر دائىرىسى خېلى كۈچلۈك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەلق ئىچىدە ئابرويى بار، كۆپچىلىككە سۆزى ئۆتىدىغان ئادەملەرنىڭ قاندىغى بولمىسۇن ئۇنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈ-رۈشىمىز لازىم. مەن مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە بىز بىلەن بىللە ئوقۇغانلاردىن زارىپنى ئېلىپ ئالتايغا بارىمەن. سەنمۇ كەينىمدىن مانكەننى، بورچۇندىكى مەھمۇتنى ئېلىپ بار. بۇلارنى ئىشى-مىزغا ياردەملەشتۈرەيلى، بۇلارنىڭ دادىلىرى ۋە ئاكىلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە تەسىرى بار، ئابرويلۇق ئادەملەر»، دىدى.

مەن ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە مانكەن ۋە بورچۇندىكى مەھمۇتنى ئېلىپ 15 كۈندىن كېيىن ئالتايغا باردىم. شەرىپقان خەنەفىيىبەيسىنىڭ ئاۋۇلىغا كەتكەن ئىكەن. بىز شۇ يەرگە باردۇق. بارغان كۈنىمىزنىڭ كەچلىكى شەرىپقان قوزغىلاڭ كۆتىرىش توغرىسىدا بىرىنچى قېتىم مەجلىس ئاچتى. بۇ مەج-لىسكە خەنەفىيىبەيسى ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بۇقات (خەنەفىيىبەيسىنىڭ سالامەتلىكى ناچار ۋە ياشقا چوڭ بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئوغلى بۇقات باشقۇراتتى)، كىچىك ئوغلى جىيدەي (بۇمۇ بىز بىلەن ساۋاقداش ئىدى) لەر قاتناشتى.

مەجلىستە شەرىپقان خەلقنىڭ ئۈستىدىكى زورلۇق-

زوراۋانلىقلارنى بىر قاتار پاكىتلار ئارقىلىق سۆزلەپ ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاساسىي پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «جىن شۇرېن هۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن - بىر يولى قوزغىلاڭ قىلىپ 1917 - يىلدىن ئەۋۋەلقى ئالتاينىڭ بېيجىڭگە (مەركەزگە) بىۋاستە قاراشلىق ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت» دېدى. ئۇ يەنە بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ چارە تەدبىرلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەھلىل قىلىپ، ئالتاينىڭ هازىرقى ۋالىسى جاڭ مىڭيۈەننىڭ بۇ ئىشقا قوشۇلغانلىقىنى ۋە ياردەم بېرىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتتى. ئۇ يەنە ئالتاينىڭ 1917 - يىلدىن بۇرۇن ئالاھىدە ۋىلايەت بولۇپ مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق بولۇپ كەلگەن تارىخى بار، بىزنىڭ تەلەپىمىز ۋەتەننىڭ بىر تۇتاشلىقىدىن ئايرىلىپ كېتىش ئەمەس بەلكى مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق بولۇش توغرىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن مەركەز بۇ تەلەپىنى سۆزسىز تەستىقلايدۇ. بىزنىڭ هازىرقى ۋەزىپىمىز جىن شۇرېننىڭ مۇستەبىد هاكىمىيىتىدىن قۇتۇلۇش. بۇنىڭ بىردىن - بىر توغرى يولى پۈتۈن ئالتاي خەلقى ئۆز كۈچىمىزگە يۆلىنىپ جىن شۇرېن هاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ يەر شارائىتىمىز ياخشى، جىن شۇرېن هەر قانچە زور هەربىي كۈچ بىلەن كەلسىمۇ بىزگە تاقابىل تۇرالمايدۇ. هازىر جاڭ مىڭيۈەنگە قاراشلىق 600 ئەسكەردىن باشقا يەنە بىر قىسىم مۇهاپىزەتچى ئاتلىق ئەسكەرلەرمۇ بار. جىمىنەيدە بىرلىيەن، قابادا بىرلىيەن بۇرچۇن بىلەن بۇرۇلتوقايدا بىرلىيەنگە يېقىن ئەسكەر بار ئىكەن. كۆكتوقاي چىڭگىلدە مادارىننىڭ 300 گە يېقىن ئەسكەرلىرى بار دېيىشىدۇ. بىز جىن شۇرېن بىلەن بولغان كۈرەشتە مۇشۇ قوراللىق كۈچلەردىن تولۇق پايدىلىنى-



شىمىز مۇمكىن. شۇڭا بىز مۇشۇنداق بىر مۇۋاپىق پەيتتىن ياخشى پايدىلىنىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققىنىمىز ياخشىراق. ئەمدى مەن شەھەرگە كىرىپ جاڭ مىڭيۈەن بىلەن يەنە مەسلىھەتلىشىپ ئىشنى قانداق باشلاش توغرىسىدا پىلان تۈزەپ چىقىپ ئىشقا كىرىشسەك دەپ ئويلاۋاتىمەن. ئەگەر سىلەردە ئوخشىمايدىغان پىكىر بولسا ئېيتىڭلار، يەنىمۇ كېڭەك مۇزاكىرە قىلىپ كۆرەيلى» دېدى - دە سۆزىنى تۈگەتتى.

مەجلىسكە قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. خەنەپىيە بەيسى: «مەن بۇ ئىشقا ئۆزەم ھەقىقى نىيىتىم بىلەن قاتنىشىپ، قولۇمدىن كەلگەن ياردىمىمنى ئايىمايمەن، شۇنداقلا دوست يارەنلىرىم ۋە بۇرادەر، ئەل باشلىقلىرىغا خىزمەت ئىشلەپ خەلقنىڭ مۇنداق بىر توغرى ھەركەتكە ئەستايىدىل قاتنىشىشى ئۈچۈن باشلامچىلىق قىلىمەن. بۇ ئىشنى قوللۇشۇمنىڭ ئىسپات دەلىلى ئۈچۈن ئوغلۇم جىدەينى سىزلەرگە قوشۇپ شەھەرگە ئەۋەتىمەن. ئۇ مېنىڭ ۋەكىلىم سۈپىتىدە جاڭ مىڭيۈەن بىلەن كۆرۈشۈپ قايتسۇن» دېدى. ئىككىنچى كۈنى بىز شەرىپقانىڭ يېتەكچىلىكىدە سارسۇمبىگە كېلىپ جاڭ مەڭيۈەن بىلەن كۆرۈشۈپ خەفەفىيە بەيسىنىڭ ئۆيىدە بولغان بارلىق مەسىلىلەرنى مەلۇم قىلدۇق. خەنەفىيە بەيسىنىڭ بەرگەن ۋەدىسى ھەم شۇ تاغدا بىز بىلەن بىللە ئوقۇغان ئوغلى جىدەينى بىزگە قوشۇپ ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتۇق.

جاڭ مەڭيۈەن: «سىلەر بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇڭلار مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن پىكىر ئىلىشىپ، قانداق ئىش ئېلىپ بېرىش ھەققىدە پىلان تۈزەيلى. بۈگۈن كەچتە مېنىڭ ئۆيۈمدە مېھمان بولۇڭلار، مېھمانلار ئارىسىدا سىلەرگە تونۇشلىقى

يوق ئادەملەرمۇ بولىدۇ. داستىخاندا باشقا سۆز بولمايدۇ، چاي زىياپەت بىلەن تۈگەيدۇ» دىدى.

كەچقۇرۇنلىغى داستىخان سېلىنىشتىن ئىلگىرى بىزگە سىرتتىن قاتناشقۇچىلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى. ئالتايدىكى قوراللىق كۈچلەرنىڭ باشلىغى دۇتۇڭ مەھكىمىسىدە ئىشلەيدىغان جاڭ سەنمۇجاڭ، پىيادە قىسىملار باشلىغى ليۇيىڭجاڭ، خەنەفىيەبەيسىنىڭ سەنمۇجاڭى چىڭ پىنشۇ، شىياۋمادۇينىڭ دۇيجاڭى جۇدا دۇيجاڭ، سارسۈمبىدىكى چىڭ شىيەنجاڭ، شاكىبىخۇيدىكى ۋاڭ خۇيجاڭ، ئابدۇللا شاڭزۇڭ (خۇيزۇ)، مەمەت شاڭزۇڭ (ئۇيغۇر)، رىشىنگۇڭنىڭ لاۋبەنى تاۋجىڭلى، تيەنجىڭنىڭ لاۋبەنى گاۋجىڭلى-لەر بولۇپ هازىر ئېسىمدە قالغانلىرى مۇشۇ كىشىلەر ئىدى. داستىخان ئۈستىدە يەپ - ئىچىش ۋە ئادەتتىكى پاراڭلاردىن باشقا، بۇ يىل ئالتاينىڭ تويتوغۇش، ئازۇ باي، يېڭى ساي قاتارلىق جايلىرىدىن كۆپلەپ ئالتۇن چىقىۋاتىدۇ، ئالتۇن كولاش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقتىن، بازار باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىگى قاتارلىق گەپلەردىن ئىبارەت بولدى.

بىز بىلەن بىللە كەلگەن ھەمراھلىرىمىز مېھمانخانىدا ياتتى. شەرىپقان بىلەن ئىككىمىز جاڭ مىڭيۈەننىڭ قېشىدا بولۇپ تېگىشلىك كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تەييارلىق ئىشلىرىغا قاتناشتۇق. ئىشنى پىلانلاشتا بىللە بولغانلار جاڭ سەنمۇ جاڭ، جۇدادۇيجاڭ، جاڭ-مىڭيۈەننىڭ كاتىۋى ۋاڭ داجۇڭ، چىڭپىنشۇلار ئىدى. بىرنەچچە قېتىم مەسلىھەتلىشىپ ئەڭ ئاخىرىدا تۆۋەندىكى ئىككى قارار ماقۇللاندى: بىرىنچىسى، مەركىزى ھۆكۈمەتكە كۆپچىلىكنىڭ نامىدىن بېرىلىدىغان ئەرىز، ئىككىنچىسى پوتكول ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ھەر



مىللەت خەلقلىرىگە قارىتا يېزىلغان چاقىرىق. بۇ ئىككى ھۆججەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى شەرىپقان ئۆز قولى بىلەن يېزىپ تەييارلىدى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مېنىڭ ئېسىمدە قالغان قىسقىچە مەزمۇنلىرى مۇنداق: مەركىزى ھۆكۈمەتكە يېزىلغان ئەرىز: ئالتايدا قازاق، موڭغۇل، خەنزۇ، ئۇيغۇر، تۇڭگان، روس، تاتار قاتارلىق 7 مىللەت بار. بۇلار ئۇزۇندىن بېرى ۋەتىنىمىزنىڭ يېراق چېگرىسىدا بىر - بىرىگە ياردەملىشىپ قويۇق ئىتتىپاقلىق بىلەن تۇرمۇش كۆچۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. بىر چاغلاردا جۇڭغار ئاق سۆڭەكلىرى شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا ئالتاي خەلقى جۇڭغار تاجاۋۇزىغا چىدىيالماي ئىختىيارسىز ھالدا ۋەتىنىمىز ئالتايدىن ئېرتىش دەرياسىنى ياقىلاپ كۆچۈپ، كۆچكەن قازاقلارنىڭ ئالدىنقى بىر بۆلۈمى سىر دەرياسىغا قەدەر باردى. بۇنى ئالتاي خەلقى تاھازىرغىچە «جۇڭغار چاپقۇنى، ئاقتاپان چۇبۇرىندى» دەپ ئاتاپ ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا سۆزلەيدۇ. جۇڭغارلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى ئامىرسانا قونتەيجى ۋەتىنىمىزگە خائىنلىق قىلىپ چەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مەركەزگە قارشى چىقىپ، ئاخىرى شىنجاڭدىن قېچىپ چار روسىيەگە ئۆتۈپ كەتتى، بۇ جەرياندا ئالتاي خەلقىنىڭ مىللى قەھرىمانى جانىبەك باتۇر خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، چار روسىيە تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىپ، ۋەتىنىمىز ئالتايغا قايتىدىن كۆچۈپ كەلگەن. شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا 1791 - يىلى ئالتاي قازاقلىرىنىڭ باشلىغى كۆگەداي مەركەز بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ بېيجىڭگە بېرىپ چيەنلۇڭ خان بىلەن كۆرۈشكەن. چيەنلۇڭ خان كۆگەدايغا جىڭگو گۇڭلۇق مەنسەپ بېرىپ، ئالتاينى مەركەزگە بىۋاستە قارايدىغان ۋىلايەت قىلىپ بېكىتكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ 1917 - يىلغا قەدەر، ئالتاي خەلقى ئالاھىدە ۋىلايەت

بولۇپ، خەلقىمىز ۋەتەنگە ھالاللىق ۋە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىرلىكتە ياشاپ كەلدۇق. ئالتاينى باشقۇرىدىغان ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بېيجىڭدىن بىۋاستە ئەۋەتىلىپ تۇردى. 1911 ـ يىلى بېيجىڭدە 1 ـ قېتىملىق دازۇڭتۇڭ سايلاش قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا ئالتاي ئالاھىدە ۋىلايىتىدىن موڭغۇل، قازاق مىللەتلىرىگە ۋەكىل بولۇپ زەكەرىيا بېيىسى بېيجىڭگە بېرىپ قۇرۇلتايغا قاتناشتى. خۇەيرىنتاڭدا ئېچىلغان قۇرۇلتايغا زەكەرىيا بېيىسنىڭ تەلىۋى بويىچە موڭغۇلچە، خەنزۇچە تىل بىلىدىغان تەرجىمان باي موللا بىللە بېرىپ مەجلىسكە قاتنىشىپ تەرجىمانلىق قىلغان. قۇرۇلتايدىن كېيىن ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت بېيجىڭدە تۇرۇپ بارلىق مەسىلىلەرنى خاتىرىلەپ يېزىۋېلىپ كەلگەن. خەلقىمىزنىڭ ئاساسى كەسپى مال چارۋىچىلىق بولۇپ، نوپۇسىمىز، ماللىرىمىز ئوخشاش ئۆسۈپ بەختلىك ئەركىن ھايات كۆچۈرۈپ كەلگەن ئىدۇق، 1917 ـ يىلى ئالتاينىڭ ئالاھىدە ۋىلايەتلىك ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مىلتارىست ياڭزىڭشىنگە ئۇتكۇزۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئالتاي خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر چۈشتى. ئالۋاڭ ـ ياساقلار كۈنساناپ كۆپىيىپ خەلق كۆتۈرەلمىگۈسىز ھالغا يەتتى. يەر بېجى، مال بېجى، يامۇلدىكى ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر ئۈچۈن چۆپ ئورۇش، ئاشلىق، ئوتۇن، سۇ توشۇش، ئەمەلدارلارنىڭ سودا كىرالىرىغا ھاشا بېرىش، ئۇيان ـ بۇيان ماڭىدىغانلىرىغا مىنىدىغان ئات، يۈك توشۇيدىغان تۆگىلەرگىچە تەييارلاپ تۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك-تۈمەن سېلىقلار ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەگەر مۇشۇ ئالۋاڭ، ھاماشالارنىڭ بىرەسى ئورۇنلانمىسا، يېنىدىكى قامچا، ئېغىرى تۈرمىگە تاشلاش. ھەتتا ئىزسىز يوقۇتىۋېتىشتەك جازالارغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.



ئىلگىرى ياڭ زېڭشىن، ھازىر جىن شۇرېننىڭ قولى بولۇپ ئىنسانى ھوقۇقتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولدۇق. كۆرگەن ئوقۇبەتلىرىمىزنى، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىمىزنى قەلەم بىلەن يېزىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس.

بىزنىڭ ھۆكۈمەتكە قويىدىغان تەلىپىمىز: ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 1917 يىلدىن بۇرۇنقى ئالاھىدە ۋىلايەتلىك ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئالتاي خەلقىنى جىن شۇرېننىڭ زۇلمىدىن ئازات قىلىشنى سورايمىز. ئالتاينىڭ ھازىرقى داۋىيىڭى ھەم دۇتىڭى جاڭ مېيۋەن خەلق ئۈستىدىكى بۇنداق ئېغىرچىلىقنى ئېلىپ تاشلاشقا قۇدرىتى يەتمەيۋاتىدۇ. جىن شۇرېننىڭ بىۋاستە ئەۋەتكەن ئادەملىرى ئالتاينىڭ ھەممە ئىدارە مەھكىمىلىرىگە ئورۇنلىشىۋېلىپ، جاڭ مېيۋەنگە يول قويمايۋاتىدۇ. جاڭ مېيۋەن بولسا خەلققە كۆيۈنىدىغان خەلقپەرۋەر ئادەم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەركەز قاچان ئالتايغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتكۈچە ئىلىك جاڭ مېيۋەننى ئالتاي ئالاھىدە ۋىلايىتىنىڭ دۇتۇڭ ھەم داۋيىڭى قىلىپ بەلگىلەپ بېرىلىسە دەپ تەلەپ قىلىمىز. ئەگەر بىزنىڭ بۇ ئەرزىمىز قوبۇل كۆرۈلمەي ئېتىۋارسىز تاشلاپ قويۇلسا، ئۇچاغدا چىداشلىق بېرەلەيدىغان ھالىمىز قالمايدۇ. ئىختىيارسىز قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ جىن شۇرېننىڭ ئالتايدىكى مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز ھوقۇقىمىزنى ئۆزىمىز قوغدايمىز ... دېگەنلەردىن ئىبارەت.

ئالتايدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە يېزىلغان چاقىرىقنىڭ مەزمۇنى ھۆكۈمەتكە يېزىلغان ئەرز بىلەن ئاساسي جەھەتتىن ئوخشاش. لېكىن مەزمۇن، قۇرۇلۇش جەھەتتىن كىشىلەرگە تەسىر قىلىدىغان، ۋىجدانىنى قوزغىتىدىغان ئەمىلى مىساللار كەلتۈرۈلۈپ چۈشەندۈرۈلگەن ۋە پۈتۈن ئالتاي خەلقىنى قوللىرىغا قورال

ئېلىپ ملىتارىست جىن شۇرېننىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىغا قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ ئالتايدىكى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدىكى بىر يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇشقا چاقىرىق قىلغان.

مەجلىستىن كېيىن ھەركەت پىلانى تۈزۈلدى:

1) مەركىزي ھۆكۈمەتكە يېزىلىدىغان ئەرىزنىڭ ئەسلى نۇسخىسى قازاقچە يېزىلىپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنسۇن. ئۇنىڭغا ئالتايدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەل باشلىقلىرى قول قويۇپ، مۆھۈرلىرىنى باسسۇن.

خەلققە يېزىلىدىغان چاقىرىق قازاقچە، موڭغۇلچە، خەنزۇچە ئۈچ تىلدا يېزىلسۇن ۋە مەركەزگە يېزىلغان ئەرىز بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈپ تېگىشلىك ئادەملەرگە ئوقۇپ بېرىلسۇن. بۇ ھۆججەتلەر ئىش باشلاش ۋاقتى ئېنىق بەلگىلەنگەندىن كېيىن تارقىتىلسۇن.

2) ئالتاينىڭ 7 ناھىيىسىنى قوغداش ئۈچۈن 2100 كىشىلىك قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇلسۇن، قوراللىق كۈچلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن دوتوك مەھكىمىسىدە يىڭۋۇچۇ (ھەربى ئىش يۈرگۈزۈش باشقارمىسى) قۇرۇلسۇن، ئۇنىڭ كۈندىلىك ئىشىنى باشقۇرۇشقا جاڭ سەنمۇجاڭ بەلگىلەنسۇن. ياردەمچىلىككە ئەھۋالغا قاراپ ئالتايدىكى ھەر مىللەتتىن بىردىن كىشى، مىللەتنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ بەزى مىللەتتىن كۆپرەك ئادەم بەلگىلەنسۇن.

3) قوراللىق كۈچنىڭ ھەقىقى سانى ۋە تەشكىلاتى مۇنداق: ھازىر لۈيىڭجاڭنىڭ قولىدىكى 600 ئادەمنىڭ كەم قىسمىنى تولۇقلاپ نەق 600 ئادەمگە يەتكۈزۈلسۇن. شىياۋمادۈينىڭ (مۇھاپىزەتچى ئاتلىق ئەسكەر) ئەسكەرلىرى 200 ئادەمگە



كۆپەيتىلسۇن. جىمىنەي، قابا، بورچىن، بۇرۇلتوقايدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى 200 كىشىدىن بولۇپ ھەرقايسى ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالمىسۇن، باشلىقلىرى يارامىلىق بولمىسا يۆتكىۋېتىپ ئورنىغا مۇۋاپىق ئادەم قويۇلسۇن. كۆكتوقاي، چىڭگىلدىكى مادارىننىڭ 300 ئادىمى شۇ ئىككى ناھىيىنىڭ ئۆزىدە تۇرسۇن، ئۇنىڭغا ياردەمچىلىككە بىر قانچە كىشى ئەۋەتىپ بېرىلسۇن. خەنەفىيەبىيسىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن يۈز ئادەم، ئەلەن ۋاڭنىڭ ئەسكەرلىرىدىن 50 ئادەم، قابا ۋە جىمىنەيدىكى خەنزۇ ئەسكەرلىرىدىن 50 ئادەم ئاجرىتىپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا كۆكتوقاي چىڭگىل قازاقلىرىدىن يۈز ئادەم ئەسكەرلىككە ئېلىپ قوشۇپ بۇقاتنىڭ قوماندانلىقىدا شۇ ئىككى ناھىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن ۋە مادارىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش ئېلىپ بارسۇن. ئالتايدىكى روسلار بىلەن موڭغۇللاردىن 200 ئەسكەر ئېلىنىپ ئۇنىڭ باشلىقلىرى ئايرىم بەلگىلەنسۇن. شەرىپقان ئالتايدىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن تەشكىللەنگەن ئەسكەرلەرنىڭ باش قوماندانى بولۇپ تەيىنلىنىپ، جاڭ مىڭيۈەننىڭ يېنىدا تۇرۇپ مەسلىھەت بىلەن ئىش ئېلىپ بارسۇن.

موڭغۇل، قازاق، روس مىللەتلىرىنىڭ قولىدا ياراق ئاز ئەمەس، ھەممىسى تامام يىغىۋېلىنىپ ھەرقايسى مىللەتلەردىن قۇرۇلغان ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بېرىلسۇن، ئوق - دورا كەم بولسا ئۇنىڭ چارىسىنى كۆرۈپ يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. شياۋ مادۈي لۈيىڭجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى تولۇق قوراللاندۇرغاندىن كېيىن تەخمىنەن 200 دىن ئارتۇق مىلتىق ئېشىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇلار خەلقتىن ئېلىنغان ئەسكەرلەرنىڭ مىلتىق يېتىشمىگەنلىرىگە تارقىتىپ بېرىلسۇن.

ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلاردىن ئېلىنىدىغان ئەسكەرلەر

هازىرچە ئايرىم - ئايرىم هالدا قۇرۇلماستىن، ئۇيغۇرلار قازاق ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىگە، تۇڭگانلار خەنزۇ ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىگە قوشۇپ تەشكىللەنسۇن، دەپ قارار چىقىرىلدى.

مەجلىسنىڭ ئاخىرقى كۈنى جاڭ مېڭيۈەن ئىشىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى بار ھەممە كىشىلەرنى چاقىرىپ ئۇلاردىن ئىككى ھۆججەت ھەم ھەركەت پىلانى توغرۇلۇق پىكىر ئالغاندىن كېيىن، ئەگەر باشقىلاردا پىكىر بولمىسا بۇ ھۆججەتلەرنى خەنەفىيەبىيىسىگە ئوقۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ ماقۇللىغىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يۇرت باشلىقلىرىغا قول قويغۇزۇپ ئىشقا كىرىشەيلى، ئىشنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىدىن مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇڭلار، ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ناھايىتى سەگەك بولۇڭلار، دەپ يوليۇرۇق بېرىپ مەجلىسنى ئاخىرلاشتۇردى.

بىز شەرىپقان بىلەن خەنەفىيەبىيىسىنىڭكىگە كېلىپ، جاڭ مېڭيۈەن بىلەن تۈزگەن پىلان ۋە ئىككى ھۆججەتنى ئوقۇپ بەردۇق ۋە تۆۋەندىكىدەك ئىشلىمەكچى بولدۇق: مەركەزگە يېزىلغان ئەرزدىن تۆت نۇسخا، چاقىرىقتىن بىر نەچچە نۇسخىنى كۆچۈرۈپ يېزىپ بۇقات سارسۇمبە، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل قاتارلىق 4 ناھىيىگە، مۇقاش بۇرچىن، قابا، جىمنەي قاتارلىق 3 ناھىيىگە بېرىپ، ئۇچرۇشۇشقا تېگىشلىك ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈپ ھۆججەتكە شەخسى مۆھۈرلىرىنى باستۇرۇپ ئېلىش ۋە ئىشەنچىلىك كىشىلەر بىلەن ئاشكارە سۆزلىشىپ خەلقنىڭ قولىدا بار مىلتىقلارنىڭ تۈرى ۋە ئوق دورىلىرىنىڭ مىقدارى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاپ تىزىملىۋېلىپ، ۋاقتى كەلگەندە دەرھال تەييار بولۇپ تۇرىدىغان قىلىپ قويۇش، قەبىلىلەردىن ئەسكەرلىككە ئېلىنىدىغان كىشىلەرنىمۇ سىرتتىن



تىزىملىككە ئېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا دەرھال سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرەلەيدىغان ھالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەخسۇس كىشىنى مەسئۇل قىلىپ قويۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مەن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىگە ئاساسەن جىمنەيگە كېلىپ مانكەنىنىڭ دادىسى قابىل تەيجى بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە يۇقۇرىدىكى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ چۈشەندۈرۈپ ھۆججەتكە مۆھۈرىنى باستۇرۇپ ئالدىم. ئاندىن ئەلەن ۋاڭغا بېرىپ ھەممە ئەھۋالنى كەڭ دائىرىدە سۆزلەپ چۈشەندۈردۈم. ئۇ ئادەم: مەن ئويلىنىپ باقاي، سەن تۆت - بەش كۈندىن كېيىن قايتىپ كەل، شەرىپقان بالدىلىق قىلىپ چاتاق چىقىرىپ يۈرمىسۇن دەپ مۆھۈر باسمىدى. مەن: ئىشىمىز ئالدىراش، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. مەن ئەتىگىچە مۇشۇ يەردە بولاي، سىز خانىمىڭىز بىلەن ئوبدان كېڭىشىپ كۆرۈڭ، بۇنىڭغا ئالتايدىكى ھەممە مىللەت خەلقلىرى قوشۇلدى، شۇڭا سىزنىڭ چەتتە قېلىشىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ كېلەچىكىڭىز ئۈچۈنمۇ ياخشى بولماس، بولۇپمۇ ئالتاينىڭ دوتۇڭى جاڭمېڭيۈەن ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ھەركەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنسىڭىز بولىدۇ، - دېدىم. ئەتىسى ئۇ كۆپچىلىكنىڭ نارازى بولۇشى ۋە جاڭ مېڭيۈەندىن قورققانلىقىدىن نائىلاج شەخسى مۆھۈرىنى بېسىپ بەردى. لېكىن مەھكىمىسىنىڭ تامغىسىنى بېسىپ بەرمىدى.

جىمنەيدىكى ئىشىم بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن بورچىنغا كېلىپ مەخمۇت بىلەن قاباغا بارماقچى ئىدىم. بۇرچىنغا كەلسەم سارسۇمبىدە زور ئۆزگىرىش بوپتۇ. ئەھۋالنىڭ قانداق بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىش ئۈچۈن ئۈچ كۈن توختاپ قالدىم. ئويلىمىغان يەردىن شەرىپقان ئۆزى زارىپ قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم بىلەن بۇرچىنغا كېلىپ قالدى.

ئەھۋال مۇنداق بولغان ئىكەن: شەرىپقان بىلەن

جاڭمىڭيۈەننىڭ ئالتايدىكى ھەركەتلىرىدىن جىن شۇرېن خەۋەر تېپىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ قوشتولۇغايدا تۇرۇشلۇق ۋۇيمىڭجاڭ دىگەنگە تېزلىك بىلەن ئالتايغا بېرىپ ليۇيمىڭجاڭنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. جاڭ مېڭيۈەن بىلەن ليۇيمىڭجاڭغا جىددى بۇيرۇق بېرىپ ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچىدىكى ۋي جىڭگو دىگەننى 200 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئالتايغا ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار فۇكاڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قۇم يولى بىلەن كېچە - كۈندۈز مېڭىپ، بىر كېچىدىلا ئالتايغا باستۇرۇپ كىرىپتۇ. بۇ چاغدا جاڭ سەنمۇجاڭ ئالتۇن كان ئىشچىلىرىدىن ئەسكەر ئېلىشقا، شەرىپقان بۇقاتنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت بولۇپ، جاڭ مېڭيۈەننىڭ قولىدا يۈزگە يەتمەيدىغان شياۋمادۇينىڭ ئەسكىرىلا قالغان ئىكەن. ئۇنىڭ ھېچقانداق تەييارگەرلىگى بولمىغانلىقتىن قورالىق قارشىلىق قىلالماپتۇ. جاڭ مېڭيۈەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئادەملەردىن ياردەم كېلىپ قالار دىگەن ئۈمىت بىلەن خىزمەت تاپشۇرۇشنى 3 كۈن كېچىكتۈرگەن بولسىمۇ ھېچقانداق خەۋەر بولمىغاندىن كېيىن ئاخىر نائىلاج ھەممە خىزمەت ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە ئۆزى ئۈرۈمچىگە بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ. خەنەپىيەبېيىسىنىڭ قولىدا 300 كىشىلىك قوراللىق ئادەم بولسىمۇ، ئۇلار ئۆي - ئۆيلىرىدە بولۇپ، دەرھال سەپەرۋەرلىككە كېلەلمىگەنلىكتىن ئۇلگۇرەلمەپتۇ.

شەرىپقان ھەممە ئىشنىڭ مۇشۇنداق ئوڭۇشسىزلىقىقا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتىپ: جىن شۇرېنغا مەخپى ئاخبارات بەرگەن كىشى خەنەپىيەبېيىسىنىڭ سەنمۇجاڭى چىڭپېنشۇ دىگەن نەرسىكەن. ئۇ كۆرۈنۈشتە «سىلەرنى قوللايمەن» دەپ، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ، ھەممە ئەھۋالنى بىلىۋالغاندىن كېيىن يوشۇرۇن ھالدا



جىن شۇرېنغا ئاخبارات يوللاپ تۇرۇپتۇ. مەن دەسلەپتىلا بۇ ئەبلەخنىڭ بەزى ئىشلىرىدىن گۇمانلىنىپ جاڭمېڭيۈەنگە ئېيتقان ئىدىم. ئۇ، ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇمۇ جىن شۇرېنغا نارازى ئادەم، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇ، دەپ ئېتىۋار قىلمىغان ئىدى، دىدى. ئۇ يەنە ئەھۋال مۇنداق بولغاندىن كېيىن مەن جاڭمېڭيۈەن بىلەن يوشۇرۇنچە كۆرۈشۈپ ئەمدى قانداق قىلىش توغرىسىدا سۆزلەشتىم. ئۇنىڭ ئېيتقىنى: تەييارلىقسىز كېچىكىپ قېلىپ ئۆلگۈرەلمىدۇق. مېنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىۋاتىدۇ. بارمىسام بولمايدۇ. لېكىن ئۇ مېنى ھېچنىمە قىلالمايدۇ. ئۈرۈمچىدىمۇ مېنى قوللايدىغان كىشىلەر بار. شۇنىڭدەك بۇ ئىشنى جىن شۇرېن تولىمۇ سۈرۈشتە قىلىپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى بىزنىڭ مەركەز بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىمىزنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولسا جىن شۇرېن ئۈچۈن پايدىسىز، بۇ مەسىلە ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مۇنازىرىگە چۈشسە، بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزنى قوللايدىغانلار شىنجاڭدىنمۇ مەركەزدىنمۇ كۆپلەپ چىقىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا جىن شۇرېننىڭ ئورنىغا خەۋپ تۇغۇلۇپ ئۇنى يۆتكىۋېتىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ گەنسۇلۇق، باشقا ئۆلكىلەردىن كەلگەنلەر ئىچىدىمۇ ئۇنى قوللىمايدىغانلار ئاز ئەمەس. مەن قاتارلىق يۇقۇرىراق مەنسەپكە ئىگە بولغان كىشىلەر ئارىسىدا جىن شۇرېن بىلەن ئۆزەڭگى تېپىشىدىغان ئادەملەرمۇ بار. شۇڭا جىن شۇرېن بۇ مەسىلىنىڭ پاتىراق بىر تەرەپ بولۇپ بېسىلىپ قېلىشىنى كۆزلەيدۇ. شۇڭا ئۇ ماڭا خەۋپ سالالمايدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن ئۇ، بۇ ئىشقا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ چېتىشلىقى بار دەپ گۇمان قىلىدۇ. ئەگەر ئالتاينىڭ يۇرت باشلىقلىرىنى قىستاپ قويسام، ئۇلارنى سوۋېت ھۆكۈمىتى قوللاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قالسا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى چوڭقىيىپ

كىتىش ئېھتىمالى بار دەپ قورقىدۇ. شۇنداقلا مەركەزگە يېزىلغان ئەرزدە «ئەگەر تەلىۋىمىز قوبۇل كۆرۈلمىسە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىمىز» دېگەن خىتاپمۇ بار. ئۇ ئەگەر شۇنداق ۋەقە توغۇلۇپ قالسا تاشقى موڭغۇلنىڭ قوبدا ۋىلايىتىدىكى قازاقلارمۇ بۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن، دەپ ئويلايدۇ. چۈنكى قوبدادىكى قازاقلار بىلەن ئالتاي قازاقلىرىنىڭ تىگى-تەكتى بىر قەبىلە، ئۇلارمۇ ئاباق كېرەي بولۇپ بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇق-تۇققان، قۇدا-باجا، باردى-كەلدىسى كۆپ بولۇپ كەلگەن خەلق ئىكەنلىكىنى جىن شۈرېن ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭلاشقا جىن شۈرېن ئالتايدىكى قازاق، موڭغۇل ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ باشلىقلىرىغا ھېچقانداق بېسىم ئىشلىتالمايدۇ. سىلەر جىن شۈرېننىڭ مۇشۇنداق ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھېچ نەرسە بىلمىگەندەك بولۇۋېلىپ تەييارلىقىڭىلارنى كۆرىۋېرىڭلار،— دە ئاندىن ئىشنى باشلاۋېرىڭلار، دېدى. ۋە يەنە، بىزنىڭ ھەركىتىمىز مۇشۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماسلىقى كېرەك. ھەممىمىز غەيرەتكە كېلىپ يېڭىۋاشتىن ئىشقا كىرىشىشىمىز لازىم. ھازىرقى ئىشىمىز مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ بۇ قېتىمقى مۇۋاپىقىيەتسىزلىكتىن تەجرىبە ساۋاق ئېلىپ ئۆلكىمىزنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە نەزەر سېلىشىمىز، باشقا جايلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشىمىز لازىم. شەرت-شارائىت پىشىپ يەتكەندە كۈچىمىزنى توپلاپ ئىشەنچىلىك ھالدا ئىشقا كىرىشىشىمىز لازىم. ھازىرچە سەزگۈرلىكىمىزنى ئاشۇرۇپ جىن شۈرېننىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئاخبارات توپلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ كۆزىگە كۆپ چېلىقماي تىنچ بولۇپ تۇرۇشقا دىققەت قىلايلى، دېدى

كۆپ ئۆتمەستىنلا شەرىپقاننى "ئۈرۈمچىگە كېلىپ ھۆكۈمەت



ئىشلىرىغا ياردەملەشسۇن" دېگەن ئۇقتۇرۇش كەلدى. قايتا-قايتا چاقىرتىلىۋەگەندىن كېيىن، شەرىپقان بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن ئۈرۈمچىگە بارمىسام جىن شۈرېننىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرسام ئاندىن ئۇ خاتىرجەم بولىدۇ. بۇ يەردىكى تەييارلىق ئىشلىرىمىزغىمۇ قولايلىق پۇرسەت تۇغۇلىدۇ. مەن ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ئۆلكىمىزنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەردار، ئەقىل-پاراسەت ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرەلەيدىغان ئادەملەر بىلەن ئۇچرۇشۇپ، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى قوزغىلاڭ كۆتىرىشىمىز توغرىسىدا ۋە بۇ ئىشىمىزنى ئۆلكىمىزدە بولىۋاتقان جىن شۈرېنغا قارشى ھەركەتلەر بىلەن قانداق بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا مەسلىھەت ئالسام كېيىنكى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن مەلۇم پايدىسى بولار. مەن ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن جىن شۈرېن مېنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ قايتۇرماسلىقى جەزمەن. شۇڭا سەن بىللە بېرىپ ئەھۋالنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ قايتقىنىڭ ياخشى بولارمىكىن دېگەن ئويغا كەلدىم» دېدى. مەن بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ ئۈرۈمچىگە بىللە بارىدىغان بولدۇم.

بىز 1930-يىلى 5-ئايدا ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. شەرىپقان ئائىلىسىنى جېمنەيدە قالدۇرۇپ، سىڭلىسىنىڭ ئېرى سېيىتقان ۋە كاناۋۇيى تاش موللانى ھەمرالىققا ئالدى. سېيىتقان ئېغىر بېسىق، ھەر قانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان پىششىق يىگىت ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئاتلىق يول يۈرۈپ 15 كۈندە ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. بىزنىڭ كېلىشىمىزدىن ئالدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان بۇرھان شەھىدى، ھەيدەر سەيرانى،

باي موللا قاتارلىق كىشىلەر ۋە باشقا تونۇش - بىلىشلەردىن نۇرغۇن ئادەملەر يىغىلغان تاش دىگەن يەرگىچە چىقىپ بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن.

شەرىپقان ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن جىن شۇرېن ئۇنى قوبۇل قىلىپ: «سەن ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ گوۋىنى بولۇپ ئىشلىگەن ئىكەنسەن، مەن شۇ خىزمىتىڭنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم. ئەمدى ماڭا ياردەملىشىپ موڭغۇل - قازاق ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئىشلاردا مەسلىھەت كۆرسىتىپ تۇر» دىگەن ياسىما سۆزلەرنى قىلىپ، ئائىلەڭنى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلگىن، دەپ يوليورۇق بەردى. دىمەك ئۇ مۇشۇنداق بىر قاپقاننى قۇرۇپ شەرىپقاننى ئۈرۈمچىدىن باشقا ياققا چىقالمايدىغان قىلىپ قويدى.

شەرىپقان ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن تېزلا ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا بولىۋاتقان ئەھۋاللارنى بىلىۋالدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە جىن شۇرېن بىلەن قومۇل ۋاڭى شا مەخسۇتنىڭ زۇلمىغا قارشى خوجا نىيازھاجى يېتەكچىلىكىدىكى قومۇل دىخانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ جىن شۇرېن ۋە شا مەخسۇتنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئېغىر تەھدىت سېلىنىۋاتقان ۋاقىت ئىدى.

قازاقلارنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك: ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قاراشلىق چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق قازاق چارۋىچى خەلقلىرى، جىن شۇرېننىڭ ئېغىر زۇلمىغا چىداپ تۇرالماي تىنچ ۋە ئەركىنراق ياشاش يولىنى ئىزدەپ شەرققە قاراپ توپ - توپى بىلەن كۆچۈپ باركۆل ناھىيىسىگە كەپتۇ. بۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرققە قاراپ



كۆچۈپ، گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭلارغا بارساق تىنچ - ئەركىن تۇرمۇش كۆچۈرگىلى بولار دىگەن ئۈمىت بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە كىرىشىپتۇ.

جىن شۇرېن بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئىلگىرى ئالتايدىكى قوزغىلاڭ قىلىش ھەركىتىمىزدىن مەخپى ئاخبارات بېرىپ تۇرغان چىڭ پىنشو دىگەننى شەرقى يولنىڭ باش قوماندانلىقىغا بەلگىلەپ، كۆچكەن قازاقلارنى توسۇشقا ۋە باستۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ.

شەرىپقان پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسىدە بولىۋاتقان ھەر خىل سىياسى ۋەقەلەرنى بولۇپمۇ قومۇلدىكى ئۇيغۇر دىخانلىرىنىڭ قوزغىلىڭىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئالتايدا ئېلىپ بارغان ھەركەتلىرىنى تەھلىل قىلدى ۋە بۇنىڭدىن تېگىشلىك تەجرىبە ھاسىل قىلىپ ماڭا مۇنداق دىدى: قومۇلدىكى قوزغىلاڭ ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى، بىزنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قېلىشىمىزنىڭ مۇھىم سەۋەبى خەلق ئاممىسىنى ئويغۇتۇپ كەڭ تۈردە سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرەلمىگەنلىكىمىزدە، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئىشىنىشىمىز ۋە ئۇلارنى ئارقا تىرەك قىلىشىمىز بەكمۇ يېتەرسىز بولدى. ھەممە ئۈمىدىمىزنى ئاز ساندىكى يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئىناۋىتىگە ۋە ئۇلاردىكى قوراللىق كۈچقا تايىنىپ شۇ يول بىلەن ئىنقىلاۋى مەخسەتكە يېتىمىز دىگەن قۇرۇق خىيالغا بېرىلدۇق. قومۇلدىكى قوزغىلاڭنىڭ ئالتاي خەلقىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ، بۇ ئەھۋال مۇندىن كېيىن ئالتاي خەلقىنىڭمۇ بېشىغا كېلىشىدە گەپ يوق. يېقىندا كۆچۈپ كەلگەن قازاقلار چىڭ پىنشۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشۇپ تۇرۇپ قومۇل چېگىرىسىدىن

ئۆتۈپ گەنسۇغا قاراپ ماڭغاندا قانلىق قىرغىنچىلىققا ئۇچراپتۇ.
مەن بۇ يەردىكى تونۇش كىشىلەردىن بىر ئىككى ئادەم تېپىپ
باركۆل، قۇمۇلغا ئەۋەتىپ ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئەھۋالىنى
بولۇپمۇ قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە يەتكەنلى-
گىنى ئېنىق بىلىپ ئاندىن كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىگە
ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر ئالىمەن. ئەمدى سىلەر سودا قىلىش
ئۈچۈن ئالغان نەرسە كېرەكلىرىڭلارنى ئالتايغا ئېلىپ بارغان-
دىن كېيىن، سودىگەرچىلىك قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ
تۇرۇپ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئارقىلىق
يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەمىلى ئەھۋاللارنى كەڭ تۈردە تەشۋىق
قىلىپ، قۇمۇلنىڭ بۈگۈنكى كۈنى ئالتاينىڭ ئەتىكى كۈنى
بولىدىغانلىقىغا بارلىق پۇقرالارنى ئىشەندۈرۈشىڭلا لازىم. كېيىن-
كى ئىشلارنى قانداق قىلىش مەسىلىسىنى ئۆز ۋاقتىدا شارائىت
بىلەن ھىساپلىشىپ پات-پات خەۋەرلىشىپ ھەل قىلارمىز.
سېيتقان سەن بىلەن قايتىپ بالا-چاقامنى ئېلىپ كەلسۇن،
مېنىڭ قېشىمدىمۇ بىر ئىشەنچىلىك ئادەم بولۇشى كېرەك
سېيتقانمۇ مەن بىلەن بىللە بولۇشقا ماقۇل بولدى. پوچتىغا
خەت سالساڭ، تىچ-ئامانلىقىڭلا ياز. خەتنى تەكشۈرىدۇ.
مۇھىم ئىش بولسا مەخسۇس ئادەم ئېۋەتىش ئارقىلىق ئەھ-
ۋاللىشايلى دەپ بىر قاتار يوليورۇقلارنى بەردى. مەن شەرىپقان-
نىڭ يوليورۇغى بويىچە 1930-يىلى 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا
جېمنەيگە قايتىپ كەلدىم. ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەلگەن مالنى
ئىشىمىزنى يۈرگۈزۈشنىڭ نۇقتىلىق جايلىرى بولغان بورچىن،
قابا، جېمنەيدىن ئىبارەت 3 ناھىيىگە تەقسىم قىلىپ تېرە-
يۇڭ سېتىۋالىدىغان سودىگەر سۈپىتىدە ئىشقا كىرىشتۇق.
ئۈچرۈشۈشقا تېگىشلىك ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈپ شەرىپقاننىڭ
سالاملىرىنى يەتكۈزدۈك.



ـۇقاتنىڭ ئاۋۇلىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىمىزدىن
كېيىن ئۇ مۇنداق دېدى: ئىشنى ئەمدى كىچىكتۈرمەسلىك كې-
رەك، ھەممە شەرت-شارائىتنى تەلتۆكۈس ھازىرلايمەن
دەپ ساقلاپ تۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. «ئىش يۈرۈپ كېتىۋېتىپ
تۈزۈلىدۇ» دېگەن تەمسىلمۇ بار. قالغان يېتىشمەسلىكلەرنى ئىش
ئۈستىگە كەلگەندە تولۇقلاپ ئالىمىز. سەن يۇغان باشقا خەۋەر
قىل (شەرىپقاننى چاقچاق قىلىپ يوغان باش دېيىشەتتى) ئۈرۈم-
چىنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسىگە بېرىلىپ يېتىۋەرمەي بىر ئىلاج قىلىپ
ئالتايغا قېچىپ كەلسۇن. ئۇ كەلسە ئۇنىڭ سۆزىدىن باش تار-
تىدىغان كىشى يوق. مىنىڭ ئېيتىدىغان سالىمىم شۇدىدى.
1931-يىلى 3-ئايدا قۇناپىيە دېگەن ئادەمنى ھەمرا
قىلىپ ئەڭ يېقىن يول بىلەن 10 كۈن يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە
كەلدۇق. شەرىپقاننى شەھەردىن سىرتقا چىقارماي نازارەت ئاس-
تىدا تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. مەن كېلىپ كۆرگەن بىلگەنلى-
رىمنى ۋە باشقىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى بايان قىلدىم. شەرىپ-
قان بىر نەچچە كۈن ئويلۇنۇپ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن
مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ماڭا مۇنداق دېدى: ئالتايدىكى ئې-
غىر ئەھۋال شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئوخشاش بولىۋاتى-
دۇ. بىراق خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى كەيپىياتى ھەممە يەردە
ئوخشاش ئەمەس، بەزى جايلاردا بەگ، ئامباللار، چوڭ يەر ئى-
گىلىرى ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن جىن شورېن ھۆكۈ-
مىتىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىمەكتە ۋە ئۇنىڭغا ئارقا تېرەك بول-
ماقتا. قومۇلدىكى دىخانلار قوزغىلىڭى ھېلىغىچە تاغ ئىچىدىن
چىقىپ كېتەلمىدى. ئالتاينىڭ كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرى-
دىن كۆچۈپ كېلىپ گەنسۇغا ئۆتۈپ كىتالماي قالغان بىرقىسىم
قازاق چارۋىچىلىرى ھېلىغىچە چىڭ پىنشۇ بىلەن ئۇرۇش قى-

لىشىپ تۇرۋاتقىدەك. خوجىنىياز ھاجى ئۆز كۆچىگە
چوڭراق ئىش قىلالماي گەنسۇدىكى گومىنداڭ 36 - شىسىنىڭ
سىجاڭى مـا جۇڭيىڭ بىلەن فوسىجاڭى مـاخىيىڭنى يـاردەمگە
چـاقىرىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. مەن ھازىر سار مـوللا دىگەن كى-
شىنى يۇشۇرۇنچە كۆكتوقاي، چىڭگىلگە ئەۋەتىپ ئـۇ يەردىكى
كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتىم. سىلەر يەنە سودىگەرچى-
لىك قىلىش قىياپىتىدە ئـالتايغا قايتىپ بېرىپ ئېھتىياتچان-
لىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىڭلار، ھـەرگىزمۇ ئـالدىراقسانلىق
قىلماڭلار، دىدى.

بىز جىمىنەيگە يېتىپ كـەلگىنىمىزدىن كېيىن، شەرىپ-
قاننىڭ يولىيۇرىغى بـويىچە ئېھتىيات بىلەن ئىش ئېلىپ بار-
غان بولساقمۇ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزدىن خەۋەر تاپقان، جىمى-
نەي ناھىيىلىك يامۇلدىكى ئەمەلدارلار كەينىمىزگە پايلاقچى سېلىپ
قويۇشقا باشلىدى.

جۇملىدىن ئـالتاينىڭ ھەممە ناھىيىلىرىدە، ھـەر خىل
باھانىلار بىلەن قولغا ئېلىنىشلار، ۋە بـەزى ئادەملەرنىڭ ئىز-
سىز يوقۇلۇپ كېتىشىدەك ۋەھىمىلىك ئەھۋاللارمۇ پەيدا بولۇش-
قا بـاشلىدى. شۇڭا بىز ۋاقىتنى كېچىكتۈرۈشكـە بولمايدىغان-
لىقىنى مـۆلچەرلەپ، شـەرىپقاننىڭ تېزرەك قـايـتىپ كېلىشى
ئـۈچـۈن خـەۋەر بېرىشىمىز كېرەك، دىگەن قـارارغا كېلىشتۇق.

## شەرىپقاننىڭ ئۈرۈمچىدىن قېچىپ كېلىشى ۋە قوزغىلاڭ تەييارلىقى

1933 - يىلى 1 - ئـاينىڭ 21 - كـۈنى ساۋەن، مـانـاس
قاتارلىق جـايلاردىن گـۇرۇچ ئېلىپ كېلىشنى باھانە قىلىپ



يـۆلىنىخـەلقتىن 8 تۆگە كىرا قىلدۇق ۋە 4 كىشىنى ھـەمرا قىلىپ
يولىغا چىقتۇق. بىز قـوشتۇلغايغا كەلگىنىمىزدە ئارقىمىزدىن
شەرىپقاننىڭ بۆكەن دىـگەن بىر ئـادىمى قوغلاپ يېتىشتى
شەرىپقان: «مەن ئۆيگە كېلىپ بولدۇم، تېز قايتىپ كېلىڭلار»
دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز كىشىلەر بىلەن تۆگىلەرنى ئالتايغا
قايتۇرۇۋېتىپ ئۆزىمىز شەرىپقاننىڭ ئاۋۇلىغا بـاردۇق. شەرىپقان
بالا - چاقىلىرى بىلەن ئامان - ئىسەن يېتىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇنىڭ
ئۈرۈمچىدىن قېچىپ چىقىش جەريانى مۇنداق بوپتۇ: ئۈرۈمچىگە ئە-
ۋەتىلگەن سېيىتقان باشلىق 3 كىشى بـارغاندىن كېيىن، جىن-
شورېن بۇلارنىڭ كىلىشىدىن خەۋەر تېپىپ يوشۇرۇن نـازارەت-
چىلەرنى قويۇپتۇ. شەرىپقاننىڭ بالا - چاقىسى نەنسەندە ئىكەن،
شەرىپقان جىن شورېننىڭ گۇمانىنى پەسەيتىش ئۈچۈن نەنسەن-
دىكى بالا - چاقىلىرىنى ئـۈرۈمچىگە ئـالدۇرۇۋېلىپ سېيىتقانلار-
نى ئالتايغا قايتۇرۇۋەتكەن بوپتۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت، باشقىلارنىڭ
ئالدىدا ئالتايدىن كەلگەن ئادەملەرنى قايتىپ كەتتى قىلىپ كۆر-
سۈتۈش بولۇپ، ئەمىلىيەتتە سېيىتقانلار ئۈتۈنكۈزا دىگەن يەردىكى
پاتىچى ساۋدابايى دىگەن قېرىندىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ يـوشۇرۇنۇپ
يېتىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شەرىپقانغا بـولغان
نازارەتبىر ئاز بوشۇشۇپ قاپتۇ. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سېيىتقان
ئۆزى يوشۇرۇنچە كېلىپ، نەنسەندە تۇرۇشلۇق كوپىيبايىنىڭ يىلـ-
قىسى ئىچىگە يوشۇرۇپ قـويغان شـەرىپقاننىڭ ئىككى ئېتىنى
ئېلىپ شـەرىپقاننى بىر كېچىدىلا ئـۈرۈمچىدىن ئېلىپ چىقىپ
كېتىپتۇدە قارا سۇكىسۇۋول يولى بىلەن كېچە - كۈندۈز توخ-
تىماي مېڭىپ 9 كۈندە ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ.

شـەرىپقان بىزگە مـۇنـداق دىدى: ئـەمدى قـوزغىلاڭنى
باشلاش كېرەك، سـەن سارسۈمبىگە بېرىپ ۋي جىڭگوننىڭ قان-

چىلىك ئەسكىرى كۆچى بار، قالۇتان، چوكقۇر، قۇم قاناستىكى
كىرجاك ئۇروسلارنىڭ ۋېيجىڭگو بىلەن ھەربى ئىشلار جەھەتتە
مۇناسىۋىتى قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەل. بۇقات بىلەن
كۆرۈشۈپ مىنىڭ سالاملىرىمنى يەتكۈز، ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ،
كۆك ئۆيدىكى خۇيزۇ ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى مادارىنىڭ نى-
مە قىلىۋاتقانلىقى ھەم ئۇنىڭ مەيدانى قانداقلىقىنى سىناپ
كۆرسۇن، ئەھۋالدىن ماڭا تىزراق خەۋەر بەرسۇن، كۆكتوقاي
بىلەن چىڭگىلگە ئۆزەم مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر ئالى-
مەن. بۇقات سەلىمباقى، ئومۇرازاق زەڭگىلەر بىلەن جىددى
مۇناسىۋەت باغلاپ قوراللىق كۈچلەرنى يىغىپ ئات ۋە ئوزۇق-
لارنى تولۇق تەييارلىسۇن. ئۇرۇمچى تەرەپتىن ما جۇڭيىڭ
ئالتايغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىشى مۇمكىن، ئەگەر
كەلگەن ئادەملىرى ھالال نىيەت بىلەن ھەقىقى ياردەمگە كەل-
گەن بولسا ئۇلارنى قارشى ئېلىش بىلەن بىللە ئىشلىسۇن.
باشقا نىيەتتە بولۇپ ئولجا ئېلىش مەقسىدىدە تالان - تاراج
قىلسا ئۇلاردىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، ھەركىتىمىزنىڭ بۇزغۇن-
چىلىققا ئۇچراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ھوشيار تۇرسۇن،
قومۇلغا كەلگەن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى خوجىنىياز ھاجى بى-
لەن قورال - ياراق تالىشىپ بەزى يەرلەردە ئويلىمىغان زىيان-
لارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ. جىن شورىن ئۆزىنىڭ يۇرتلىقى-
لىۋ شاۋزۇ دىگەننى ئىچكىرىسىگە ئەۋەتىپ شىڭ شىسەي دىگەن-
نى ئالدۇرۇپتۇ. بۇ ئادەم ياپونىيىدە ئوقۇغان ھەربى مۇتەخەسسىس
ئىكەن، بۇنى چىڭ پىنشۇنىڭ ئورنىغا شەرقىي يولنىڭ باش
قوماندانلىقىغا بەلگىلەپتۇ دىدى. مەن بۇ خەۋەرلەرنى بۇقاتقا
يەتكۈزدۈم. بۇ قات كۆك توقاي، چىڭگىللەرگە ئادەم ئەۋەتىپ
شەرىپقاننىڭ كەلگەنلىكىنى، مۇندىن كېيىن قانداق قىلىش



لازىملىقىنى، مۇھىم مەسىلىلەردە مەسلىھەتلىشىپ تۇرۇش
ئۈچۈن مەزكۇر ناھىيىدىكى باشلىقلار دائىم ئالاقە باغلاپ
تۇرۇش لازىملىقىنى تاپشۇرۇپ خەت يازدى.

بۇقات: خەلق ھەممىسى تەييار تۇرىۋاتىدۇ. ئەمدى
سەۋىر قىلىپ بولمايدۇ، ئەركىنلىككە يەتسەك دەپ تەشنا بولغىلى
خېلى يىل بولدى. شۇڭا ئىشنى كىچىكتۈرمەي باشلاش كېرەك.
شەرىپقان ئۇچۇق ئاشكارا ھالدا خەلققە چاقىرىق چىقىرىپ
ۋېيجىڭگوغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭنى باشلىسىلا ئۇنىڭدىن
باش تارتىپ تۇرىدىغان ئادەم يوق، ھەممىمىز بىر كۈندىلا
سەپەرۋەرلىككە كىلىمىز دەپ ئىشەنگىلى بولىدۇ. ھازىرقى
ۋەزىيەتتە بىرەر - يېرىم ئادەم يالغۇز ماڭالمايدىغان، مال ئەمەس
جانىدىنمۇ ئۈمىت يوق بولۇپ قالدى. مادارىن بولسا ۋېيجىڭگوغا
تازا يېقىن كىشى، بۇ نەرسە كېيىن يۇقارقى ناھىيىنىڭ ئەس-
كەرلىرىنى تۆۋەنگە ئۈتكۈزمەي تورىۋالىدىغان توساق بولۇپ قالار
مىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن. بورۇلتوقايدىكى ئۆمۈرازاق زەڭ-
گىنىڭ بالىسىغا ئۈتۈنكۈزىدىكى دوستى مالو دىگەن تۇڭگان:
گاسلىڭ (ماجوڭ يىڭنى دىمەكچى) خوجىنىيازھاجى بىلەن بىرلىشىپ
ئالتايغا 500 ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قازاقلار بىلەن بىرلىشىپ
ۋېيجىڭگونى ئاغدۇرۇپ سارسومبىنى بېسىپ ئالىدۇ، دەپتۇ. مەن
ئادەم ئەۋەتىپ بارلىق ئەھۋالنى ئىگەللەپ ئاندىن شەرىپقانغا
خەۋەر قىلىمەن. بۇ تەرەپتىكى ئىشلار توغرۇلۇق ماڭا ئىشەن-
سۇن، 29 - يىلدىكىدەك سۇسلۇق قىلماستىن مەنمۇ جىددى
ھەركەت قىلىپ دىگەن يەردىن چىقىمەن - دىدى.

بۇقات بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن سارسۇمبىگە كەلدۇق،
ۋېيجىڭگونىڭ مېڭىش تۇرۇشى جىددىلىشىپ قاپتۇ. كۆك
ئۆيدىكى مادارىننى يېنىغا ئەكىلىۋاپتۇ. جېمىنەيدىكى شۆي

ليەنجاڭنى بىرەر يۈز ئادىمى بىلەن سارسۇمبىگە يۆتكەپ
قابادىكى قارا پەيجاڭ يۈز ئادىمى بىلەن كەپتۇ، بۇرچىندىكى
شاۋيىڭجاڭ قول ئاستىدىكى كىرجاك ئورۇسلىرى قوشۇلۇپ 00
ئادەم قوراشتۇرۇپ بۇرچىننى ساقلاۋېتىپتۇ. ۋېي جىڭگو يىڭشۇچ
قارىمىقىدىكى ئاۋ يىڭجاڭنىڭ ئادىمىنى تولۇقلاپ 800 گە
يەتكۈزۈپتۇ، بۇرچىندىكى كىرجاك ئورۇسلار بىز بۇرچىننى
ساقلايمىز دەپ 260 ئادەم بېرىپتۇ. ئۇنىڭ باشلىقى چارروسىيە
قاچاق ئەسكەرلىرىنىڭ ئوفېتسېرى بولغان ئوشكوپ دىگەن
ئىكەن. دىمەك سارسۇمبىگە توپلانغان ئەسكەرلەر تەخمىنەن
1250 نەپەرگە يېقىن بولۇپ ئىلگىرىدىن ساقلىنىپ كەلگەن
مىڭغا يېقىن مىلتىق بار ئىكەن. مىلتىقنىڭ كۆپىنچىسى
ياپون بەش ئاتارى بولۇپ ئوقلىرى كامدەك قىلىدۇ. شەھەر
ئىچىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، يەرلىك خەنزۇ پۇقرالىرى-
نىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقى ياخشى، لېكىن باشقا يەردىن كەلگەن
خەنزۇ، روس ئەسكەرلىرىگە ئىشەنچىلىرى ئاز، شەھەر خەلقى
بىر خىل قورقۇش كەيپىياتى ئىچىدە تۇرۇپتۇ. 3 - 4 كۈن
سارسۇمبىدە تۇرغاندىن كېيىن تۆگىلەرنى جىمىنەيگە قايتۇرۇ-
ۋېتىپ ئۆزەم شەرىپقانىڭكىگە باردىم. كۆرگەن - بىلگەن
ھەممە ئەھۋالدىن دوكلات قىلدىم. شەرىپقانمۇ كەلگەندىن
بۇيان جىمىنەيدە بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى:
ئەلەن جۇڭۋاڭنىڭ قولىدىكى مىلتىقلارنى ئۇنىڭ سەنمۇجاڭى
ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. جىمىنەيدىكى شۇي ليەنجاڭنىڭ
خىزمىتىنى قېرى جاڭ پەيجاڭ، زومىگەر يەر ئىگىسى تاما-
شاڭيۇ، پاكار جاڭ لاۋسەن، كۆك ماڭلاي قاتارلىق تۆت كىشى
بىللە باشقۇرىدىكەن، ئۇلار ھازىر 300 دەك ئەسكەر ئاپتۇ،
لېكىن مىلتىقى پەقەت 150 دانە ئىكەن، كۆكماڭلاينىڭ



چالچىقايدىكى جاڭزىسىغا 30، تاما شاڭيونىڭ بايكوشىكتىكى
جاڭزىسىغا 120 ئادەم قويۇپ قالغان 200 گە يېقىن ئادەمنى
جىمىنەيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. قېرى جاڭپەيجاڭ بىلەن يۇقۇرىدا
ئاتالغان زومىگەرلەر ئاق قوجا شاماي ھەم يامۇلدىكى موڭغۇل،
قازاق چاپارمانلار بىرلىشىپ بىر گورۇھ بولۇشۇۋاپتۇ. ئۇلار
قازاق، موڭغۇل، ئۇيغۇر خورجالىرىنىڭ ئاشلىقلىرىنى بولاپ
تارتىۋېلىش جەريانىدا بىر قانچە ئادەمنى ئېتىۋېتىپتۇ.

قېرى جاڭ پەيجاڭ قازاقلارنىڭ ئىچىدە ئاققوجادىن
باشقا ياخشى ئادەم يوق، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇللار دىھقانچى-
لىقنى بىلمەيدۇ، ئۇلاردىكى يەرنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋېلىپ
خەنزۇلارغا ئېلىپ بېرىمەن دەپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ
خەلقنىڭ غەزىۋىنى قوزغاۋېتىپتۇ. ئەمدى مەن سىلەرگە جىمى-
نەينىڭ ئىشلىرىنى تاپشۇراي، ئەھۋالغا قاراپ ئىش ئېلىپ
بېرىڭلار. مەن يەنە باشقا ناھىيىلەرگىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ
يولىيورۇق بېرىمەن، سىلەر ئالدى بىلەن ۋاقىتلىق بىر ھەربى
كومىتېت قۇرۇڭلار، يۇرت ئىچىدىكى بىز تەرەپتە تۇرىدىغان
كىشىلەرنى مۇشۇ ھەربى كومىتېتقا قاتناشتۇرۇڭلار، ئىككىنچىدىن
خەلق ئىچىدىن ساغلام ۋە چىۋەر ياشلاردىن تاللاپ ئەسكەر
ئېلىڭلار، قوراللىق ئەسكىرى كۈچنى تەييارلىغاندىن كېيىن،
ئۇلارغا ئوبدان تەلىم تەربىيە بېرىش كېرەك. خەلققە تەشۋىق
قىلىپ قورالى بارلار قورال بىلەن، يوقلار كۈچى بىلەن
ياردەملىشىپ مۇمكىن بولۇشىچە قورال - ياراق، ئوزۇق - ئوقەت
ۋە مىنىدىغان ئات مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېلىش كېرەك.
ئۈچىنچىدىن قوزغىلاڭ جەريانىدا يامۇلدىكى تۆرە ئەمەلدارلارنىڭ
مال مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ بايلىقى
خەلقنىڭ قان تەرى بەدىلىگە توپلانغان. شەرتسىز تارتىۋېلىپ

خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىش كېرەك. بۇنىڭ
ئىقتىسادى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان بىر ئورگان قۇرۇپ، مەخسۇس
ئادەمنى مەسئۇل قىلىپ قويۇش كېرەك، ئۆتمىچىدىن دىنى زاتلا
ۋە ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ ئۇلاردىن
توغرا پايدىلىنىش لازىم. مېنىڭ بۇ دىگەنلىرىم قانداق
بولمىسۇن مۇشۇنداق ئىشلەش كېرەك دىگەنلىك ئەمەس
ئەمىلى ئىش جەريانىدا پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئېلىپ ئىشلەش
لازىم. ئۇنى ئىش ئۈستىدە مۆلچەرلەپ ئېلىشقا بولىدۇ، دىدى.
بىز شەرىپقانىنىڭ بۇ يوليورۇغىنى ئېلىپ ئەلگە قايتىپ
كەلدۇق.

## قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىشى

ئەلگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىز شەرىپقانىنىڭ
يوليورۇغى بويىچە خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئالدى بىلەن ئەل
ئىچىدىكى قېرى، مېيىپ ئادەملەر ۋە خوتۇن بالا-چاقىلار-
نى قىشلاقلارغا كۆچۈردۇق. يارامىلىق 40 ئادەمدىن
بىر قوراللىق ئەترەت تەشكىللەپ لاستى دىگەن جايدا ھەربى
مەشىق قوردۇق. مۇھەممەت سىدىق بىلەن مەسالىمنى باشلىق،
مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ 40 كىشىنى 4 كىچىك دۈيگە بۆلۈپ
بىردىن دۈيجاڭ بەلگىلىدۇق، ئاندىن رەھبەرلىك ئورگىنى
قۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆزەم باشلىق بولدۇم، ئەزالىقىغا مانكەن،
نازاربەك، توختاۋ، باستاۋباي، خامزا قاتارلىق ئادەملەر كىرگۈ-
زۇلدى. بەش كۈن ئىچىدە بىر نەچچە يۈز ئادەم شىتابى-
مىزغا كېلىپ ئەسكەرلىككە تىزىملاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن
تېنى ساغلام، يارامىلىق بولغانلىرىدىن 150 كىشىنىڭ ئەسكەر



...بولۇش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدۇق. شەرىپقان بىزگە بادەملە-
...شىش ئۈچۈن 3 كىشىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى ئىلگىرى
...ھەربى خىزمەتتە بولغان ئەھمەد دىگەن كىشى بولۇپ
...يېشى 50 ياشلاردا جىسمانى تەرەپتىن ساغلام، چىرايى
...سۇرلۈك، كېلىشكەن ئادەم ئىكەن، ھەم مەرگەن ئىكەن. شۇڭا
...ئۇنىڭغا ئەسكەرلىرىمىز دەرھال «قاراباتۇر» دەپ ئات قويۇۋالدى.
...ئۇ شىتابىمىزغا مەسلىھەتچى بولدى. قالغان ئىككىسى
...ئەسكەرلىرىمىز قاتارىغا كىرگۈزۈپ تىزىملاندى.
شىتابىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن مەسىلىم 20 ئەسكەرنى
ئېلىپ جارلىقاپ تېغىغا بېرىپ، شاماي بىلەن تاما شاڭيونىڭ
200 قوي، 30 كالىسىنى ھەيدەپ كەلدى.
بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئىشىمىزدىن شەرىپقانغا دوك-
لات بېرىش ئۈچۈن نازاربېك دەمجاننى ئەۋەتتۇق، شەرىپقان
بىزگە: «بۇقاتتىن ماڭا يېقىندا خەۋەر كەلدى، مېنىڭ يۇقارقى
ئەلگە يازغان خېتىم ئۆلگۈرۈپ بېرىشتىن بۇرۇن بۇرۇلتوقايدىن
ئېلىنغان خەۋەردە ئۇرۇمچىدىن جىرتاق ليو دىگەن بىلەن 6
خوۋزۇ بۇرۇلتوقايغا كەپتۇ. ئۇلار بىزنى ماجۇڭيىڭ ئەۋەتتى.
كەينىمىزدىن يەنە 500 كىشى كېلىدۇ. بۇ ئادەملىرىمىزنى
قازاقلار بۇرۇلتوقايدا كۈتىۋالسۇن، ئەگەر خەلق تەييارلىنىپ
بولغان بولسا بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنى ساقلىمايلا ئۇرۇشنى باش-
لاۋېرىشكە بولىدۇ. ماجۇڭيىڭ بىزنى شەرىپقانىنىڭ رەھبەرلىكىدە
ئىشلەڭلار دەپ ئەۋەتتى دەپتۇ. لېكىن بۇلار ماجۇڭيىڭ ئەۋەت-
كەن ئادەملەر ئەمەستەك تۇرىدۇ. سىزنىڭ خېتىڭىزنى كۆرگەن-
دىن كېيىن ئالدىراپ تۇرغان سەلىمباقى ئۇكرداي بىلەن ئۆمۈر
رازاق زالىڭ 200 دەك ئادەم بىلەن قوزغىلىپ كەتتى.
خەلىل، ئالىم، ھاكىم، ئېرىسقانلارغا ئەۋەتكەن ئادەملە-

رىم تېخى قايتىپ كەلمىدى. مەن ئۆز كىشىلىرىمنى تولۇقدىن
سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ تەييار تۇرۇپتىمەن. قىسقىسىنى ئېيت-
قاندا ئالتاي خەلقى سىزنىڭ كەلگەن خەۋىرىڭىزنى ئاڭلاپلا
سەپەرۋەرلىككە كەلدى، دەپتۇ. سىلەر تاما شاڭيۇلارنىڭ مىلىسىنى
ھايداپ كەتكىنىڭلار ياخشى بوپتۇ. زومىگەرلەرنى يوگەنلەش
كېرەك. ئەمدى سىلەر بايكوشىكتىكى جاڭ پەيجاڭغا ۋە جىمى-
نەيگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن جىددى تەييارلىق قىلىڭلار، مې-
نىڭ سارسۇمبىگە ھۇجۇم قىلىشىم بىلەن ۋاقتى بىردەك بولسۇن.
يۈرۈش قىلىش ۋاقتىدا ئۆزەممۇ خەۋەر قىلىمەن» دەپ يوليورۇق
بېرىپتۇ.

نازاربېك قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بايكۇشىك، توپ
تېرەك قاتارلىق يەرلەردىكى دىخانلار تاغ تەرەپكە كۆچۈپ
كەتتى. قېرى جاڭ پەيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى دىخانلارنىڭ ئۆي-
لىرىنى ئېچىپ ئاشامقىلىرىنى ئېلىۋېلىپ، يوق بانىلار
بىلەن ئىلگىر - ئاخىر ئۆلتۈرگەن ئادەملىرىنىڭ سانى 13 كە
يېتىپتۇ. تاما شاڭيۇ بىلەن شامايىنىڭ مىلى تارتىۋېلىنغاندىن
كېيىن قورقۇپ سىرتقا چىقالماس بولۇپ قاپتۇ. بىز بۇ ئەتراپتىكى
ئادەملەرنى كۆپرەك قوشۇۋېلىشقا ئۇزۇق - تۈلۈك قىيىنچىلىقى
بولغانلىقتىن پەقەت 50 ئادەمنىلا ئېلىپ قېلىپ قالغانلىرىنى
ۋاقتىنچە ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋەتتۇق. ئەسىر چۈشكەن يامۇل
ئەمەلدارلىرىنى مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ قارىتىپ قويدۇق.
جىمىنەي شەھەر ئىچىگە يوشۇرۇن ئادەم كىرگۈزۈپ بارلىق
ئەھۋاللاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇردۇق.

بەش - ئالتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شەرىپقان شەرىپ باشلىق
20 نەچچە ئادەمنى ئەۋەتىپتۇ. بۇلار بىزگە بايكوشىك ۋە جىمىنەي-
گە ھۇجۇم قىلىشتا ياردەم بەرمەكچى ئىكەن. شەرىپقان بۇلار-



ئىۋەتكەن خېتىدە؛ بۇ قاتتىن ئادەم كەلدى، سەلىمباقىنىڭ
200 ئادىمى ۋە مېنىڭ 400 ئادىمىم بىرلىشىپ زايىمكىغا
تامام بېسىپ كىردۇق. ئەمدى سارسۇمبىگە ھۇجۇم قىلىمىز دەپتۇ.
كۆكتوقاي — چىڭگىلغا ئىۋەتكەن بۇقاتنىڭ ئادىمى قايتىپ كەپ-
تۇ. بۇ ئىككى ناھىيىدىكى خەلق ئاشكارا قوراللىق قوزغىلاڭ
باشلاپتۇ. كۆك ئۆيدىكى مادارىن «مېنىڭ نىيىتىم سىلەر بىلەن
بىر، ئەسكىرىمنى باشلاپ سىلەر بىلەن بىللە سارسۇمبىنى ئېلى-
شىپ بېرىمەن» دەپتۇ. بۇقات: خەۋەر ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرگە
بۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ. بىزنى ئالداپ ۋا-
قىتتىن پايدىلانماقچى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بولسا ۋىيجىڭگوننىڭ
يېقىن ئادىمى، ئىشىمىزغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ھوشيار
بولۇڭلار دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

بىز ئەسكەرلىرىمىزنى رەتلەپ ئەمدى بايكوشىككە ئاتلى-
نىمىز دەپ تۇرغىنىمىزدا شەرىپقاننىڭ بىر ئادىمى جىددى
بۇيرۇق ئېلىپ كەلدى. بۇيرۇقتا؛ شەرىپ باشلىق 20 نەچچە
ئادەم قايتىپ كەلسۇن. كۆكماڭلاينىڭ جاڭزىنىغا ھۇجۇم قىلىشقا
بارىدۇ. ئالتاي ۋە بۇرچىندىن 300 خۇيزۇ ئەسكىرى كېلىۋېتىپتۇ.
2 - 3 كۈن بىزنى ساقلاپ تۇرسۇن جىمىنەيگە بىرلىكتە ھۇجۇم
قىلىمىز دەپتۇ. شۇلارنى ساقلاڭلار. بۇ قاتتىن خەۋەر كەلدى.
بۇرۇلتوقاي — سارسۇمبە ئەسكەرلىرى بىلەن بىرەر مىڭدەك ئادەم
زايىمكىدىكى ۋىيجىڭگوننىڭ ئەسكىرى بىلەن سوقۇشۇپ زايىمكىنى
بېسىۋاپتۇ. ئۇ يەردە كۆپلىگەن ئاشلىق ۋە 200 دەك بورداق
قوي بار ئىكەن، ئۇنى ئولجا قىلىپ ئالغان ئادەملەرنىڭ
كۆپچىلىكى ئولجا نەرسىلەرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن
سەپنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ. ئەتىسى چوڭقۇردىن كەلگەن بىر
قىسىم كىرجاك ئوروس ئەسكەرلىرى شەھەردىن ۋىيجىڭگوننىڭ

ئەسكەرلىرى چىقىپ ئىككى تەرەپتىن قىسمىغا ئاپتۇ. زەمبىرە ئېتىپ قاتتىق ھۇجۇم قىلىپتۇ، بىز تەرەپتىن بىرقانچە ئادەم چىقىم بوپتۇ. بۇرۇن ئۇرۇش قىلىپ قان كۆرۈپ باقمىغان چارۋىچى خەلق قورققانلىقىدىن بەرداشلىق بېرەلمەي زايىمكىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سارسۇمبە ۋە بۇرۇلتوقاي ئەللىرى مۇشۇندا قاقارا قىش ئىچىدە كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ ئاق دالاغا قەدەر كۆچۈپ كەپتۇ. ئەمدى بىز بۇلارنى مۇۋاپىق يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كۆكتوقاي بىلەن چىڭگىلدىن كەلگەن بىرەر مىڭ ئادەم بىلەن 4 ناھىيىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ سارسۇمبىگە قايتىدىن ھۇجۇم قىلماقچىمىز. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن 6 خويزۇنىڭ كەينىمىزدىن 500 ئادەم كېلىدۇ دېگەن گېپى بىكار گەپ ئوخشايدۇ. ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەلگەنلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ماجۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئەسكەرلىرى ئولجا تالىشىپ سوقۇشۇپ قالغان ئىمىش، ھازىرچە ئۈرۈمچىنى ئالالمايدىغان ئوخشايدۇ. خەلقلەر قىش كۈنى ۋاقىتسىز كۆچۈپ جاپا تارتتى، خەلققە ئوبدان تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىڭلار. ئۆزەڭلار تولۇق تەييارگەرلىك قىلىپ تۇرۇڭلار دەپتۇ.

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر كېچىدە شەرىپقانىڭ نەبى دېگەن ئادىمى بۇرچىنغا كەلگەن مايۋەنچىڭ باشچىلىقىدىكى 150 نەپەر ئەسكەرنى باشلاپ كەلدى، ئۇلارنىڭ قولىدا بار-يوقى 20 چە مىلتىق بار ئىكەن، قالغانلىرى نەيزە-قىلىچ بىلەن قوراللىنىپتۇ. ئۇلار: بىز بۇرچىنغا كېلىپ بىرنەچچە قېتىم سوقۇشۇپ باققان بولساقمۇ بۇرچىننى ئالالمىدۇق بۈگۈن كېچە بايكوشىككە ھۇجۇم قىلىمىز، سىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىڭلار تەييار بولسۇن دېدى. بۇلار مايۋەنچىڭنى تۇۋەنجاڭ،



جىمىنەيدىن كەلگەن لىفۇ دېگەننى يىڭجاڭ دېيىشىدىكەن، شۇ ئارىدا جىمىنەيدىن بىرنەچچە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمۇ قېچىپ كەلدى. لىفۇ: «مېنىڭ خوتۇن-بالىلىرىمنى نېمىشقا بىللە ئەكەلمىدىڭلار؟ مەن ھازىر يىڭجاڭ بولدۇم، بۇيرۇق بەرسەم مېنىڭ ئەسكىرىم سىلەرنى ئېتىپ تاشلايدۇ» دەپ ئۇلارغا دوق قىلدى. بىز ئۇنى «سەن ئۇنداق كۆرەڭلەپ كەتمە! بىكاردىن-بىكار ئادەم ئاتىدىغان بولساڭ ئۇ چاغدا بىزمۇ ساڭا تېگىشلىك چارە كۆرىمىز» دەپ ئاگاھلاندۇردۇق، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز يېقىن جايدىكى قىشلاقلارغا قونۇش ئۈچۈن كەتكەن ئىدى، بىز ئۇلارنى دەررۇ خەۋەر قىلىپ يىغىۋالدۇق، ئۇلار ئۆزلىرىچە بىزدە ئەسكەر بار-يوقلىقىنى سىناپ باقماقچى بولۇشقان ئىكەن، ئەتىسى قۇربان ھېيت ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن شۇ كۈن كەچقۇرۇنلىقى بايكوشىككە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ئادەم ئەمدى بىرنەچچە مال سويۇپ تىلەك تىلەيمىز، كېچىدە سوقۇش قىلساق ئىلگىرى تونۇش بولمىغان ئەسكەرلەر بىر-بىرىمىز بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالىدۇ. ئەتە كۈندۈزى ئاتلىنايلى دېيىشتى. ئاخىر ئۇلارنىڭ تەلىۋى بويىچە 10 قوي ئىككى كالا ئەكەلدۈرۈپ بەردۇق. شۇنداق قىلىپ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بايكوشىككە ئاتلاندۇق. جاڭ پەيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئالدىمىزدىن چىقىپ بىر ئاز ئېتىشقان بولسىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي بايكوشىكتىكى تاماشاڭيۇنىڭ جاڭزىسىغا كىرىۋالدى. بىر بۆلۈمى جىمىنەيگە قاچقان ئىكەن، قوغلاپ يېتەلمىدۇق. تاماشاڭيۇنىڭ جاڭزىسى خۇددى سېپىلدەك سېلىنغان قورغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانلار تاملاردىن تۆشۈك ئېچىپ بىزگە قارىتا ئوق ئېتىپ يېقىن كەلتۈرمىدى. بىرنەچچە

قېتىم بېسىپ كىرمەك بولساقمۇ كىرالمىدۇق. بىزدىن 4 كىشىگە ئوق تەگدى. كېچىسى جاڭ پەيجاڭ ئاتلىرىنى مىنىپ قاچماقچى بولۇۋىدى، بىز قورشاپ تۇرۇپ قوغلاپ جاڭزىغا كىرگۈزىۋاتتۇق. تاڭ ئاتاي دېگەندە قارا باتۇر كېلىپ، بىرنەچچە كىشى يەڭگىل كىيىنىپ بېرىپ ئۆينىڭ ئۈستىدىكى ئوت چۆپلەرگە ئوت قويسا دېگەن پىكىرنى بەردى. بىز ياخشىسى بىرنەچچە مۈشۈك ياكى ئىت تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا كىرسىنگە چىلانغان لاتا باغلاپ ئوت يېقىپ قويۇپ بېرەيلى، ئىت - مۈشۈكلەر جاڭزىغا قاراپ قېچىپ ئۆگزىگە چىقسا چۆپلەرگە ئوت تۇتىشىپ كېتەر، دېيىشتۇق، دەرھال شۇنداق قىلدۇق. دېگەندەك ئۆينىڭ تۆپىسىگە قېچىپ چىققان ئىت - مۈشۈكلەر ئارقىلىق بېسىپ قويۇلغان قۇرۇق چۆپكە ئوت تۇتۇشۇپ كەتتى. بىر دەمدىلا ئوت يالقۇنى ئاسمان پەلەك كۆتىرىلدى. جاڭ پەيجاڭنىڭ ھەممە ئەسكەرلىرى تاماشايۇنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ بىز بىلەن ئېتىشتى، چۈنكى بۇ ئۆينىڭ ئۈستىدە چۆپ يوق ئىدى. باشقا بىر نەچچە ئۆيدىن 50 - 60 خوتۇنلار چوقان سېلىپ قېچىپ چىقتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەجبۇرى ھايداپ كېلىپ سولاپ قويۇلغان قازاق ئاياللار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى بىرنەچچە تۈركۈمگە بولۇپ ئېلىپ چىقىپ بىر قۇدۇققا تاشلاپتۇ. ئات ئېغىلىدىن كۆيۈۋاتقان ئاتلارنىڭ چىقىراشلىرى ئاڭلاندى. خۇيزۇ ئەسكەرلەر ئات ئولجا ئالىمىز دەپ ئېغىلغا يۈگۈرۈشكەندە ئۇدۇلدىن چىققان ئوق بىر كىشىنى يىقىتتى. ئاندىن بۇلار يىقىن بارالمىدى. بىزنىڭ يىگىتلەر ئېغىلنىڭ كەينىدىن كېلىپ تامنى يىقىتىپ كۆيمەي قالغان ئاتلارنى قۇتۇلدۇرىۋالدى. ئوق - دورا قويغان ئۆيلەرمۇ پارتلاپ كەتتى بىز «قوراللىڭلارنى تاپشۇرۇڭلار! تەسلىم بولساڭلا ئۆلتۈرمەيمىز»



دەپ ۋاقىرىدۇق. ئۇلار دەرىزىدىن 2 باغلام مىلتىق تاشلاپ بەردى، ئۆزلىرى سىرتقا قېچىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جاڭ-پەيجاڭ، شاماي، تاماشايۇ، ئاققۇجاقاتارلىق جاللاتلار بار ئىكەن. تۇرغانباينىڭ ئاكىسى دوتباي قېرى، ئىنىسىنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن قولىدىكى پالتا بىلەن توسىۋالغىنىمىزغا ئۇنىماي شامايىنىڭ كاللىسىنى چېپىپ ئۈزىۋەتتى. قاماقتىن قېچىپ چىققان ئاياللار ئاق قوجىنى ئەرلىرىنى تۇتۇپ بېرىپ قۇدۇققا تاشلاتقانلىقى ئۈچۈن ياغاچ، تاشلار بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. تاماشايۇ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان بىر ئاتنى مىنىپ قاچقان ئىدى كەينىدىن قوغلىغانلار ئېتىپ تاشلىدى. قېرى جاڭ-پەيجاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈزمەي ئاجرىتىپ ئالدۇق. كېچىسى سوراق قىلىپ، ئالتاينىڭ ئەھۋالىدىن بىرمۇنچە مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق. ۋە ئۇنى قاماپ قويدۇق، لېكىن يانچۇغىدا زەھەر بار ئىكەن شۇنى يەپ ئۆلىۋاپتۇ. جاڭ پەيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆيدىن چىققىلى ئۇنىماي بىزنى ئىشىككىمۇ يېقىن كەلتۈرمەي ئوق ئېتىپ تۇرىۋالغان ئىدى، بىر قانچە ئەسكەرلەر ئۆگزىگە چىقىپ، تۆشۈك ئېچىپ ئۆي ئىچىگە ئوت تاشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن قېچىپ چىقتى. ئولجىغا چۈشكەن ئاتلاردىن ئون ئاتنى ئۆزىمىز ئېلىپ قېلىپ قالغان 34 ئات 20 مىلتىقنى تونگان ئەسكەرلىرىگە بەردۇق. ئاشلىقتىن قىسىلغان خەلققە بىرئاز ئاشلىق بۆلۈپ بېرىپ، قالغان 6 ئىسكىلات ئاشلىقنى ساقلاش ئۈچۈن ئىسمايىل دېگەن ئادىمىمىزنى گۈزەتكە قويدۇق. ئەسىر ئەسكەرلەرنى جىمىنەيىنى ئالغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قاماپ قويۇپ بۇرچىن بىلەن جىمىنەي تەرەپكە 15 ئادەمدىن قاراۋۇل ئورۇنلاشتۇردۇق. ئىككى سائەت ئۆتمەيلا ھەر ئىككى تەرەپتىكى قاراۋۇللاردىن خەۋەر كەلدى. بۇرچىننىڭ

خەۋەرىدە: يىراقتىن دوربون بىلەن قارىساق بىرنەچچە توپ ئادەم ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئېھتىمال 100 دىن ئارتۇق ئادەمدەك قىلىدۇ دېيىلسە، جىمىنەي خەۋىرىدە، ئىككى ئاق بايراق كۆتەرگەن 60 دەك ئەسكەر كېلىۋاتىدۇ، دەيدۇ. تونگان ئەسكەرلىرىنىڭ تەلۋى بويىچە جىمىنەيگە بارىدىغانلارغا تونگان ئەسكەرلىرىنى قوشۇپ 100 ئادەم، بۇرچىنغا قازاقلاردىن 150 ئادەم ئەۋەتتۇق. جىمىنەيدىن كېلىۋاتقانلار ئەسكەر ئىكەن، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قارىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئوق چىقارماي قېچىپ كېتىپتۇ، ئېلىنغان خەۋەرگە قارىغاندا جىمىنەيدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بالا - چاقىلىرىنى سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئۆزلىرى سالتاڭ قاپتۇ. جىمىنەي شەھرىنىڭ بىرىكى چېتىدىن ئاكوپ كولاپ بىزنى توسماق بولۇپتۇ. لېكىن بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ئۇنىڭغا قاراپ تۇرماي بۇيرۇق بويىچە ھۇجۇم قىلىپ تۇساقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ جىمىنەي شەھرىگە بېسىپ كىردى.

بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز جىمىنەي شيەنجېڭفۇغا ئورۇنلاشتى، تونگان ئەسكەرلىرى لىيەنبۇغا ئورۇنلاشتى. شەن يامول ئىسكىلاتلىرىدىكى ئاشلىق ۋە مۈلكلەرگە پېچەت سالدۇق، ئاندىن قازاق ۋە تونگان ئەسكەرلىرىگە قالايمىقان ۋەقە تۇغدۇرماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، شەرىپقاننىڭ يولىيورۇغىنى ساقلاپ تۇردۇق. لېكىن مايوەنچىڭ باشچىلىقىدىكى بۇ 150 نەپەر ئەسكەر ئىلگىرى ئالتاينىڭ ئالتۇن كانلىرىدىن ئالتۇن كولاشقا كەلگەن ئادەملەر بولغانلىقتىن ھەممە ئىشتا ئۇلجا ئېلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئىنتىزامغا بويسۇنماي باش - باشتاقلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار جىمىنەيدە دوكان ئېچىپ سودا قىلىۋاتقان ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ



دوكانلىرىنى بولاپ كەتتى. شەھەردە كىر يۇيۇپ جان بېقىۋاتقان ئىككى روس ئايالىنى تۇتۇۋېلىپ ئېتىۋېتىپتۇ. بىز ئۆلتۈرگۈچىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ كېلىپ سوراق قىلساق ئۇلار گوياكى ھېچنېمە قىلمىغاندەك، بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنى بۇرچىندىكى روسلار ئۆلتەردى. بىز ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدۇق، دېيىشتى. شتاب باشلىقى ئۇلارنى سوتقا تارتىش ئۈچۈن بۇيرۇق قىلىپ قامىتىپ قويدى.

يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بېرى بولىۋاتقان ئىشلار، بولۇپمۇ ئۇرۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا دوكلات يېزىپ شەرىپقانغا ئادەم ئەۋەتتۇق ۋە شەرىپقاننىڭ جىمىنەيگە تېزراق كېلىپ سوۋېت كىشىلىرى بىلەن چېگرا تېچلىقى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىشىنى ۋە جىمىنەيدە قانداق تەرتىپ ئورنىتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىشىنى سورىدۇق.

شەرىپقان جىمىنەيگە كېلىپ سوۋېت 50 - چېگرا پونكىتىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور شاخوف دېگەن كىشى بىلەن كۆرۈشتى. نەتىجىدە، ئېغىزچە ۋاقىتلىق كېلىشىم ھاسىل قىلىپ ئۇلارنىڭ قاراۋۇللىرىغا ماسلىشىپ چېگرىنى تىچ ساقلاش ئۈچۈن بىز تەرەپتىنمۇ مەلۇم ساندا ئەسكەر بەلگىلىدۇق، ئۇلار بىلەن ئۆز ئارا خەۋەرلىشىپ چېگرادىن ئۆتكەن ئادەم ياكى مال بولسا ئۆز ۋاقتىدا سۆزلىشىپ ھەل قىلىدىغان بولۇشتۇق؛ بايكۆشكىتىكى سوقۇشتا ئەسىر ئېلىنغان ئەسكەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ تەلىۋى بويىچە ۋە ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمىگە ئاساسەن سوۋېت يېرىگە ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جىمىنەي سوۋسىنتورگ (شىنجاڭ - سوۋېت سودا ئورگىنى) ئادەملىرى بىلەن سۆزلىشىپ سودا ئالاقىسى يۈرگۈزىدىغان بولدۇق.

شەرىپقان جىمىنەيدە قوراللىق ھەربى ئىدارە قىلىش
كومىتېتى قۇرۇش كېرەك، جىمىنەيىنىڭ ھەربى ۋە مەمۇرى ھوقۇقى
قاچانكى ئالتاي پۈتۈنلەي ئازات بولۇپ مۇقىم تەرتىپ ئورنىتۇلغانغا
قەدەر مۇشۇ ھەربى كومىتېتنىڭ قولىدا بولۇش لازىم، دېگەنلىك-
تىن جىمىنەي ناھىيىسىدىكى ھەممە يۇرت باشلىقلىرىنى چاقىرىپ
يىغىن ئۆتكۈزۈپ مەزكۇر قوراللىق ھەربى كومىتېتنى قۇردۇق.
بۇ ھەربى كومىتېتنىڭ قارمىقىدا 300 ئەسكەر بولىدىغان بولدى.
لازىم بولغان قوراللارنى خەلق قولىدىكى قورالنى يىغىۋېلىش ئارقى-
لىق ھەل قىلدۇق. مىنىش ئات ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى
خەلق تەمىنلەيدىغان بولدى. بۇ 300 كىشىلىك قوراللىق ئەسكەر
«جىمىنەي خەلق ئەسكىرى ئاتلىق پولكى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

مايۇەنچىڭغا قاراشلىق تونگان ئەسكەرلىرى ئايرىم پولك
بولدى. ئۇلار: بىزنىڭ بالا-چاقىلىرىمىز يېنىمىزدا ئەمەس،
شۇڭا بىزنىڭ رەسمى ئەسكەر بولۇشىمىزغا شارائىتىمىز يار
بەرمەيدۇ. قورال ۋە ئات ئۇلاقلىرىمىزمۇ كامچىل. ھازىرچە ئاي-
رىم تۇەن ياكى لىيەن نامىدا تۇرۇپ دېھقانچىلىق قىلساق، دېگەن
تەلەپنى قىلغانلىقتىن، شۇ تەلەپ بويىچە بايكوشنىڭ بەلئېرىق
قاتارلىق يەرلەردە دېخانچىلىق قىلىدىغان بولدى. ئۇلارغا
دېھقانچىلىق سايمانلىرى، يەر-سۇ، ئات-ئۇلاق ۋە ئۇرۇقلۇق
قاتارلىقلار ئاجرىتىپ بېرىلدى.

ئالتايدىن ئاخىرقى نۆۋەت كەلگەن خەۋەردە: كۆكتوقاي
چىڭگىلدىن سارسۈمبىگە قاراپ ئاتلانغان قوراللىق قوزغىلاڭ-
چىلار بورۇلتوقاينىڭ ئاق دالا دېگەن يېرىدە، سارسۈمبە ۋە
ئاۋىستانىدە بولغان سوقۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ كۆچۈپ چى-
قىۋاتقان خەلق بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، بۇ يەردە ئۇلار كۆچ-
مەنلەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھازىرچە بالا-



چاقىلارنى مۇۋاپىق بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئەرلەر-
دىن ساغلام بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى كۆكتوقاي، چىڭگىل قوز-
غىلاڭچىلىرىغا قوشۇلۇپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلىشقا بېرىشقا
كېلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ 4 ناھىيىنىڭ قوزغىلاڭچىلىرى ئاق
دالىدا بىرلىشىپ تەخمىنەن 2000 غا يېقىن ئادەم سارسۈمبىگە
ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقىدەك. ئۇلارنىڭ سارسۈم-
بىگە بارغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىدىن تېخى خەۋەر يوق. شۇن-
داق بولسىمۇ ئاڭلىغان خەۋەرگە قارىغاندا 4 ناھىيىنىڭ قوز-
غىلاڭچىلىرى بىرلىشىپ سار سۈمبىنى بىر قانچە كۈن مۇھا-
سىرىگە ئېلىپ قاتتىق جەڭ قىلىپتۇ. لېكىن نىمە سەۋەپتىندۇر
تۇساتتىن ھەممىسى بىر كېچىدىلا چېكىنىپ ئاق دالاغا
قايتىپ كېتىپتۇ. ۋېيجىڭگو مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سارسۈم-
بىنى تاشلاپ 400 ئوروس ئەسكىرىنىڭ ھىمايىسىدا ئۆزىگە
قاراشلىق ئەسكەر ھەم ئىدارە خىزمەتچىلىرى بولۇپ جەمى
5000 دەك ئادەم قوبۇققا قاراپ يولغا چىقىپتۇ دېيىلگەن. شەرىپقان
مۇشۇ خەۋەرگە ئاساسەن بىزگە خەت ئەۋەتىپ: «سىلەر بىر
بۆلۈم ئەسكەر بىلەن ساۋۇر تېغىنىڭ تۇمشۇقىغا بېرىپ ۋېي
جىڭگونىڭ يولىنى توسۇۋېلىڭلار، ئەگەر كەينىدىن قوغلاپ كې-
لىۋاتقان ئالتاي قوزغىلاڭچىلىرى بولسا ۋېيجىڭگونى تارباغاتاي
تەرەپكە ئۆتكۈزىۋاتماي سوقۇشۇپ بېقىڭلار، ئالتاي قوزغىلاڭ-
چىلىرى ئۆلگۈرۈپ كېلەلمىسە سىلەر ئازغىنا ئادەملىرىڭلار
بىلەن سوقۇش قىلماڭلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى ھىمايە قىلىپ
كېلىۋاتقان 400 نەپەر كىرجاك روس ئەسكىرى بارمىش، ئۇلار
ئۇرۇش كۆرگەن تەجرىبىسى بار ئەسكەرلەر، شۇڭا ئاز ئادەم
بىلەن ئۇلارغا قارشى چىقىشنىڭ پايدىسى يوق. ئەگەر موڭغۇل
چېگراسىغا ئۆتمەكچى بولسا قوغلاشماي قايتىپ كېلىڭلار» دەپ-

تۇ. بىز يولىۋۇرۇقتا ئاساسەن 150گە يېقىن ئادەم بىلەن ساۋۇر تېغىنىڭ تۇمشۇقىغا باردۇق. ۋېيجىڭگو بىر كۈن بۇرۇن ساۋۇردىن ئۆتۈپ قوبۇقتىكى موڭغۇل تەۋەسىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قوبۇقتا ۋېيجىڭگو توغرۇلۇق ئېنىق بىر مەلۇمات بىلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر ئادەم ئەۋەتتۇق. ئەۋەتكەن ئادىمىمىزنىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋىرى مۇنداق بولدى: ۋېيجىڭگو قوبۇق موڭغۇللىرىدىن 2000 يىلقا 10،000 قوي يardەم بېرىشنى سوراپ ئۇزىنىڭ قايتىدىن سوقۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. موڭغۇل ۋاڭى: ھازىرچە قولىمىزدىن كەلگىنى مۇشۇ دەپ 200 يىلقا 1000 قوي بېرىپتۇ.

ۋېيجىڭگو جىمىنەيگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كەپتۇ دېگەن خەۋەر ئەلگە تارقالغاندىن كېيىن خەلق چۆچۈپ، ساراسىمىغا چۈشۈپتۇ. مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئالدى بىلەن ئەلەن ۋاڭىنىڭ خوتۇنى خادىۋاڭ ئۆزىنىڭ تۆرە - تۆلەڭگىتلىرىگە ① خەۋەر قىلىپ، «مەن ماللىرىمنى ئېلىپ ئالتايغا كۆچىمەن، مېنى دېگەنلەر مەن بىلەن ئالتايغا كۆچسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ. ئۆزى تاغ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغان مال - مۈلۈك غەزىنىلىرىنى 40 - 50 تۆگىگە ئارتتۇرۇپ تومانىدى دېگەن يەرگە كۆچۈپ كەپتۇ. مەسىلە شۇ يەردىكى؛ ئەگەر خادىۋاڭ باشلامچىلىق قىلىپ كۆچىدىغان بولسا، پۈتكۈل ساۋۇر خەلقى "خادىۋاڭ بىر نىمىنى بىلىپ كۆچىۋاتىدۇ" دەپ ھەممىسى كۆچۈشكە باشلاپ چوڭ پاراكەندىچىلىك تۇغۇلۇشى، شۇ يىلى قىش ئازاۋىدىن ئاران قۇتۇلۇپ چىققان خەلق يەنە كۆچۈش - قېچىش بىلەن تېخىمۇ ۋەيران بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالنى دەرھال شەرىپقانغا

① تۆرە - تۆلەڭگىت كىرىپوستنويلار ئىنىڭىسى يەنى تۆرە - باي، تۆلەڭگىت تۆلارغا قاراشلىق كەمبەغەللەر (كىرىپوستنويلار) دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.



خەۋەر قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتۇق. شەرىپقان: «بايكۆشكىتىكى قوراللىق ئادەملەردىن 40 ئادەم ئەۋەتىپ خادىۋاڭنى توساپ، ئەگەر سۆز بىلەن ئۇنىمىسا ئەسكىرى كۈچ بىلەن توختۇتۇڭلار. يەنە خادىۋاڭنىڭ يىلقىسىدىن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بايلاردىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ مىنىشىگە 50 باش ئات تۇتىۋېلىڭلار. ھازىرشۇلاردىن باشقىلاردا مىنگىچىلىك ئات قالمىدى. بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلىڭلار» دەپ ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپتۇ. مەن مۇشۇ بۇيرۇق بويىچە 40 نەپەر قوراللىق ئادەمنى ئېلىپ ئۇدۇل خادىۋاڭنىڭ ئاۋۇلىغا باردىم. خادىۋاڭ كۆچۈشكە ھازىرلىق قىلىۋاتىدىكەن. ئۇ: «مەن بۇ يەردە تۇرسام ۋېيجىڭگو كېلىپ بۇلاپ كەتسە قانداق قىلىمەن. سىلەر شەرىپقان باشلىق يۇرتنى بۇزدۇڭلار. ئەلەن ۋاڭ پۈتكۈل 12 قەبىلە كېرەيىنىڭ ۋاڭى تۇرۇغلۇق سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ھېچقانداق قەدرى قالمىدى. تۆرە تۆلەڭگىتتىن كاپىرمۇ ئالۋاڭ ئات ئېلىپ باققان ئەمەس، سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلار ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ خالىغانچە ئات تۇتىۋاتىدۇ. ئەمدى بىز جان ساقلاش ئۈچۈن كۆچۈپ كېتىۋاتىمىز» دېدى. مەن ئۇنىڭغا مۇنداق خىيالدىن يېنىش توغرۇلۇق قايتا - قايتا چۈشەندۈردۈم، لېكىن خادىۋاڭ گېپىمنى ئاڭلىماي بىر بولسا يىغلاپ، بىر بولسا قاغاپ ئاغزىغا كەلگەننى دېدى. ئاخىر مەن: «سىزگە قىسقىلا جاۋاپ بېرىمەن، كۆچۈشتىن توختايسىز. كۆچسىڭىز ئات - تۆگىسى يوق كەمبەغەللەر ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. تۆرە تۆلەڭگىت يىلقىسىدىن ھازىر 50 ئات تۇتتۇرۇپ ئالىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مۇنچە ئادەملىرىڭىزنىڭ ئېتىنىمۇ تارتىپ ئالدۇق، سۆزىنىڭ قىسقىسى ئەگەر كۆچىدىغان بولسىڭىز شەرىپقاننىڭ بۇيرۇغى بويىچە ھازىرلا ھەممە كەمبەغەللەرنى ھەركەتلەندۈرۈپ، مېلىڭىزنىڭ بىرىنى قويماي تارتىۋالىمىز!

يېزىپ بەرگەن بۇيرۇق مۇشۇ، ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈڭ، دەپ
شەرىپقان ئۆز قولى بىلەن يازغان بۇيرۇقنى كورسەتكەن ئىدىم،
پۈتى كۆيگەن توخىدەك تاخلاپ، چېچىنى يۇلۇپ يىغلاپ ـ قاغاپ:
شەرىپقان دىگەن قارا يۈرەك، ئۇ دىگىنىنى قىلماي قويمايدۇ. ئۇن‍ـ
داق بولسا بۇلىۋىلىڭلار، مەن كۆچمەن دىدىم كۆچمەن دەپ
ۋاقىرىغىلى تۇردى. مۇشۇ ئەھۋالدا ئولتۇرغىنىمىزدا كەنجىباي
دىگەن بىر باي كېلىپ، ئادەملىرىڭ مېنى ئۇرۇپ، ئاغزى بۇر‍ـ
نۇمنى قان قىلدى. كۆچنى ئاغدۇرۇپ ئاغامچىلارنى كېسىپ
تاشلىدى. 8 دانە سېمىز ئېتىمنى تۇتىۋالدى دەپ ۋاي سىلىپ
يىغلىدى. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن خادىۋاڭ يېڭى باشتىن
ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا: «سىرەن سېلىپ
يىغلاۋېرىشتىن ئىش چىقمايدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى سۆزنى ئاڭ‍ـ
لىمىغانلار مۇشۇ كەنجىباينىڭ كۆرگەن كۈنىنى كۆرۈشكە مەج‍ـ
بۇر بولىدۇ. تۆگىلەرنى توختۇتۇپ كەينىڭىزگە يېنىڭ، سىزنى
ۋېي جىڭگوغا تالاتماسلىقتا بىز كېپىل دىدىم. خادىۋاڭ: «ۋاي،
نىمە دەيسەن، ئۇنىڭ ئون مىڭ ئەسكىرىگە سىلەرنىڭ 300
ئادىمىڭلار تەڭ كېلەلەمدۇ. قېچىپ يۈرگەن 300 تونگانىنىڭ
قولىدىن نىمە كەلسۇن؟» دىدى.

مەن: سىز دىگەن ئىككى ئۈچيۈز قوشۇلسا 600 بولىدۇ.
600 قورالىق ئەسكەر ۋېيجىڭگوغا تەڭ كېلەلمىسە سىزگە تەڭ
كېلەلەيدۇ، بۇنى ئىسىڭىزدە تۇتۇڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىشتىن
قىسىلىپ ئاران چىققان كەمبىغەل ئاچ قوساقلار سىزنىڭ مې‍ـ
لىڭىزغا بىر تويۇپ جىرغاپ ئالىدۇ دىدىم. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭ‍ـ
لىغاندا چۆچۈپ كېتىپ كۆزلىرى ئالاق ـ جۇلاق بولۇپ كەتتى.
خادىۋاڭ: ھېلىقى يوغانباش (شەرىپقاننى دىمەكچى) بۇزۇق،
ئۆز ئاكىسىنىڭ مېلىغا ئۆزى قانداق قول تەككۈزىدۇ. ھەي ـ



ھەي ئوغماس، ئۇنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچلارنى قويۇپ بېرىمەن
دىگىنى راس، ئۇنى قىلمايدۇ دىگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ دىلى
كاپىردىنمۇ قاتتىق، دىدى. دەل شۇ چاغدا ئېڭسەباي، شافىق
باشلىق 10 نەچچە بايلار كېلىپ قالدىدە، شەرىپقان ئۆزى
باشلاپ ھەممە ئىشقا يارامىلىق ئاتلىرىمىزنى ئېلىپ كەتتى،
ئەمدى قانداق قىلىمىز! دەپ ۋاقىراشقىلى تۇردى. بۇ ئەھۋالنى
ئاڭلىغان خادىۋاڭ بىر ئاز ئامالسىز قالغاندەك بولۇپ: ئەمدى ئۆزى
نىمە دەيدۇ ـ دىدى. مەن: بىزنىڭ سىزگە يەتكۈزىدىغان ھىچقان‍ـ
داق زىيىنىمىز يوق. سىز ئەلگە باشلامچى بولۇپ كۆچمەن
دىمىسىڭىزلا بولىدۇ. ئورنىڭىزدا ئولتۇرىۋېرىشىڭىزنى سورايمىز
دىدىم. ئۇ، مەن سىلەرنىڭ قايسى ئىشىڭلارغا ئىشىنىمەن،
چېگرىدىكى ئورۇسلىرىڭ ئىشەنچلىكمۇ، ئۇلار بىزگە زادى
زىيان يەتكۈزمەسمۇ؟ دەپ بىر ئاز پەسىيىپ قالدى. مەن: ئۇلار
ئېشەنچلىك، شەرىپقان ئۆزىنىڭ مال ـ ۋارانلىرىنى چېگرىغا
يېقىن جايغا ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى. ئىشەنمىسىڭىز‍ـ
شەرىپقانىنىڭ ئاۋۇلىغا ئادەم ئەۋەتىپ كۆرۈپ بېقىڭ، ئۇلار
چېگرا تەرەپكە كۆچتى، 30 چاقىرىم يېقىنراق ئولتۇرساق
سوۋېت ھۆكۈمىتى ئەسكەر چىقىرىپ ھىمايە قىلىدىغان بولدى،
دەپ خادىۋاڭنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن يوتامغا بىر ئۇرۇپلا گەپ
ياسىدىم. ئۇ، ئۇنداق بولسا مەن كۆچمەيمەن دەپ ئاچچىغى
بىلەن قولىغا پىچاق ئېلىپ يۈك ئارتىپ قويۇلغان تۆگىلەر‍ـ
نىڭ ئاغامچىلىرىنى كېسىۋېتىپ، خىزمەتچىلىرىگە يۈكلەرنى
بۇرۇنقى جايغا ئاپىرىپ قويۇڭلار، مېنى قاشقىرغا باغلىغان قارا
ئۇغلاق قىلسۇن، قورۇتسۇن، نىمە ئاداۋىتى بار بولسا شۇنىڭ
بىلەن تۈگىسۇن دەپ يىغلىدى. مەن: مانا بۇ دىگىنىڭىزگە
رەخمەت، ئەلنى تەتۈرىسىگە باشلىماڭ دەپ، چىقىپ كەتتىم.

دىگىنىدەك قىلارمىكىن دەپ بىر - ئىككى كۈن پايلاپ كۆرسەك، چىگرا تەرەپتىكى جارلىغاپ تېغىنىڭ غەرپ تەرىپىگە ئۆتۈپ قوندى.

ئالتايدىن ئالغان خەۋىرىمىزدە: يۇقىرىدا ئېيتىلغان 4 ناھىيىنىڭ قوزغىلاڭچىلىرى بىرلىشىپ سارسۇمبە شەھرىنى مۇھاسىرە قىلىۋېلىپ، چاڭچۇك قىزىل، كۆدە بۇلاق تەرەپتىن شەھەرنىڭ شەرقىي قىسمىنى بېسىۋاپتۇ. پەقەت كىرجاك ئورۇس ئەسكىرىلا بارلىق كۈچى بىلەن شەھەرنى ساقلاپ سوقۇشۇۋېتىپتۇ، ۋىي جىڭگو كۆرە بۇلاقتا ئورۇنلاشتۇرغان ئېغىر پىلىموت، زەمبىرەكلەرنى يۆتكەپ كېتەلمەي تاشلاپ قېچىپتۇ. ئەسكەرلىرىمۇ نۇرغۇن قورال - ياراقلىرىدىن ئايرىلىپ خېلى جىق چىقىمغا ئۇچراپتۇ. ئۇن نەچچە كۈن توختىماي سوقۇش قىلغان 4 ناھىيىنىڭ سالتاڭ ئاتلىق قوراللىقلىرى يەيدىغان ئوزۇقتىن قىسىلىپ قالغاچقا ئەلگە بېرىپ ئوزۇق ئەكىلىش ئۈچۈن سەپنى تاشلاپ تارقاپ كېتىپتۇ. ۋىجىڭگو بۇلار كۈچ توپلاپ قايتىپ كەلسە پۈتۈنلەي ئەسىرگە چۈشۈپ قالىمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتەيلى، دىگەن خىيالغا كېلىپ بىزنىڭ قوزغىلاڭچىلىرىمىز قايتىپ كەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. كۈن سوغ، يول قاتناش قىيىن، ئەل كۆچۈپ كەتكەن بولغاچقا 2 كۈنلۈك جايغىچە بارسا ئادەم بولمىغانلىقتىن قانداق قىلىشنى بىلمەي 3 - كۈنى ۋىي جىڭگونىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان 4 ناھىيە ئەسكەرلىرى قايتىدىن قايتىپ كېلىپ شەھەرگە كىرىپتۇ، دەل شۇ چاغدا، ماجۇڭيىڭ ئەۋەتكەن ماچى دىگەنمۇ 50 كە يېقىن ئەسكىرى بىلەن سارسۇمبىگە كەپتۇ. ئۇ، «مېنى ماجۇڭيىڭ ئەۋەتتى» دەپ ئالتۇن كولاۋاتقان تۇنگانلاردىن بىرەرمىڭ ئادەم توپلاپ، «مەن ۋىي جىڭگونىڭ



ئورنىغا باشلىق بولدۇم. ئالتاي خەلقى مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنۇشى كېرەك» دەپ بۇيرۇق چىقىرىپتۇ. تۆت ناھىيە قوزغىلاڭچى خەلقلىرىنىڭ باشلىقلىرى: ئالتاي خەلقى ئۆز كۈچىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ۋىجىڭگونى ھاكىمىيەت ئۈستىدىن قوغلىدى، بىز شەرىپقانىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش قىلدۇق، چەتتىن كەلگەن ھەر قانداق ئادەمنى تونۇمايمىز دەپتۇ.

بۇلاڭچىلىقتا ئۆگىنىپ قالغان بۇ ئەسكەرلەر باش - باشتاغلىق بىلەن ئۆزى خالىغانچە قالايمىقانچىلىق قىلىپ شەھەر خەلقىگە ھەر تەرەپتىن زىيان يەتكۈزگىلى باشلاپتۇ. قوزغىلاڭچىلار بۇ ئىشقا نارازى بولغاچقا بۇلار بىلەن بىر نەچچە قېتىم قوراللىق توقۇنۇشۇپ قىلىشلارمۇ تۇغۇلۇپتۇ. ماچى: ئۇنداق بولسا مەن شەرىپقانىنى چاقىرتىمەن، دەپ خەت يېزىپ شەرىپقانغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. قازاقلارنىڭ كۆپچىلىگى بىزمۇ شەرىپقان كەلگەندە كېلىمىز دەپ قايتىپ كېتىپتۇ.

ماچىنىڭ مەقسىدى، قازاقلار بىلەن بىرلىشىپ ئەسكەر تەشكىللەپ، يەرلىك ھۆكۈمەت قۇرماقچى ئىكەن، يەرلىكلەر بۇنىڭدىن باش تارتىپ كەتكەنلىكتىن ماچى ئۆز ئالدىغا ھىچ ئىش قىلالماپتۇ.

ماچى شەرىپقانغا: «مەن ماجۇڭيىڭنىڭ بۇيرۇغى بىلەن كەلدىم، ماجۇڭيىڭ ماڭا ئالتاي قازاقلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئەسكەر تەشكىللەپ، يەرلىك ھۆكۈمەت تەشكىل قىلغىن دىگەن ئىدى. بىز ماجۇڭيىڭنىڭ بۇيرۇغى بويىچە تەشكىل قىلىنغان قازاق، موڭغۇل، تۇنگان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئۇرۇمچىگە بارىمىز. شىنجاڭنى پۈتۈنلەي ئازات قىلىپ «ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇمىز، سىز پات ئارىدا سارسۇمبىگە كېلىڭ، ئالتاينىڭ ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرىمىز.

ئۈرۈمچىگە تىزراق ئەسكەر ئەۋەتىش كېرەك. ھازىر ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ سوقۇشۇۋاتىدۇ. ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىش ئاساسى مەسىلە.» دەپتۇ.

شەرىپقان: ھازىر مېنىڭ ۋاقتىم يوق، كېيىن بارارمەن، دەپ جاۋاپ بەردى؛ ئۆزى جىمىنەيگە كېلىپ سوۋېت 50 - چېگرا پونكىتىنىڭ باشلىغى گېنېرال مايور شاخوفنى، ۋىي جىڭگو ئالتايدىن قاچقاندا زورلۇق بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن سوۋېتنىڭ ئالتايدىكى كونسۇلى راشكوۋسكىنى چاقىرتتى. بىر كۈندىن كېيىن ئۇلار جىمىنەي چېگرىسىغا كېلىپ شەرىپقان بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

شەرىپقان ئۇلارغا: بىز مىللىتارىست جىن شۇرېننىڭ ئىستىبداتلىقىغا چىدىماي ئۇنىڭ ئالتايدىكى ۋەكىلى ۋىيجىڭگونى قورال كۈچى بىلەن قوغلىۋەتتۇق. ھازىر ئالتاي خەلقى قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئازاتلىغىنى قولغا كەلتۈردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئەركىنلىگىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئومۇمى يۈزلۈك كۆرەشكە ئاتلاندى. قۇمۇلدا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە بولۇپمۇ ئۇنىڭ قۇمۇلدىكى تايانچىسى شا مەخسۇت ۋاڭغا قارشى قوزغىلاڭ قىلغان خوجانىياز ھاجى گەنسۇدىكى گومىنداڭ 36 - شىسىنىڭ سىجاڭى ماجۇڭيىڭ، فوسىجاڭ ماخىيىڭلارنى ياردەمگە چاقىرغان ئىكەن. ماجۇڭيىڭ 36 - شىسىنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا كېلىپ ئالتايغا ماچى دىگەن كىشىنى بىر ئاز ئەسكەر بىلەن ئەۋەتىپتۇ، ئۇ ماڭا خەت يېزىپ مېنى سارسۇمبىغا چاقىرتىپتۇ. ئۇ يازغان خېتىدە شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەتلەر بىرلىشىپ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرايلى دەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ھازىرچە بارالمايمەن، ۋاقتىم يوق دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇلارنىڭ مەقسىدى



خانلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش، مېنىڭ مەقسىدىم خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇش. ھازىر شىنجاڭ پۈتۈنلەي ئازات بولۇپ خەلق ئۆز ئەركىنلىگىنى ئۆز قولىغا ئالالىغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالتاي دائىرىسىدە ۋاقىتلىق يەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇمىز. شىنجاڭ پۈتۈنلەي ئازات بولغاندىن كېيىن قانداق ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ، ئۇنى ۋاقتىدا كۆرەرمىز، بىز سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزىلگەن مىللەتلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىغىغا تولۇق ئىشىنىمىز. مەن شىنجاڭدىكى مىللىتارىست ھۆكۈمەتنىڭ زوراۋانلىغىغا قارشى تۇرۇپ ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۈگۈنلا ئەمەس، خېلى ئۇزۇندىن بېرى كۆرەش قىلىپ كېلىۋاتىمەن. 29 - يىلى ئالتايدا بىر قانچە ھەركەتلەرنى يۈرگۈزدۈم. لېكىن تەجرىبەمنىڭ يوقلىغىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدۇم. شۇندىن كېيىن مېنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتتى، 30 - يىلدىن بۇ يىل 2 - ئايغا قەدەر ئىككى يىلدىن ئارتۇق جىن شۇرېننىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇردۇم. ئاخىرى قېچىپ چىقىپ ھازىرقى ئالتاي دائىرىسىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭنى باشلىدىم. نەتىجىدە جىن شۇرېننىڭ ئالتايدىكى ۋەكىلى ۋىي جىڭگونى ئاغدۇردۇق. ئەمدىكى توسالغۇ ماجۇڭيىڭ ئەۋەتكەن ماچى ئىلگىرىكى مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ ئالتاي خەلقىگە ھۆكۈمران بولماقچى بولىۋاتىدۇ. ماچى، ماخىيىڭ دىگەنلەر مەيلى قانداق ھەركەتلەنمىسۇن بىز ئۇنىڭغا يول قويالمايمىز. ئۇنى سۆزسىز ئالتايدىن قوغلايمىز. بىزنىڭ ئەمدى سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇپ ۋاقىتنى ئۇزارتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ھازىر خەلقنىڭ قولىدا بىر ئاز مىلتىق بار، لېكىن ئوق كامچىل. ئەڭ مۇھىم ھاجىتىمىز شۇكى ئەگەر مۇمكىن بولسا بىزگە بىر نەچچە ساندۇق ئوق بېرىشىڭىزنى سورايمىز. خەلق قولىدا

بار مىلتىق دىگىنىمىزنىڭ تولىسى كونا، خىللىرى ئوخشاش ئەمەس، بىرسىنىڭ ئوقى بىرسىگە چۈشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۈمكىن بولسا ئازىراق بولسىمۇ مىلتىق بەرسىڭىزلەر دىگەن تەلەپنى قويدى.

ئۇلارنىڭ بىزگە بەرگەن مەسلىھەتى: قاچانكى بىر تۇتاش هاكىمىيەت قۇرۇلغانغا قەدەر ئالتاي ۋىلايىتى دائىرىسىدە يەرلىك هۆكۈمەت قۇرۇپ ئۆزىمىزنى قوغدايمىز دىگەن پىكىرلىرىڭىز توغرا. بۇنى بىزمۇ قوللايمىز، قايسى تەرەپتىن بولمىسۇن تېگىشلىك ياردەم قىلىشقا ۋەدە بېرىمىز، قورال ۋە ئوق ياردەم قىلىشتا بىز يۇقۇرى ئورۇنغا مەلۇم قىلىپ 5 كۈن ئىچىدە جاۋاپ بېرىمىز. سىزلەر 7 ناھىيىدىكى خەلقنىڭ ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىپ، قوراللىق كۈچلەرنى كۈچلەندۈرۈپ، مۇنتىزىم ئەسكەر تەشكىل قىلىپ هازىر سارسۇمبىنى ئىگەللىمەك بولۇپ تۇرغان ماچى دىگەننى قوغلىۋىتىڭلار، چېگرا پاترۇل چىقىرىپ ئۇياق - بۇياقتا ئادەم ئۆتكەزمەيلى، دىدى. ئاندىن شەرىپقانغا بىر ماۋزىر ماڭا بىر پىستولىت بەردى.

دىگەندەك بەش كۈندىن كېيىن شاخوف شەرىپقاننى چاقىرىپتۇ. چېگرادىن كېچىدە بىرنەچچە ساندۇق ئوق ئۆتكۈزۈپ بەردى. يەنە بىر قانچە مىلتىق بېرەيلى دىسەك، بىزدە گىلىك قاراۋۇللۇق مىلتىقتىن باشقا مىلتىق يوق ئىكەن، ئەگەر بەك زۆرۈر بولسا باشقا تەرەپتىن ئىزدەپ تېپىپ بېرەيلى دىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بايكوشكىتىكى مايۇەنچىڭ ئەسكەرلىرى بىز بىكار ياتالمايمىز، قوبۇقتىكى ۋېيجىڭگو كېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا موڭغۇللار نۇرغۇن ئات، ئوزۇق - تۈلۈك ياردەم



بېرىپتۇ. بىزمۇ قوبۇقتا بېرىپ موڭغۇللاردىن ئات، ئوزۇق - تۈلۈك سورايمىز. بىزگە ياردەم قىلىپ جىمىنەي خەلقىدىن مىنىشلىك ئات يىغىپ بېرىلسە، قولىمىزدىكى قورال - جابدۇق ئاز، قازاق ئەسكەرلەر بىز بىلەن بىللە بارسا، ئەگەر بارمايدىغان بولسا 20 دانە مىلتىق ۋە ئوق قەرز بېرىپ تۇرسا. بىز موڭغۇللاردىن 500 قوي، يۈز ئات، يۈز مىلتىق سورايمىز، ئۇلار ياخشىلىق بىلەن بەرسە بەردى، بەرمىسە موڭغۇللارنىڭ ئاۋۇللىرىنى بولاپ قايتىپ كېلىمىز، دەپتۇ.

شەرىپقان ئۇلارغا بۇنداق قىلىش مۇتلەق توغرى ئەمەس، بىز ھەممە خەلق بىلەن دۈشمەن ئەمەسمىز، ئۇلار بىلەنمۇ بىرلىشىپ ئىشلەيمىز، ئۇلاردىن بىزگە ۋەكىل كەلدى، ئەگەر ئات - ئۇلاق، ئوزۇق - تۈلۈك كېرەك بولسا كېلىشىش يولى بىلەن سوراپ ئالىمىز. سىلەرنىڭ قوراللىق بولاڭچىلىق، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشۇڭلارغا يول قويۇلمايدۇ. تېنچ بولۇپ، دىخانچىلىغىڭلارنى قىلىڭلار، ئەگەر بۇيرۇقتا كۆنمىسەڭلار سىلەرنى قويۇپ بەرمەيمىز دىدى.

5 - ئاينىڭ بىر كۈنى ئەتىگەندە جىمىنەي ھەم بايكوشكىتىكى مايۇەنچىڭ ئەسكەرلىرىدىن يۈزچە ئادەم شەرىپقاننىڭ مۇقول ياغاچ دىگەن يەردىكى ئاۋۇلىنى مۇھاسىرە قىلىپ ئوق ئېتىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىرقانچە ئاتلىرىنى تۇتىۋالدى. شۇ كۈنى مەنمۇ شۇ ئاۋۇلدا ئىدىم. بەش ئالتە كىلومېتىر جايدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ شتابى بولۇپ، شەرىپقاننىڭ يېنىدا پەقەت 20 گە يېقىنلا قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر بار ئىدى. شەرىپقان مۇھاپىزەتچىلەرنى ئۆزى باشلاپ يۈرۈپ مايۇەنچىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى ئوق ئېتىپ دەرھال ئاۋۇلنىڭ يېنىدىكى جىرا بىلەن شتاپقا خەۋەر ئەۋەتتى. كۈن يېڭىلا كۆتىرىلىۋاتقان چاغ، ئۇ-

لارمۇ بىغەم يېتىپتىكەن، مايۇەنچىڭ ئەسكەرلىرى تۇيدۇرماي كېلىپ ئۇلارنىڭمۇ بىرقانچە ئاتلىرىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. بىر بۆلۈم قوزغىلاڭچىلار قالغان ئاتلىرىنى مىنىپ، ئېتى يوقلىرى ئەلدىن ئات تۇتۇپ مىنىپ دەرهال يېتىپ كېلىشتى ـ دە ئاۋۇلىنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان مايۇەنچىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سىرتىدىن مۇھاسىرە قىلىپ ئالدى. ئىچ ۋە سىرتتىن تەڭلا ئوق ئاتـ قاندىن كېيىن مايۇەنچىڭنىڭ ئەسكەرلىرى تەمتىرەپ قېلىپ جىمىنەي تەرەپكە قاراپ قاچتى. قوزغىلاڭچىلار قوغلاپ يۈرۈپ ئېتىشىپ لىفۇ باشلىق 60 ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى. ئالدى ـ ئارقىنى يىغىپ بولۇپ جىمىنەيدىكى مايۇەنچىڭ بىلەن سۆزلەشمەك بولۇپ تۇرغاندا، جىمىنەي ۋە بايكۇشىكتىكى ھەممە ئەسكەرلەر ئۈچـ رىغانلا ئاۋۇلدىن ئات ـ ئۇلاق بۇلاپ سارسۇمبىگە قېچىپ كېـ تىپتۇ. ئەسىر ئېلىنغان لىفۇنىڭ پۇتىغا كىشەن سېلىپ شىتاپقا تاپشۇرۇپ بەردۇق. ئەسىرلەرنىڭ قولىدىكى مىلتىقلارنى تارتىۋېلىپ ئۆزلىرىنى ئەگەر تېرىقچىلىق قىلىمىز دىسەڭلار بايكۇشىكتە تۇرىۋېرىڭلار، ئالتايغا كېتىمىز دىسەڭلار ئۈنىڭغىمۇ رۇخسەت، ئەمدى سىلەرنىڭ كېرىگىڭلار يوق دەپقويۇپ بەردۇق.

## ماخىيىڭنىڭ ئالتايغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ قوغلىنىشى.

ماچىنىڭ ئالتايغا كېلىپ ھېچقانداق ئىش قىلالمىغانلىقىـ دىن خەۋەر ئالغان ماجۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ مۇئاۋىنى ماخىيىڭنى 200 ئەسكەربىلەن ئالتايغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇمۇ ئالتايغا كېلىپلا ئالتۇن كولاۋاتقان تۇڭگانلاردىن ئەسكەر ئېلىپ ئۇلارغا ھەربى تەلىمـ تەربىيە بېرىشكە باشلاپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك يۇرت باشلىقلىرىنى سارسۇمبىگە چاقىرىپ ئۆزىنىڭ ئالتايغا كېلىشـ



تىكى مەقسىدى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ پىكىر ئالماقچى بوپتۇ. لېكىن قازاق ئەل باشلىقلىرىنىڭ بىرسى كەلسە بىرسى كەلمەي، كەلگەنلىرى بىز شەرپىقانسىز جاۋاپ بېرەلمەيمىز دەپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئاندىن ماخىيىڭ شەرپىقانغا سارسۇمبىگە تېزراق كېـ لىشنى سوراپ خەت يېزىپتۇ. شەرپىقان ئۇلارغا تۈرلۈك بانا سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ هازىر بارالمايدىغانلىقىنى ئۇختۇرۇپ جاۋاپ قايتۇردى ۋە يۇرت ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ: «ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ماخىيىڭدىن بىزگە هېچـ قانداق ياخشىلىق يوق. ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلماڭلار، قانـ داق ئىش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا كېيىن خەۋەر قىلىمەن كۈتۈپ تۇرۇڭلار» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى.

بىر كۈنىسى چېگرادىكى سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىـ غى بىزگە تۆۋەندىكىچە خەۋەر يەتكۈزدى: چىگراغا شاخوف كېلىدۇ، شۇ كۈنى شەرىپقان كېلىپ كۆرۈشسۇن، دەپتۇ. ئۇلار بەلگىلىگەن كۈنى كەچتە شەرىپقان، زارىپ ۋە مەن ئۈچىمىز كۆرسىتىلگەن جايغا بارساق، شاخوف، مائاۋىنى سىـ مىرنوف، تەرجىمانى مەممەتوپ يەنە بىرنەچچە ئادەم كېلىپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىزنى يېقىنراق جايدىكى بىر كولخوزغا باشلاپ، قازاق ئادىتى بويىچە قوي سويغۇزۇپ باش تارتىپ مېهمان قىلدى. سۆھبەت جەريانىدا شاخوف: «هازىر شىنجاڭ بويىچە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، جىن شۇرېن قېچىپ كەتتى، شېڭ شىسەي باشچىلىقىدا شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ بىرلەشكەن، ۋاقىتلىق دېموكراتىك ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. خوجىنىياز هاجىمۇ بۇ ھۆكۈمەتنى هىمايە قىلىدىغانلىـ قىنى ئېلان قىلدى. يېڭى قۇرۇلغان بۇ ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ سىياسى

ئىقتىسادى ۋە ھەربى جەھەتلەردە قانداق يۆنۈلۈشتە ئىشلەيدىغانلىغىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىرلەشكەن دىموكراتىك ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى گاڭلىڭىنى (دىكلاراتسىيەسى) ئېلان قىلدى. يېقىندا بۇرھان شەھىدى بىلەن باي موللا باشچىلىغىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىگى ئالتايغا كېلىدۇ.

«سىزلەرمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ ئۆز ۋەكىللىرىڭىزنى ئەۋەتىپ ئۈرۈمچى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنۇتۇڭلار، ئالتايدا يېڭى دېموكراتىك ھۆكۈمەت قۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تېگىشلىك تەدبىر قوللۇنۇڭلار. بىز سىلەرگە مۇشۇ مەسلىھەتنى بېرىمىز. شىنجاڭدا قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمەت جىن شۇرىن ھۆكۈمىتىگە ئوخشاش مىللىتارىست ھۆكۈمەت ئەمەس. ھەقىقى خەلقپەرۋەر دىموكراتىك ھۆكۈمەت بولىدىغانلىغىغا بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز كاپالەتلىك قىلىدۇ. سىلەرنىڭ ئالتايدا ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىڭلانى ۋە سىياسى يۆنۈلۈشىڭلانى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت توغرا دەپ تونۇيدۇ. بىزنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئىشەنچىڭىزلەر مۇستەھكەم بولسا بىزنىڭ سىلەرگە بېرىدىغان مەسلىھىتىمىز: پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى بىرلىشىپ قۇرىدىغان بۇ ھۆكۈمەتكە ھىچقانداق گۇمان قىلماڭلار، بەلكى بىرلىشىپ ئىشلەش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتىپ ئالاقە باغلاڭلار، شۇنداقلا ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ۋەكىللەرنىمۇ قىزغىن قارشى ئېلىڭلار» دىدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇرھان شەھىدى، بايمۇللا قاتارلىقلار باشچىلىغىدىكى يىگىرمە نەچچە كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىگى كەلدى. ۋەكىللەر بىرنەچچە مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئىكەن.



شەرىپقانىمۇ ئۆزىنىڭ 7 ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتاي ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى ھەركەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭدا قۇرۇلغۇسى ھەممە مىللەتلەر بىرلەشكەن دىموكراتىك ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپ، كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمىگىنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ دىموكراتىك تۈزۈمى ۋە سىياسى پىرىنسىپلىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئالتاي ۋىلايىتى نامىدىن يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپ، جۇش ئەبەتەي ئوغلى بىلەن مەنكەن قابىل ئوغلى قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئۇلار بىلەن ئەلەن ۋاڭنىڭ ئوغلى دەلىلقانمۇ بىللە باردى. بۇنىڭ سەۋەۋى ئەلەنۋاڭدا، شەرىپقان ئۈرۈمچى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ ھەممە ئابرويغا ئۆزىلا ئىگە بولىۋالىدىغان بولدى، دىگەن گۇمانى قىلماسلىق ئۈچۈن، ئىتتىپاقلىقنى نەزەردە تۇتۇپ 14 ـ 15 ياشلىق بالا دەلىلقان ئەلەن ئوغلىنىمۇ ۋەكىللەر تەركىۋىگە قوشۇپ ئەۋەتىشكە توغرى كەلدى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ۋەكىللەردىن بايمۇللا ئالتاي ۋەكىللىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتتى. بۇرھان شەھىدى بىز بىلەن بىللە قېلىپ شەرىپقانغا ياردەملىشىپ ئىش باشقۇرىدىغان بولدى.

جىمىنەي ناھىيىسىنى تولۇق تەرتىپكە سېلىپ قابا، بورچىن ناھىيىلىرى بىلەن تېز مۇناسىۋەت باغلىدۇق. سارسۇمبە شەھىرىدە پەقەت ماچىلا قالدى. قىر خەلقى ماچىغا بويسۇنماي، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ ھەممىسى شەرىپقان بىلەن ئالاقە باغلاپ يولىيۇرۇق ئېلىپ تۇردى. ئۇرۇش پاراكەندىچىلىگى تۈپەيلىدىن ھەر جەھەتتە قىينالغان، سىياسى جەھەتتە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنىڭ

زوراۋانلىغىنى تارتقان خەلق، ئەمدى كەڭ ئەركىنلىككە ئىگە بولۇپ تېچ تۇرمۇش كەچۈرۈش شارائىتىغا ئىگە بولۇشقا باشلىدى، خەلقنىڭ تەلىۋى بويىچە جىمىنەي چېگراسى ئارقىلىق سوۋېت هۆكۈمىتى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنۇتۇش زۆرۈر بولغانلىغى ئۈچۈن، شەرىپقان بىلەن بۇرهان شەهىدى مەسلىهەتلىشىپ مېنى چېگرادا تۇرۇپ تاشقى سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ۋەكىل قىلىپ بېكىتىپ بىردىنى سوراپ ئۈرۈمچىگە تېلىگىرام بەردى، ئۈرۈمچىدىنمۇ ماقۇل كۆرۈپ تەستىقلاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئىلگىرى سوۋسىنتورگىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن مالوچىنكوۋ دىگەن كىشى بىلەن چېگرادا سۆهبەت ئۆتكۈزدۇق ۋە ۋاقىتلىق كېلىشىم هاسىل قىلدۇق. ئالتاينىڭ 7 ناهىيىسىدىن خام ماللار كىلىشكە باشلىدى. خەلق تۇرمۇشىغا لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ كونكىرىت قىيىنچىلىقلىرىنى هەل قىلىشقا باشلىدى. چېگرادىن ئۆتۈدىغان ۋە كىرىدىغان ماللارنىڭ هەممىسىگە بۇرۇنقى ساقلىنىپ قالغان تامۇژنا بېجىغا مۇناسىۋەتلىك كونا تالونلارغا تامغا بېسىپ بەش پىرسەنتتىن باج ئېلىپ تۇردۇق. ئىلگىرى جىمىنەيدە تەشكىل قىلىنغان 300 ئەسكەرنىڭ تەمىناتى پەقەت سوقۇشتا قولغا چۈشۈرۈلگەن ئولجا ماللار ئارقىلىق تەمىنلىنىپ كەلگەن بولۇپ، يەتمىگەن قىسمى خەلقتىن ئېلىنىپ تۇرۇلغان ئىدى. ئەمدى باج كىرىمى ئارقىلىق ماددى ئەشيا ۋە پۇل بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدۇق.

ماخىيىڭ شەرىپقاننى ئالتايغا چاقىرتىپ كەلتۈرەلمىگەنلىكىنىڭ ئۈستىگە مايۈەنچىڭ باشچىلىغىدىكى ئەسكەرلەر قوراللىرىدىن ئاجراپ جىمىنەيدىن قېچىپ كەلگەنلىگىنى كۆرۈپ، ئۆزىچە ئاچچىغلىنىپ، شەرىپقاننى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن تا فامىلىلىك ئەسكەر باشلىغى بىلەن 300 ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ،



بورچىندا تۇرۇشلۇق ئەززالىك دىگەن كىشى، تازىخۇينىڭ كېلىۋاتقانلىغىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن 10 نەچچە قوراللىق كىشى بىلەن كېچىلەپ مېڭىپ جىمىنەيگە كەلدى. ئەل يايلاققا چىقىپ كەتكەن، ئەسكەرلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئۆيلىرىگە بىر قىسمى ئات بېقىشقا كەتكەن بولۇپ، جىمىنەيدە پەقەت 40 نەچچە ئەسكەر قالغان ئىدى. ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئازغىنا ئەسكىرىمىز بىلەن تازىخۇيغا تاقابىل تۇرۇشىمىز مۇمكىن بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشى ئالدىدىن تاغدا ئات بېقىۋاتقان ئەسكەرلىرىمىزگە خەۋەر بېرىپ دەرهال يىغىۋالدۇق ۋە تازىخۇيغا: ئەگەر ئۇرۇشۇشقا كەلگەن بولساڭلار سىلەرنى بايكۇشىكتىلا قارشى ئالىمىز، باشقا ئىش بىلەن كەلگەن بولساڭلار ئىككى سائەت ئىچىدە كەلگەن يولۇڭلار بىلەن قايتىپ كېتىڭلار، دەپ ئۇختۇرۇش يازغانلىغىمىز توغرىسىدا شەرىپقان بىلەن بۇرهان شەهىدىگە خەۋەر قىلدۇق.

شەرىپقان بىلەن بۇرهان شەهىدى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىز تاستىنىڭ ئېغىزى دىگەن يەرگە يېتىپ كېلىشىمىزگە ئۇلارمۇ خەلقتىن 400 نەپەر قوراللىق ۋە قورالسىز ئادەم توپلاپ يېتىپ كەلدى.

تازىخۇينىڭ بايكۇشىكتە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان 18 ئەسكىرى بار ئىكەن، ئۇلارنى بىر هۇجۇمدىلا ئەسىر ئېلىپ قوراللىرىنى تارتىۋالغىنىمىزدىن كېيىن قوللىرىغا يوقۇردىكى مەزمۇندا خەت يېزىپ بېرىپ تازىخويغا ئەۋەتتۇق. ئۇلار خەتنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن تازىخوي چىداپ تۇرالماي بەدەر تىكىۋەتتى. ئۇلار «بىز كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتساق ئالدىمىزدىن توساپ هەممىمىزنى ئەسىرگە ئالىدۇ» دەپ قورقۇپ قۇمنىڭ جىيېكىنى بويلاپ قاباغا قاراپ قېچىپتۇ. بىز ئارقىدىن ئادەم ئەۋەتىپ

باقساق تازىخوي ئېرتىش دەرياسىدىن ئات بىلەن ئۆتىمىز دەپ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى سۇغا غەرق بوپتۇ. ئامان قالغانلىرى تاغدىكى ئاق ئورۇسلارغا ئۇچرۇشۇپ سوقۇشۇپ ئېغىر تالاپەت تارتىپتۇ. بۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ غەزەپكە كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدىن بىرسى چىقىپ تازىخوينىڭ كەينىدىن ئېتىپ تاشلاپ ئامان قالغانلىرى ئالتايغا قايتىپ كېتىپتۇ.

بايمۇللا ئۈرۈمچىگە باشلاپ كەتكەن ۋەكىللىرىمىز قايتىپ كەلدى. ئۇلار: شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىرلەشكەن دېموكراتىك ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى، ھەر مىللەتتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەزالار سايلاندى. شەرىپقان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى ۋە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى ھەم ئامانلىق ساقلاش قوماندانى بولۇپ بېكىتىلدى، دەپ يېڭى ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان سىياسەتلەرنى ماختاپ كەلدى. شۇنداقلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالتاينىڭ ھازىرقى ئېھتىياجى ئۈچۈن بەرگەن مىلتىق، ئوق - دورىلىرىنىمۇ ئېلىپ كەپتۇ.

## شەرىپقان ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن

شەرىپقان ۋە بۇرھان شەھىدى مەسلىھەتلىشىپ ئالدى بىلەن ماخىيىڭنى ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك دەپ قارار قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قابا، بورچىن قاتارلىق ناھىيەلەرگە بېرىپ، خەلقنى قوراللاندۇرۇپ، قوراللىق كۈچ ئارقىلىق ماخىيىڭنى ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىش لازىم دەپ، مېنىڭ قولۇمدىكى ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ قابا ناھىيەسىگە كەتتى. تاغدىكى روس ۋە ئوراڭخاي ئەسكەرلىرىنىمۇ



قوشۇۋالماقچى بولدى.

شەرىپقان بىلەن بۇرھان شەھىدى قابادا ئەسكەر توپلاۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغان ماخىيىڭ ئۇلار چوقۇم ھۇجۇم قىلىدۇ دەپ پەرەز قىلىپ، ئالمان - تالمان ئەتراپتىكى جايلاردىن 300 دىن ئارتۇق ئەسكەر قوراشتۇرۇپتۇ ۋە «ئالتاي خەلقى مېنىڭ سۆزۈمگە كۆنمىدى يۇقۇرى - تۆۋەن ھەممە جايدىن يىغىلىپ كەلگەن يەرلىك خەلق، قورال جەھەتتىنمۇ، ئادەم جەھەتتىنمۇ بىزدىن ئۈستۈن، ئەگەر بىزنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالسا ئالتايدىن چىقىپ كېتەلمەي قېلىشىمىز مۇمكىن، ئۇنىڭدىن كۆرە، شەرىپقان ۋە بۇرھان شەھىدىنىڭ بورچىن - قابادىكى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇدۇل ساۋۇر تېغىغا بېرىۋېلىپ ئاندىن تارباغاتايغا ئۆتۈۋېلىشىمىز كېرەك. ئۇ يەردىن ئۈرۈمچىگە بارالايمىز» دېگەن خىيال بىلەن ئالتاينى تاشلاپ يولغا چىقىدۇ، بۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بورچىن، قابادا ئىش يۈرگۈزۈۋاتقان شەرىپقان بىلەن بۇرھان شەھىدىگە دەرھال خەۋەر يەتكۈزدۇق، ئۇلار مۇ خەۋەر تاپقان ئىكەن. شۇڭا ئۇلار قابا، بورچىندىن 500 قازاق ئەسكەر، ئەززالىق ئارقىلىق كىرجاك ئورۇسلاردىن يۈز، ئوراڭخايلاردىن 40 چە ئەسكەر ئېلىپ كېچىلەپ مېڭىپ بەش تېرەك دېگەن يەردىكى بىزنىڭ تۈۋنبۇغا يېتىپ كەلدى. قوبۇقتىكى موڭغۇللارغىمۇ خەۋەر قىلغان ئىدۇق. ئۇلاردىن 200 ئادەم كەلدى. ماخىيىڭ جاكەلاستىغا كېلىپ، ئالدى - كەينىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئۆزى كەينىدە قېلىپ، ساراتۆەنجاڭ دېگەننى 400 نەپەر خىللانغان ئەسكەر بىلەن بىزنىڭ تۆەنبۇنى كېچىلەپ بېسىۋېلىشقا ئەۋەتىپتۇ. ساراتۆەنجاڭ سارقىتباي دېگەن بىر قازاققا يول باشلىتىپ ماڭغان ئىكەن، ئۇ قازاق يول

ئادىشىپ خاتا باشلىغانمۇ ياكى مەقسەتلىك ھالدا ۋاقتىنى كېچىكتۈرگەنمۇ، ئىش قىلىپ كېچىدە يېتىپ كېلەلمەي تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ. بولمىسا تۆەنبۇ ئاندىچىمۇ يىراق يەردە ئەمەس ئىدى.

بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ئۈچ يولغا بۆلۈندى. شەرق تەرەپكە بورچىن قابادىن كەلگەنلەرنى، ئوتتۇرا يولغا كىرجاك روسلار بىلەن ئوراڭخاي ۋە قوبۇقتىن كەلگەن موڭغۇللارنى، غەربىي يولغا جىمىنەينىڭ بۇرۇنقى 300 ئەسكىرىنى ئورۇنلاشتۇردۇق، مېنى مۇشۇ 3 يولغا بۆلۈنگەن ئەسكەرلەرنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى.

ماخيىڭنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى 400 ئەسكىرى ئالدى بىلەن غەربىي يولدىن كېلىپ تېگىش قىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كېلىش يولىمۇ شۇ ئىدى. ئۇلار تۈزلەڭلىكتىن كېلىپ تاققا قاراپ ھۇجۇم قىلدى. بىز تاغ تەرەپتە بولۇپ پۇختا پوزىتسىيە قۇردۇۋالغان ئىدۇق. ماخيىڭ ئەسكەرلىرى جىق چىقىم تارتىپ ئارقىغا چېكىندى. پېشىن ۋاقتى بولغاندا ماخيىڭ ئۆزى كېلىپ ئەسكەرلىرىنى يىغۋالدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 20 كىشى ئاق بايراق كۆتىرىپ بىز تەرەپكە كەلدى، ئۇلار: بىز شەرىپقان، بۇرھان شەھىدى بىلەن سۆزلىشىمىز، دىگەندىن كېيىن ئۇلارنى توسماي ئارقا سەپكە ئۆتكۈزىۋەتتۇق. ئۇلار شەرىپقانلارغا كېلىپ: بىز ئۇرۇش قىلىش مەقسىدىدە ئەمەس ئىدۇق، ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلىرىمىز ئۇقۇشماي ئىش چىقىرىپ قويۇپتۇ. بىز تارغاباتايغا تېچ ئۆتۈپ كەتمەكچىمىز. يەنە ئارىمىزدا ئۇرۇمچىدىن كەلگەن بىر تۈركۈم ئادەم بار ئىدى. شۇلارنى ئۆتكۈزىۋېتىش ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ كەلدۇق دەپتۇ.



بىزگە باش شىتاپتىن ئۇرۇش توختۇتۇلدى، ئوق ئاتماڭلا دىگەن بۇيرۇق كەلدى. بۇ ئۇرۇشتا ماخيىڭنىڭ خېلى كۆپ ئەسكىرى ئۆلدى، نىمە سەۋەپتىن سولھى بولىدىغاندۇ، ئۆزەم بېرىپ ئۇقۇشۇپ باقاي دەپ باش شىتاپقا كەلسەم. شتاپقا مايۇەنچىڭ باشچىلىغىدا 20 نەچچە ۋەكىل كەلگەن ئىكەن، ئىككى تەرەپمۇ سوقۇشمايدىغان، بىز تەرەپ، ماخيىڭنىڭ تارباغاتايغا ئۆتۈپ كېتىشىگە يول بېرىدىغان بوپتۇ. كەلگەن ئەلچىلەر قايتىپ كەتتى، بىز دوربۇن بىلەن قاراپ تۇردۇق. ئارىلىغىمىز يىراق ئەمەس ئىدى. ماخيىڭ ئۆزى چىقىپ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاتتىن چۈشۈردى. ئۆزى ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ بىر نىمىلەرنى دىدى - دە ئاندىن تاققا قاراپ بىردىنلا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردى. مەلۇم بولدىكى ئۇلارنىڭ ئەلچى ئەۋەتىشتىكى سەۋەبى ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ بىزنى بىخۇتلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۆزىنى تەرتىپكە سېلىۋېلىش، شۇنىڭدەك بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قانداق ئورۇنلاشقانلىغىنى بىلىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇلار ئىككى ناھىيىدىن كەلگەن ياردەمچى ئەسكەرلەر قانداق قىلغان بىلەنمۇ ئۇرۇش مەيدانىدا قەتئى تۇرالمايدۇ، روس ۋە ئوراڭخاي ئەسكەرلىرى يازىچە تاغدا ئۇرۇش قىلىپ چارچاپ قالغان، ئۇلاردىن ئانچە خەۋپ يوق، قەتئى سوقۇشىدىغىنى جىمىنەي ئەسكىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي ھۇجۇمنى شەرقىي يولغا قارىتىش كېرەك دەپ قارار قىلىپتۇ.

ماخيىڭ 2000 چە ئەسكەرنى يەڭگىل كىيىندۈرۈپ ئۇدۇل تاغ تەرەپكە ھۇجۇم قىلدى، ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئۇزۇن ساپلىق نەيزە بىلەن قوراللانغان ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئالدىنى توراپ ئوق چىقار-

دۇق. ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارى يىقىلىپ تۇرسىمۇ كەينىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ زورلىشى بىلەن ئىلاجىسىز ئىلگىرىلىمەكتە ۋە تاققا ياماشماقتا ئىدى. بۇ قېتىم ئۇلار ھەممە كۈچىنى شەرقىي سەپكە سالدى، دىگەندەك بورچىن، قابادىن كەلگەن ياردەمچى ئەسكەرلەر قاتتىق تۇرالماي ئاتلىرىغا مىنىۋېلىپ قېچىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ماخىيىڭ ئەسكەرلىرى بىزنىڭ سىرتىمىزدىن ئايلىنىپ تاققا كىرىۋالدى. باش شىتاپ بىلەن ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئەسكىرى ئەۋۋەل پىيادە ئىدى. ئەمدى ئاتلىق بولۇشۇپ بىزنى قورشىۋېلىشقا باشلىدى. قوبۇقتىن كەلگەن 200 نەپەر موڭغۇل ئەسكەرلىرى بىر تالمۇ ئوق ئاتالماي قېچىپ كەتتى. جىڭنەي ئەسكەرلىرىمۇ ماخىيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئەل ئىچىگە كىرىپ كەتسە بولاپ كېتىدۇ (بۇلارنىڭ ئۆي - ۋاقلىرى شۇ يەردە بولغاچقا) دىگەن ئەندىشە بىلەن چېكىنىشكە ئۇرۇنماقچى بولۇشتى. مۇشۇنداق جىددى پەيىتتە روس ۋە ئوراڭخاي ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى چاقىرىپ، نۆۋەتلىشىپ، ئېتىشىپ تۇرۇپ چېكىنەيلى دىگەن قارارغا كەلدۇق. بىز باش شىتاپ تۇرغان يەرگە كەلسەك ئۇلارمۇ چېكىنىپ كېتىپتۇ.

شەرىپقان ئەلنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن ئۆز ئاۋۇلىنى شتاپقا يېقىنراق جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. خادۋاڭ ئاۋۇلنى بالدۇرلا كۆچۈرۈپ، مال - ۋارانلىرىنى ھايداپ سوۋېت چېگراسىغا يېقىن بېرىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۆرە - تۆلەڭگىتلەرمۇ بىللە كۆچۈپتۇ. پەقەت شەرىپقاننى ياقلايدىغانلارلا كۆچمەپتۇ. بىز شەرىپقاننىڭ ئاۋۇلىغا كەلسەك ماخىيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئاۋۇلغا بېسىپ كىرىپ خەلقنىڭ مال - مۈلۈكلىرى-



نى بۇلاۋاتقان ئىكەن. بىز روس ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدۇق. بۇ ئۇرۇشتا ماخىيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سارا دىگەن تۆەنجاڭىغا ئوق تېگىپ ئۆلدى. ئۇلار ئاۋۇلدىن بۇلىۋالغان مال - مۈلۈكلەرنى تارتىۋالدۇق. ھايداشقا يارىغان ماللارنى ھايداپ چىقتۇق. باش شىتاپ شەرىپقاننىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ چىقىشقا ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەن ۋە ئۆزى ئاۋۇلغا يېقىنراق يەردە ساقلاپ تۇرۇپتىكەن. بىز كەلگەندىن كېيىن ئۇ، پۈتكۈل ساۋۇر ئېلىگە: سوۋېت چېگراسىغا يېقىن ئاق كېمەر دىگەن دارا (غول) بار، ئەلنىڭ ھەممىسى شۇ يەرگە كۆچۈپ بارسۇن دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. بىز غولنىڭ بېرىسىدە توڭغايما دىگەن بىرلا يول بار، بۇ يولدىن ماخىيىڭ ئەسكەرلىرىنى قانداق بولمىسۇن توساپ نېرىقى تەرەپكە ئۆتكۈزمەيمىز دىگەن مەقسەت بىلەن ھەممە ئەسكەرلەرنى ئەلنىڭ كەينىدە قالدۇرۇپ ماخىيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قايسى تەرەپكە ماڭىدىغانلىقىنى كۈزەتتۇق.

بۇ ۋاقىت 1933 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئىدى. ساۋۇر تاغلىرىدا قېلىن قار يېغىپ مۇز تاققا قاراپ بارغانسېرى سوغۇق كۈچىيىپ كەتتى. قوبۇقتىن كەلگەن 200 نەپەر موڭغۇل ئەسكەرلىرى سوقۇشقا قاتناشماي كەينىمىزدە قالغان ئىدى. ئۇلارنى ئۆز يەرلىرىگە قايتۇرۇۋەتتۇق. ياز بويىچە سوقۇشقا قاتنىشىپ كەلگەن روس ۋە ئوراڭخاي ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىملىرى يېلىڭ ھەم ھېرىپ كەتكەنلىگى ئۈچۈن بەكمۇ جاپا تارتىپ كەتتى. شەرىپقان بۇلارنى تاغ ئىچىدىكى قازاق قىشلاقلىرىنى تېپىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ تەمىناتىنى تولۇقلاپ بەردىلار، بىر ئاز ھاردۇق ئالسۇن دەپ تاپشۇرغاندىن كېيىن تاغدىكى كۆلداي دىگەن يەردە بوش قالغان بىر قىشلاقنى تېپىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ

قويدۇق ۋە سويۇپ يېيىشكە مال يەتكۈزۈپ بەردۇق. شەرىپقان، بۇرھان شەھىدى، بايمۇللالارمۇ بىز بىلەن بىللە بولۇپ ھەممىمىز بىر ئېغىلسىماق ئۆينى تېپىپ ئوت يېقىپ ئىسسىنىۋالدۇق. گۇزەتتىكى ئەسكەرلەردىن باشقا ئەسكەرلەرمۇ ھاردۇق ئېلىپ، ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى قۇرۇتۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قانچە قوي ۋە كالا تېپىپ كېلىپ سويۇپ ئوزۇقلاندۇق. ئوبدان ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئەتىسى شەرىپقان، بۇرھان شەھىدى ۋە بايمۇللالار مەجلىس ئېچىپ، كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا مۇنداق قارار قىلىشتى: ئەلنىڭ ئالدى - كەينىنى يىغىپ، سوۋېت چېگراسىغا يېقىن ئاق كېمەر غولىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، توڭغايماننىڭ يول ئېغىزىغا پۇختا ئىستىھكام قۇرۇپ، ماخېينىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى گۈزۈتۈپ باقايلى. ئۇلار ئۇرۇشماستىن تارباغاتايغا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولسا، ئالدىن ئالا تارباغاتايغا خەۋەر بېرىش؛ ماخېينىڭ بىلەن بولغان ۋەقەلەرنى تېلېگىرام ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن بۇرھان شەھىدى سوۋېت چېگراسىدىن ئۆتۈپ چاغان ئوبا ئارقىلىق تارباغاتايغا بارسۇن. ئەگەر ئۇلار ئارقىمىزدىن قوغلىشىپ كېلىپ سوقۇشماقچى بولسا ئۇ چاغدا تۇڭغايماننىڭ يولىنى توراپ سوقۇشۇپ جازاسىنى بېرەيلى، ئاندىن قابا ۋە بۇرچىندىن ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلەر ھەم روس ئەسكەرلىرى بىلەن ئوراڭخاي ئەسكىرىمۇ ئۆز يېرىگە قايتسۇن.

ماخېينىڭ بىز بىلەن سوقۇشقان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەلەن ۋاڭنىڭ موللىسى ئاق چۆردىن دېگەننى ئەۋەتىپ: بىز قازاقلار بىلەن سوقۇشماقچى ئەمەس ئىدۇق، بەزى بىر ئوقۇشماسلىقلار سەۋەبىدىن ئوق چىقىرىشىپ ئادەم ئۆلۈش ۋەقەلىرى بولغانلىقتىن مېنىڭ ئەسكەرلىرىم قاراپ تۇرالماي سوقۇشۇپ قالدى. ئەمدى مېنىڭ پىكرىم شەرىپقان مۇناسىۋەتلىك ئادەملىرى بىلەن كېلىپ مەن بىلەن سۆزلەشسۇن، بىزنىڭ ئەسكەرلەردىن بىر ئاز كىشى چىقىم بولدى، ئۇنىڭدىن قورقمىسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىمدىن قىساس ئالمايمەن، ئەسكەرلەر ئالغان ئولجىلارنى ھەم شەرىپقاننىڭ ئۆي - جاھاز، مۈلۈكلىرىنى، خەلقتىن بولۇۋالغان ماللارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىمىز. مەن بۇ يەرگە ماڭغاندا ماجۇڭيىڭ ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: ئالتايغا بارغاندىن كېيىن قازاقلار بىلەن بىرلىشىپ يەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇڭلار، شەرىپقان بىلەن ئىككىڭلار ئالتايدىن 3000 ئەسكەر ئۇيۇشتۇرۇپ تارباغاتايغا بېرىپ ئۇ يەردىن قازاق، ئۇيغۇر، تۇنگانلاردىن يەنىمۇ جىقراق ئەسكەر ئېلىپ ئۈرۈمچىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ياردەم بېرىڭلار، ئېلىدىكى جاڭپېيۋەن ئارىمىزدىكى كېلىشىم بويىچە ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىنى ئازات قىلىش ئىشىغا ياردەملىشىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ماخوسەن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىدۇ. مەن ئۆزەم ئۈرۈمچىنىڭ شەرىق تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتىمەن، ھەممىمىز تەرەپ - تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلساق شېڭ شىسەي قورماقچى بولۇۋاتقان بىرلەشكەن ھۆكۈمەت دېگەن بىر نىمىنىڭ ۋەتۋەرگىنى چىقىرىۋېتىمىز دېگەن ئىدى. ئوقۇشماسلىق سەۋەبىدىن ئارىمىزدا سوقۇش بولۇپ قالدى. ئەمدى مەن بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە بارمىساڭلارمۇ بۇندىن كېيىنكى ئىشلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى مەسلىھەتلىشىپ ئالايلى. ئەگەر سۆزگە كۆنمەي كېلىشنى خالىمىساڭلار ئۇ چاغدا مەندىن ھېچقانداق ياخشىلىق كۈتمەڭلار. پەقەت ئۆز بېشىڭلارغىلا ئەمەس پۈتۈن ئەللىرىڭلارغىمۇ ئېغىرچىلىق بولىدىغانلىقىنى

ئويلاپ كۆرۈڭلار. كېلىدىغان بولساڭلار بىرەر كۈن ساقلايمەن. كەلمىسەڭلار ھايال بولماي تارباغاتايغا كېتىمەن، لېكىن كېيىنكى جاۋاپكەرلىكتىن قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقلىرىڭلارنى ئەسكەرتىمەن، دەپتۇ.

بۇرھان شەھىدى قارار بويىچە سوۋېت چېگراسىدىن ئۆتۈپ چاغانئوبا ئارقىلىق تارباغاتايغا ئۆتمەكچى بولۇپ كەتكەن ئىدى. ماخىيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئالدىغا ئۆتىۋالغانلىقتىن بارالماي قايتىپ كەپتۇ. شەرىپقان تارباغاتاي - ئۈرۈمچى تەرەپتىكى تونۇش - بىلىش ئادەملىرىگە، بولۇپمۇ قازاقلارغا مەخسۇس خەت يېزىپ: ماخىيىڭنىڭ ئالتايغا كەلگەندىن كېيىنكى قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى پاش قىلىپ ئۇنىڭ يالغان گەپ سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كەتمەسلىكىنى تاپىلىدى ۋە ماجۇڭيىڭ، ماخىيىڭلارنىڭ قولىدا خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن دېخانلار قوزغىلىڭىنى ئۇگۇشسىزلىققا ئۇچرىتىپ ئەمدى ئۈرۈمچىنى پاراكەندە قىلىپ پۈتۈن شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى بىرلىشىپ قۇرغان دېموكراتىك ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى بولىۋاتقانلىقىنى پاش قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگىلا ئىشەنمەسلىك ۋە ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ قالماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ئۈچۈن ئالدىن ئالا ئادەم ئەۋەتتى.

شەرىپقان ئالتايدا رەسمى قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ ئۆزىمىزنى قوغداپ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، جەمئىيەت تەرتىۋىنى ئورنۇتۇش ئىشلىرىدا ياردەملىشىش ئۈچۈن بوقاتنى ئالتاينىڭ ھاكىملىقىغا بەلگىلىدى. بۇرھان شەھىدى ئالتايدا ئۆتۈلگەن ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەتتى.



مەن شەرىپقاننىڭ تاپشۇرىقى بويىچە، ئۇنىڭ چېگرىدىكى ۋەكىلى سۈپىتىدە تاموژنا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن جېمىنەيدە قالدىم. مېنىڭ قولۇمدىكى 300 ئەسكەر يەنە بىر نېتىم تاللىنىپ رەتكە سېلىنغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى سەنمۇجاڭ مەسەلىمىنىڭ قوماندانلىقىدا شەرىپقان بىلەن ئالتايغا كەتتى. كېيىن بۇ ئەسكەرلەر 3 - چېگرا ئەترىتى بولۇپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. بۇنىڭ سىرتىدا يەنە ئالتاي شەھىرىدە خەۋپسىزلىكنى ساقلاش ئۈچۈن ساقچى ئەترىتىمۇ قۇرۇلدى. مەمۇرى تەرەپتىن ئالغاندا، ئالتاي بۇرۇنقىدەك 7 ناھىيە بولۇپ، مەسئۇل خىزمەتلەرگە ئىنقىلاۋى قوزغىلاڭ جەريانىدا خىزمەت كۆرسىتىپ كۆزگە كۆرۈنگەن مەلۇم ئادەملەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىنىپ، تەستىقتىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن رەسمى بەلگىلەندى.

## جاپالىق يىللاردىكى مۇشەققەتلىك كۆرەش

33 - ، 34 - يىللىرى ئالتاي خەلقى ئۈچۈن ئېغىر يىل بولدى، توختىماي يۈرگۈزىلگەن ھەربى يۈرۈش ۋە ئۇرۇش تۈپەيلىدىن چارۋىچى خەلقلەر كۆپ پاراكەندە بولۇپ ئېغىر قېيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئۆز ۋاقتىدا قىلىنىشقا ئىمكانىيەت بولماي كۆپلىگەن يەرلەر ئاق قالدى. ئادەم ۋە مال ئوخشاشلا چىقىمغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ ئىستىبدات ھۆكۈمەتنىڭ ۋە ماخىيىڭنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى نەتىجىسىدە خەلق بەكمۇ ۋەيران بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن قالماي «جۇت يەتتە ئاغىنىلىك» دېگەندەك، يازدا يامغۇر ئاز بولۇپ يەردىن چۆپ چىقمىدى، كۈزلىكى يامغۇر

جىق بولۇپ قىش پەسلىنىڭ بالدۇرلا كىرىشى بىلەن يە
جاھان مۇزلاپ كەتتى. جانلىق مال چىقىمىنى ھىساپقا ئ
ىلغاندا ۋىلايەت دائىرىسىدىكى 7 ناھىيىدە ئومۇمى يۈزل
ئاچارچىلىق باشلاندى. بۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتنى تۈزىتىش ئۈچ
شەرىپقان يەرلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن تۆۋەندىكى چار
تەدبىرلەرنى قوللاندى: ئەڭ ئالدى بىلەن خەلقنى ئوز
بىلەن تەمىنلەپ ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، سوۋ
ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئارقىلىق كېلىشىم قىلىپ جېمىنە
قابا قاتارلىق ئىككى ناھىيە چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، سوۋېت ھۆك
ىتىدىن ئاشلىق ئالىدىغان بولدۇق. سوۋېتلەر ئىتتىپاق
ئېزىلگەن مىللەتلەرگە ياردەم قىلىش پرىنسىپى بويىچ
ئالتاي خەلقىگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى. بېرىلىدىغا
قەرز ئاشلىققا ھىچقانداق قوشۇمچە مەنپەئەت تەلەپ قىلماس
تىن ئالتاي خەلقىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يىلمۇ - يىل بۆلۈ
تۆلەش شەرتى بىلەن نۇرغۇن مىقداردا ئاشلىق سېتىپ بەردى
ئۇ ۋاقىتلاردا چېگرىغا يېقىن يەرلەردە ئاشلىق يوق، تەييا
قاتناش يولىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا سوۋېت ھۆكۈمىتى يىراق
يەرلەردىكى ئاشلىقنى ئۆزلىرى چېگراغا يېقىن جايلارغا يۆتكەپ
بەردى. بىز تەرەپنىڭ ئات، تۆگە، كالىلار بىلەن چېگرىدىن
سوۋېت يېرىگە ئۆتۈپ ئاشلىق ئېلىشىمىزغا رۇخسەت قىلدى
بۇ يەردىكى كولخوزلار، ئاشلىق توشۇش ئۈچۈن بارغان ئادەم
لىرىمىزگە قونالغۇ ئۆي ۋە ئىسسىق تاماق، ئۇلاقلىرىمىزغا
يەم خەشەككە قەدەر بېرىپ ئوبدان كۈتىۋېلىپ تۇردى. يەنە
خەلق تۇرمۇشىغا لازىملىق ئىستىمال بۇيۇملىرى، چاي، شېكەر،
گەزمال، چىنە - قاچا قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ بەردى. بولۇپمۇ
تېرىقچىلىق سايمانلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ پۇلىنى كېيىن



ۆلەش شەرتى بىلەن سېتىپ بەردى. بۇ مەزگىللەردە ئالتاي
خەلقىنىڭ ئەھۋالى شۇنچىلىك ئېغىر ئىدىكى، گەرچە سوۋېت
ەرەپ بىزگە ھەر خىل ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى بەرگەن
ولسىمۇ خەلق ئۇنى توشۇپ ئەپكىلىۋېلىشقا ئىلاجىسىز قالغان
ىدى. بۇ ئېغىر ئەھۋالدىن خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن،
شەرىپقان ھەر قايسى ناھىيىلەرگە ئوقتۇرۇش ئەۋەتىپ،
ھەر بىر ئاۋۇلدىن مەسئۇل ئادەم بەلگىلەپ خەلقنى
تەشكىللەش، ئۇلاقلارنى كارۋانلاشتۇرۇش ئاساسىدا، مىڭنىڭ -
سىڭنىڭ دىمەي ئاشلىق توشۇشقا ئىشلىتىش، ئۇلاقلىرى يوق-
لار بولسا يېقىنراق يەردىكى ئاشلىقلارنى يۈدۈپ توشۇش
قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئاشلىقنى توشۇۋېلىش ۋەزى-
پىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. توشۇپ كېلىنگەن ئاشلىقلارنى ھەر
بىر ئائىلىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ تەقسىم قىلىپ
بېرىشنى بەلگىلىدى. ئىشلەشكە ئىمكانىيىتى بولغان ھەممە
ئەمگەك كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ قار بېسىپ قالغان چۆپ-
لەرنى ئېچىپ چىقىرىش، دەرەخ قوۋزاقلىرىنى يىغدۇرۇش قا-
تارلىق ئامالىلارنى قوللىنىپ، ئورۇق ماللارنى باقتۇردى. سوۋېت
چېگرىسىغا يېقىن جايلاردىكى ماللارنى سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن
قىشلاق ئارىيەت ئېلىپ چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ باقتۇرۇش قاتار-
لىق چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى. شەھەرلەردە بىر نەچچە
جايغا داش قازان ئاستۇرۇپ يەيدىغىنى يوق ئادەملەرگە
كۈنىگە 2 قېتىم تاماق بەرگۈزۈپ تۇردى. سويۇشقا مېلى بار
مال ئىگىلىرىگە مېلى يوق كەمبىغەللەرگە پۇلىنى كېيىن ئې-
لىش شەرتى بىلەن قەرزگە بېرىپ تۇرۇشى توغرىسىدا
تەربىيە يۈرگۈزدى. ھال - ئوقىتى ياخشى ئائىلىلەرگە
خوشنا ئولتارغان يەيدىغىنى يوق مۇھتاجلارنى قىشتىن ئامان

چىقىرىشقا كىرىشىل قىلىپ ھوددىگە بەرگۈزدى. ئاشۇنداق چار تەدبىرلەر بىلەن خەلق تۇرمۇشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشتە تاشقىرى يەنە بىر قىسىم ئاشلىقلارنى ئورۇقلۇققا ئېلىپ قىلى 34 - يىل يازنىڭ كىرىشى بىلەن پۈتۈن خەلق ۋە ئىشچى خىزمەتچىلەرگە ئومۇمى يۈزلۈك ئۇقتۇرۇش قىلىپ دېخانچىلى قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە ئىجرا قىلىشقا تىگىشلىك ۋەزى قىلىپ بىكىتتى.

ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئالتايدىكى كۆپچۈلۈك چارۋىچىلى تېرىقچىلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللانمايتى. دىخانچىلىق قىلى دىگەن كىشىلەردىمۇ تۈزۈككىنە دىخانچىلىق جابدۇقلىرى بولمايتى. شەرىپقان سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلۈشۈپ جىمى نەي چىگىرىسى، ماي قاپچىغاي، قابا چىگىرىسى، ئالقابەك قاتار لىق جايلار ئارقىلىق بولوق، سۆرەم، ئورما ماشىنىلىرى ئاشلىق سوقۇش ماشىنىلىرىغا ئوخشاش دىخانچىلىق قوراللى رىنى ئالدۇرۇپ دىخانلارغا پۇلنى كىيىن تۆلەش شەرتى بىلەن سېتىپ بەردى. ئالتاي تارىخىدا تۇنجى قېتىم 2 دانە تىراك تۇر ئالدۇرۇپ شەھەر ئەتراپىدىكى ئاۋىتان دىگەن يەردە ھەربىيلەرنى تەشكىللەپ دىخانچىلىق قىلغۇزدى. تېرىش، ئورۇش، باستۇرۇش ۋاقىتلىرىدا شەرىپقان ئۆزى چىقىپ ئەسكەرلەر بىلەن ئوخشاشلا جىسمانى ئەمگەككە قاتنىشاتتى، ئەسكەرلەرگە ئىلھام بىرەتتى. شۇنداق قىلىپ كۈزلىگى ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن ئاۋىتاندا يەنە بىر يىلقا ئۆستۈرۈش فېرمىسىنىمۇ قۇرۇپ بەردى. بۇ فېرما ئۈچۈن سو ۋېت ئىتتىپاقىدىن 6 دانە نەسىللىك ئايغىر سېتىۋېلىپ، بۇنىڭغا 150 دانە يەرلىك بايتال قوشۇپ ئۇنىڭ



بېقىلىپ يېتىشتۈرۈلىشىگە ئەسكەرلەرنى مەسئۇل قىلدى.

شەرىپقان ئەسكەرلەرنى پەقەت چارۋىچىلىق، دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندۇرۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ھەربى ئىشلارغا دائىر بىلىمىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ھەر دائىم ئۇلارنىڭ ھەربى ئىنتىزامى، ھەربى ئىشلارغا دائىر ئۇرۇش تاكتىكىسى توغرىسىدىكى بىلىمى توغرۇلۇق بىۋاستە سۆزلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى. بايرام كۈنلىرى ھەربىيلەر نىڭ كۆرەكلىرىنى ئۆتكۈزۈپ ھەربى مەشق ماھارەتلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىپ تۇراتتى.

## شەرىپقاننىڭ مەدەنى - مائارىپ جەھەتتە ئىشلىگەن بەزى خىزمەتلىرى

1933 - يىلدىن ئىلگىرى، ئالتاينىڭ 7 ناھىيىسىدە دىگىدەك بىرمۇ يېڭىچە مەكتەپ يوق ئىدى. بەزىبىر ئەل باشلىقلىرىنىڭ ئاۋۇلى ئەتراپىدا كۆچمەن ھالەتتىكى بىرەر - يېرىم دىنى مەكتەپ بولۇپ بۇنىڭدا پەقەت باي ئادەملەرنىڭلا باللىرى ئوقۇيالايتتى. بەزى چوڭراق بايلار باللىرىغا دىن ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىدە موللا تۇتاتتى. بۇنداق ئوقۇغان باي باللىرىنىڭ تولىسى چالا ساۋات موللا بولۇپ چىقاتتى. موڭغۇللارنىڭ كۆرەلىرىدىمۇ (بوتخانىلىرىدا) لامالار مانجى (شاگىرت) يىغىپ دىنى دەرس ئوقۇتاتتى. ئۇلاردىمۇ ھىچقانداق يېڭىچە مەكتەپ بولمىغان ئىدى. شۇڭا خەلقلەر ئاساسەن جەھەتتىن ساۋاتسىز ئىدى.

شەرىپقان خەلقنىڭ مەدەنى - مائارىپ ئىشلىرىغىمۇ ئىنتايىن ئېتىۋار بىلەن قارىدى ۋە تۈرلۈك چارە تەدبىرلەرنى قوللى

نىپ مەدنى ـ مائارىپىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا بەل باغلىدى. بىرىنچى قەدەمدە يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇش ۋە ئېچىشنى يولغا قويۇپ، بۇ خىزمەت جەھەتتە ماڭا خېلى مۇھىم ۋەزىپە تاپشۇردى.

مەن 1933 ـ يىلى شەرىپقاننىڭ بۇيرۇغى بويىچە سوۋېت قازاقىستانىنىڭ زايسان ناھىيىسىگە بېرىپ ئوقۇش كىتاب مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولدۇم. ئالتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بەرگەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ ئوقۇش كىتاۋى ئەكېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسى تەستىقلىنىپ كەلگەندىن كېيىن مەن دەرھال سەپەرگە ئاتلاندىم. زايسانغا بارغاندىن كېيىن قازاقىستان ھۆكۈمەت كىشىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ قازاقچە ئوقۇش كىتاۋى ئېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدىم. بۇ كىتاپلارنىڭ ھەممىسى كونا ئەرەب يېزىغىدا بېسىلغان كىتاپلار بولۇپ، 1930 ـ يىلى قازاقىستان يېزىق جەھەتتە لاتىن يېزىغىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كونا يېزىقتىكى كىتاپلار يىغىۋېلىنىپ ساقلاپ قويۇلغان كىتاپلار ئىكەن. مەن ئۇلار كۆرسەتكەن بىر نەچچە ئىسكىلاتنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئاران 3000 دانە ئوقۇش كىتاۋى تاپتىم. بۇ كىتاپلار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپىدىن 7 ـ سىنىپىغا قەدەر ئوقۇتۇلىدىغان قازاق تىلى، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، خىمىيە، فىزىكا، تەبىئەت ۋە مۇئەللىملەر ئۈچۈن قوللانما قاتارلىق كىتاپلار ئىدى. ئېلىپ كەلگەن كىتاپلار گەرچە سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ دەل شۇ چاغدىكى شارائىتتا ئوقۇش ماتېرىياللىرىغا بولغان قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشتا رولى ئىنتايىن چوڭ بولدى. مۇئەللىم ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئىلگىرى روسىيەدە ئوقۇغان



بىرنەچچىلا كىشى يەنى پىداگوك كېرىم، مىرزا ئەخمەت، ئەخمەت زەكى، سەلىم، شابدان، خۇسەيىن پەيزىراخمان، زىيار، سادىق، سابىت، مامىرقان قاتارلىق بىر قانچە ياشانغان كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى. مەكتەپتىكى ھەممە ئوقۇغۇچىلارغا كىتاپ يېتىشمەيتتى، شۇڭا بىر نەچچە بالا بىر كىتاپتىن ياكى كۆچۈرۈپ ئالغان نۇسخىلىرىدىن پايدىلىناتتى. يۇقۇرىدا ئىسمى ئاتالغان كىشىلەر كېيىنكى كۈنلەردە ئالتاينىڭ مەدنى-مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك ئەمگەك سىڭدۇرگەن مائارىپچىلار بولۇپ قالدى. «كۆچ يولدا تۈزۈلىدۇ» دىگەندەك شەرىپقاننىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىگىدە يولغا قويۇلغان مەدنى-مائارىپ ئىشلىرى ناھايىتى تېز راۋاجلاندى. 39 ـ يىلغا قەدەر 7 يىل جەريانىدا ئالتاي بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 67 گە ئوقۇغۇچىلار 500 نەپەرگە يەتتى، بۇندىن تاشقىرى ۋىلايەت بويىچە بىر تولۇق ئورتا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، بۇنىڭدا 100 دىن ئارتۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشتۇرۇلدى. 34 ـ يىلدىن 39 ـ يىلغا قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۈچ قېتىم موڭغۇل، قازاق ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ 21 نەپەر ئوقۇغۇچى چىقىرىلدى. ئۈرۈمچىگە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلار ئەۋەتىلىپ شۆيۈەن، تېخنىكوم ۋە ھەربى مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىقتى. ئالتاينىڭ 7 ناھىيىسىنىڭ ھەممىسىدە مەكتەپلەر تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن ھەر بىر مەكتەپتە ساۋات چىقىرىش كەچلىك كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۆتمۈشتىنلا پۈتۈنلەي ساۋاتسىز بولۇپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ئەر ـ ئايال ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار، ھەتتا قېرىلارمۇ كەچ كۇرۇسلاردا ئوقۇپ ئازلا ۋاقىت ئىچىدە ساۋادىنى چىقىرىپ ئالدى. كۆپلىگەن كىشىلەر گېزىت كىتاپلار ئوقۇيدىغان ۋە ئۇنىڭغا تەشنا بولىدىغان ھالەت پەيدا

بولدى. مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ
خەلقنىڭ مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىغا بولغان
ئارزۇسىمۇ بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەردىكى ياش
ئوقۇتقۇچىلار بىلەن چوڭ ياشلىق ئوقۇغۇچىلار ناھىيىلىك
ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن سانايى
نەفىسە، ئويۇن تىياتىر كورژوكلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى ۋە
جايلارغا بېرىپ ئەدەبىيات كېچىلىرى ئۆتكۈزۈپ خەلق ئاممى-
سىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇ
ئىشلارنىڭ بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ئالدىنقى
سەپكە ياردەم قىلىش، ۋەتەننى قوغداش ئىدىيىسىنى ئۆستۈرۈش
جەھەتتە ئوينىغان رولى ئالاھىدە بولدى.

ھەممە جايدا مەكتەپلەر ئېچىلىپ، مائارىپ ئىشلىرى
راۋاجلىنىپ خەلق ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغانسىرى كۆپچىلىكنىڭ
مەتبۇئاتقا بولغان تەشنالىقى كۈچەيدى. شەرىپقان خەلقنىڭ
بۇ جەھەتتىكى ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئالتايدىكى
سوۋېت كونسۇلى بىلەن سۆزلىشىپ سوۋېت قازاقلىرى لاتىن
ھەرپىگە كۆچۈشتىن ئىلگىرى ئىشلەتكەن ئەرەب يېزىقىدىكى
باسما ماشىنىسىنى پۈتۈن جابدۇق ھەرپ ۋە قېلىپلىرى
بىلەن سېتىۋالدى ۋە بۇ ماشىنىنى 1935 ـ يىلى ساۋسېن-
تورگ ئارقىلىق ئالتايغا يۆتكەپ ئەكەلدۈرۈپ
ئالتايدا تۇنجى قېتىم مەتبەئە زاۋۇتىنى قۇردى. سوۋېت
ئىتتىپاقىمۇ بۇ ماشىنىنى ئىلگىرى ئىشلەتكەن مىخانىكلىرىدىن
بىر كىشىنى بىللە ئەۋەتىپ ماشىنىنى قوراشتۇرغۇزۇپ
بەردى. شەرىپقاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئالىم خۇسەيىن
ئوغلى بىلەن ئاسقار تاتانايى ئوغلىنى بۇ مىخانىكتىن
ماشىنىنى باشقۇرۇش ھەرىپ تىزىشتىن تارتىپ گېزىت



پىسىپ چىقارغىچىلىك بولغان تېخنىكىلىق ھۈنەرنى ئۆگىنىۋې-
ىشقا بەلگىلىدى. ۋە ياشلاردىن ئەر ـ ئايال 12 نەپەر كىشى باسما
ىشلىرى توغرىسىدىكى دەسلەپكى تېخنىكىلىق ھۈنەرنى ئۆگىنىشكە
ىردىشىپ ئالتايدا تۇنجى قېتىم قازاق نابورچىكلىرى بارلىققا
ەلدى. شۇنىڭ بىلەن 1935 ـ يىلى تۇنجى قېتىم «ئالتاي» گېزىتىنى
پىسىپ چىقاردى. 36 ـ يىلى «يېڭى ئالتاي» ژورنىلى بېسىپ
چىقىرىلدى. قازاق تىلىدا چىقىرىلغان بۇ گېزىت ـ ژورناللار
ەينى زاماندا ئالتاي خەلقىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە
خېلى تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

«ئالتاي» گېزىتى ۋە «يېڭى ئالتاي» ژورنىلى نەشىر
ىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ تەشۋىقات نىشانى خەلقنى
ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى قوزغاشتىن ئىبارەت بولۇپ
شۇ ۋاقىتتىكى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ماھىيىتىنى
چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى
كۈچەيتىش، خەلقارا ئەھۋاللاردىن خەۋەردار قىلىش، ھەممە كىشى-
لەرنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان
ئىرادىگە ئىگە قىلىش مەقسىتىگە يېتىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلدى.
شەرىپقان بىزنىڭ مەتبۇئاتچىلىق ئىشىمىزغىمۇ ئۆزى بىۋاستە
كۆڭۈل بۆلۈپ گېزىتىمىزگە ئۆز قولى بىلەن ماقالە يېزىپ
تۇردى.

شەرىپقان 1935 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 7 ناھىيىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ئالتاي ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازات بولغاندىن
كېيىن، خەلقنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈ-
شىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، قانۇن ـ ئەدلىيە ئىشلىرىغىمۇ
ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇزۇن
يىللىق تارىختىن كېلىۋاتقان، فېئوداللىق ئادەت كۈچكە

ئايلىنىپ قالغان تەڭسىزلىكنى، ھەددىدىن تاشقىرى ئېكسپ
تاتسىيىنى تۈگىتىش ئۈچۈن تەدرىجى كۈرەش قىلدى. قە
لەۋازىلىق، سۆڭەكداشلىق تۈپەيلىدىن ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىش
مايدىغان ئادەتلەرنى تۈگىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. خە
ئىچىدىكى زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغۇچىلارنى، ئوغرىلىق - بۇلا
چىلىق بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنى مەيلى قاند
ئادەم، قايسى قەبىلە بولىشىدىن قەتئى نەزەر، قانۇن بوي
جازالاشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىلگىرى ئەل باشلىقلىرى دېيىلىپ
ئاتىلىدىغان چوڭ چارۋا ئىگىلىرىنىڭ پۇخرالارنى ھەر خىل باھا
نىلارنى سەۋەپ قىلىپ ئۆزى بىلگىنىچە جازالايدىغان، جەرىما
ئالىدىغان، «بىرگە توققۇزكېسىم» دەپ ھۆكۈم قىلىپ خەلقنى
ئىلىكىنى شورايدىغان فېئوداللىق قانۇن تۈزۈملەرنى ئەمە
دىن قالدۇردى. ھەممە جايدا سوت ئورۇنلىرى قۇرۇلۇپ ھەرخ
جىنايى ئىشلار، ھەق - دەۋا ئىشلىرى ۋە باشقا قاتارلىقلارنى
ھەممىسى يېڭى تۈزۈم، يېڭى قانۇن بويىچە ھەل قىلىنىدىغا
بولدى.

ئالتايدىكى قازاق، موڭغۇل چارۋىچى خەلقى ئۇزۇ
يىللاردىن بۇيان چوڭ - كىچىك ئەل باشلىقلىرى دەپ ئاتا
لىدىغانلارنىڭ ھەر يىلى خەلقتىن يىغىۋالىدىغان «قازا
ئالۋاڭ» دىگەن سېلىقنى تۆلەشتەك ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچرا
كېلەتتى. شەرىپقاننىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە بۇندا
ئالۋاڭنى توختۇتۇش ھەققىدە كەڭ تۈردە تەشۋىقات ۋە نەس
ھەت ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىش نەتىجىسىدە مەزكۇر ئەل
باشلىقلىرى دەپ ئاتىلىدىغان چارۋا ئىگىلىرى، چوڭ - كىچىك
ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ پۇقرالارنى ئېزىپ كەلگەن «قازان
ئالۋاڭ» دىگەن بىرنىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قايىل



لۇشتى. ئەڭ ئالدى بىلەن شەرىپقاننىڭ بىر تۇققان ئاكىسى
ەلەن جۇڭۋاڭ، بۇرچىندىكى كەكەن تەيجى، موڭغۇللاردىن
ەبىن بەيسى قاتارلىقلار باشلامچىلىق قىلىپ ئۆزلىرى
ېزىتكە ماقالە يېزىپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن بېرى ئادەت
ۋچىگە ئايلىنىپ قالغان خەلقتىن ئالىدىغان قازان ئالۋاڭ،
نىنىش ئات دىگەنگە ئوخشاش زوراۋانلىق تۈزۈمىنى پۈتۈنلەي
ىكار قىلىمىز. قالمىش ھەممە ئەل باشلىقلىرى بىزدىن ئۈلگە
قازان ئالۋىڭىنى توختاتسۇن، دەپ ئېلان قىلدى ۋە
باشقىلارغا مۇراجىئەت قىلدى. ئاندىن كېيىن ھەممە چوڭ -
كىچىك ئەل باشلىقلىرى ئۇمۇمەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ
بۇنداق ئالۋاڭنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى
بىلدۇرۇپ بەس - بەس بىلەن گېزىتتە ئېلان قىلىشتى. بۇندىن
باشقا يەنە ئۇزاق يىللاردىن فېئوداللىق دىنى خوراپات
بولۇپ كەلگەن ئادەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا
موڭغۇللاردىن تەبىن بەيسى، ئەلسىن گوڭ، ئورۇشقا زالىڭ
دىگەن كىشىلەر ئۆلگەن ئۆلۈكنى كۆممەستىن دالىغا تاشلا-
ۋېتىش قاتارلىق ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، ئاغرىقنى داۋالىتىش،
ئۆلۈكنى كۆمۈش توغرىسىدا گېزىتكە ماقالىلارنى يازدى. ۋە
مۇندىن كېيىن خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاش، مۇھىت
تازىلىقىنى ئاسراش ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ خوراپاتچىلىق
ۋە يامان ئادەتلەرنى تۈگىتىمىز دەپ ۋەدە قىلىشتى.

شەرىپقان ئالتاي خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ تېزلا
ۋاقىت ئىچىدە خەلقنى تىچ - خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە
قىلدى. ئۇ ئۆز خىزمىتىدە ئەستايىدىل بولۇپ ھەر قانداق
خىزمەتنى چوڭ - كىچىك دىمەي ئۆزى بىۋاستە ئىشلەيتتى،
سۈرۈشتۈرەتتى. ئۇ ھەر يىلى كەچ كۈزدە ھەرقايسى ناھىيىلەر-

دىن ۋەكىل خاراكتېرىدىكى ئادەملەرنى چاقىرىپ، ئۆز خىزمى-
تىدىن دوكلات بېرىش ۋە خەلقتىن پىكىر ئېلىش يىغىنى
ئۆتكۈزەتتى. ئۇ شۇنداق قىلىپ كېيىنكى يىلدا نىمىلەرنى
ئىشلەش مۇھىم، قانداق ئىشلارنى قانداق لايىھىلەش
لازىملىقى توغرىسىدا ئويلۇناتتى ۋە خەلقنىڭ پىكىرىگە
ئاساسەن پىلان لايىھىلەرنى تۈزۈپ چىقاتتى. ئۇ، خەلقنىڭ
تۇرمۇشىغا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلەتتى، چارۋىچىلار ۋە دېھقان-
چىلىق قىلىدىغانلارنىڭ باللىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقى
ئاشلىقنى قانداق تېرىغانلىقىدىن تارتىپ چوڭ-كىچىكىدا
ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە نەزەر سالاتتى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلاتتى. ئىشنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا ئۆزى بىۋاستە جىسمانى
ئەمگەكلەرگە قاتنىشاتتى.

شەرىپقاننىڭ بوي-تۇرقى كېلىشكەن ئالاھىدە زور ئادەم
بولۇپ جىسمانى قۇۋۋەت جەھەتتە كۈچلۈك ئىدى
بىر قېتىم ئۇ خىزمەت تەكشۈرۈپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا
ماشىنىسى چالچىقاي دېگەن يەردىكى سازلىقتا پاتقاققا تىقىلىپ
قاپتۇ. شوپۇر ھېچ ئىلاج قىلالماي ئەتراپتىكى دىخانلاردىن
ئادەم چاقىرىپ ماشىنىنى سۆرەپ چىقىرىشنى تەكلىپ قىلغاندا
شەرىپقان ھازىر ئورما ھەم چۆپ چېپىش ۋاقتى، ئۇلار ئالدى-
راش، ئۇلارنىڭ ئىشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك كېرەك دەپ،
ئۆزى كىيىملىرىنى يېشىۋېتىپ، پاتقاققا كىرىپ تۇرۇپ ئاغام-
چىنى بويىنغا سېلىپ ماشىنىنى سۆرەپ چىقىرىپتۇ. ئۇنىڭ
بۇنداق جىسمانى جەھەتتىن كۈچلۈكلىكىنى خەلق ھەر دائىم
ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ئېيتىشىپ ماختاپ يۈرۈشەتتى.

شەرىپقان مەكتەپ قۇرۇلۇشى دەم ئېلىش مەيدانلىرى
ياساش، كۆچەت تىكىش قاتارلىق چوڭ-كىچىك ھەركەتلەر-



ھەممىسىگە ئۆزى باش بولۇپ قاتنىشىپ باشقىلارنى
بەتلەندۇرەتتى، شۇڭا كۆپچىلىكتە دائىم «شەرىپقانچە ئىش-
يەمىز» دېگەن سۆز ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

## شەرىپقاننىڭ قولغا ئېلىنىشى

شەرىپقان قازاق خەلقى ئىچىدىن چىققان ۋەتەنپەرۋەر،
لقپەرۋەر ئالىجاناپ پەزىلەتكە ئىگە بىر ئادەم ئىدى.
1933-يىلدىن 1939-يىلغىچە بولغان 7 يىل جەريا-
ئالتاي ۋىلايىتى دائىرىسىدە سىياسى-ئىقتىسادى جەھەتتە
ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىپ خەلق ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز
خشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى، جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن،
زۇلۇمدىن باش كۆتۈرەلمىگەن خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقۇ-
كۆتىرىپ كەڭ ئاممىنى مەدەنى ئاقارتىش يولىغا باشلىدى.
شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسى-ئىقتىسادى جەھەتتە،
دەنى مائارىپ جەھەتتە ناھايىتى تېز راۋاج تېپىۋاتقانلىقى-
دىن ئەندىشە قىلىپ تۇرالمىغان مىللىتارىست ئىككى يۈزلىمىچى
شىڭ شىسەي، ئالتاي خەلقىنىڭمۇ مۇنداق تېز راۋاج تېپىشى-
دىن خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ شىنجاڭدىكى ئىلغار ئىدىيىلىك
كىشىلەر، دېموكرات زاتلار، زىيالىلار ۋەتەنپەرۋەر ئادەملەرنى
بىر-بىرلەپ تۈرلۈك ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ قولغا ئالغىنى-
دەك، شەرىپقاننىمۇ قولغا ئېلىشنى ئالدىقاچان پىلانلاپ قويغان ئىدى.
شىڭ شىسەي موڭغۇل، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرى
ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى يوقۇتۇشنى مەقسەت قىلىپ
موڭغۇل، قازاق قىرغىز، مىللەتلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىنى ئېچىش
دېگەن ھىيلە-نەيرەڭنى ئويلاپ چىقاردى. ئۇ بۇ ھەقتە
تۇختۇلۇپ، بۇ 3 مىللەت كۆچمەن خەلقلەردىن بولغاچقا

باشقا مىللەتلەردىن كۆپ ئارقىدا قالدى، بۇنداق ئەھـۋا
مىنىڭ ئىچىم ئاغرىيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ مەدىنىيەتتە ئۆسۈ
ياردەم بېرىپ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈپ قا
قـوشۇش ئـۈچـۈن مەخسۇس قـۇرۇلـتاي ئېچىپ مـەسىلى
مـۇھاكىمە قىـلىشنـى لايىـق كـۆردۈم دەپ ئېيتقـان ئى
شـۇنىڭ بىلەن ئۇ 1939 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 3 مىللەتتىن
كىپ تـاپقان قۇرۇلتاي دىگەن بىرنىمىسىنى ئاچتى. بـۇنى
چـاقىرىلغان ۋەكىللەر شېڭ شىسەينىڭ شۇ جايلاردىكى ئى
يـۇنلىرى تـەرىپىدىن ئالـدىقاچـان تىزىمغا ئېلىنغان «خـە
لىك ئادەملەر» دەپ ئاتالغان كىشىلەر بولۇپ ئۇلارنىڭ قا
شىچە شەرىپقان مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئـەڭ خەۋپـ
دەپ تونۇلغان ئادەم ئىدى.

ھىلىگـەر جاللات شېڭ شىسەي شەرىپقاننى مۇشۇ قۇر
تايـىنىڭ مەسئۇل باشقۇرغۇچىسى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۆزى
سا قـۇرۇلتايدا «كۆچمەن تۇرمۇشتىكى ئارقىدا قالغان 3 مىلل
نىڭ مـەدىنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ چارۋىـچـىلىق ئىقتىسادى
گـۈللەندۈرۈش ئۈچۈن نىمىلەرنى قىلىش كېرەك» دىگەن ماۋ
دا مەخسۇس دوكلات بەردى. ۋەكىللەر دوكـلاتنى مۇزاكىرە ق
لىپ ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمىلى ئەھـۋالىغا ئاساسـەن پىكىر
تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شېڭ شىسەي بـۇ پىكىرلەرگە قار
پىكىرلىرىڭىزنى ئۆلـكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللاپ بېرىمىز، ھۆكۈمە
تەستىقلىغاندىن كېيىن جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا ۋە ئەمەلگە ئاشۇ
رۇشى تـوغرىسىدا يـوليورۇق بېـرىـدۇ» دەپ جـاۋاپ بېـرىپ
بىر ئايغا سوزۇلغان بۇ يىغىننىڭ يېپىلغانـلىغىنى ئېلان قىلدى

جـايـلاردىن كەلـگـەن ۋەكىللەر خوشال ـ خورام ھالـدا
يـۇرتـقـا قـايتـىشنـىڭ تـەيـيـارلىـغىنـى قىـلـىـۋاتـقـان



نىنىڭ بىر كېچىسى شېڭ شىسەيدىن جىددى يىغىن ئېچىلى
غانلىغى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى دىگەن خەۋەر بولدى.
ھەممە ۋەكىللەر بۇ يىغىننىڭ قانداق يىغىن بولىدىغانلىغىنى پەرەز
قىلالماي تۇرغان بىر پەيتتە ئۆلكىلىك تېپچىلىقىنى ساقلاش ئىدارى
سىنىڭ باشلىغى لى يىڭ چى يېتىپ كەلدى. ئۇ شېڭ شىسەينىڭ
ۋەكىللەرگە سالامەتلىگى تازا ئوبدان بولماي قالغانلىقىدىن كېلەلمى
گەنلىگىنى، تـۆۋەنـدىكى جىددى ئـۇختۇرىشىنى ئېلان قىلىش
ئۈچۈن شىـڭ دۇبـەنـىنىڭ تـاپـشۇرۇغـى بىـلـەن ئـوزىنىڭ
كەلـگەنـلىگىنى ئېيتىپ مۇنداق دىدى: «بارىـكۆلدە تۇرۇشلۇش
قاسىيازباي دىگەن قازاق بۇرۇندىنلا ياپون مىللىتارىستلىرى بىلەن ئالاقە
باغلاپ كەلگەن ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۆزىگە 18 نەپەر قورالىق كىشىنى
ئەگەشتۈرۈپ خەلقنى بـۇلاپ ـ تالاپ گەنسۇغـا قېچىپ كېتىپتۇ.
بىزنىڭ ئەسكىرىمىز ئۇلارنى قوغلاپ كەتتى، ھېلىغىچە قولغا چۈشكەن
يوقـۇشىمۇمۇمكىن، خەلقنىڭ قـولىدا قـورال ـ ياراق تۇرسا گايى
بىر بۇزۇق ئادەملەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ.
خەلقنىڭ تىنچلىقىغا زىيان يەتكۈزۈپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇ
رىدۇ. شۇڭـلاشقا ۋەكىلـلـەر مـۇشۇ قېـتىم قـارار قىلـغـان
خەلق پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشلىرى جەر
يانىدا توسالغۇ بولىدىغان بۇزغۇنچىلارنىڭ ئـالـدىنـى ئېلىش
ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەلقنىڭ قولىدىكى قـورال ـ يـاراقلارنى
يىغىپ ئېلىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ، ياپون جاھانـگىرلىگىگـە
قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئالدىنقى سەپ ئەسكەرلىرىگە ياردەم
بېرىـشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەكىللەر ئۇرۇمچىدە يەنە بىر ئاز
كۈن تۇرۇپ، ئۆز جايلىرىغـا خەت يېزىش، ئـادەم ئـەۋەتىش
ئارقىلىق قـورال ـ ياراقلارنى يىغدۇرۇپ تاپشۇرغاندىن كېيىن قايت
سا، بۇنىڭغا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت كەتمەيدۇ. بۇ يەردە خەلـق

قولىدىكى قورال - ياراقلارنى يىغىۋېلىش ھەركىتىگە رەھبەر
لىك قىلىدىغان بىر كومىتېت قۇرۇلسا، ئۇنىڭ مەسئۇل
لىغى شەرىپقان بولۇپ تېزرەك ئىشقا كىرىشسە،
ئالاھىدە يولىيورۇق بەردى. ئىشنى قانداق باشلاش توغرۇ
مەن ئەتە شەرىپقان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەممە مەسىلى
سەرەمجانلاشتۇرىمەن» دىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە لى يىلىكچى ۋەكىللەر ئورۇنلا
جايغا كېلىپ مەجلىس ئاچتى. ئەۋۋەل شەرىپقان ياتـ
ياتاققا بېرىپ شەرىپقاننى ئۆزى چاقىرىپ ئەكەلدى. بىزلە
تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرۈش بەردى: «دۇبەنىنىڭ يولىيورۇغى بو
چە خەلقنىڭ قولىدىكى قورال - ياراقلارنى يىغىۋېلىش كو
تېتى بۈگۈندىن باشلاپ قۇرۇلدى، دەپ ئېلان قىلىمەن. كو
تېتىنىڭ مەسئۇل باشقۇرغۇچىلىقىغا شەرىپقان بەلگ
لەندى. ئۇنىڭغا قالمىش ئىككى مىللەتتىن ئىككى مۇئاۋ
بەلگىلىنىپ موڭغۇللاردىن قوبۇق ۋەكىلى شالىبىن گېگە
قىرغىزلاردىن قەشقەر ۋەكىلى يۇنۇسباي ئابا قاتارلىقلار مۇ
ۋىن بولىدۇ. 280 نەپەر ۋەكىل ھەر جايىنىڭ شارائىتىغا ق
راپ 13 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ بۈگۈندىن باشلاپ ئىشقا كىرىش
دۇ، ئۆگىنىش قىلىدۇ. بەزى ۋاقىتتا بىرنەچچە كىچىك گۇرۇ
بىرلىشىپ مەجلىس ئاچىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا ھەممە گۇرۇ
پىلار قوشۇلغان چوڭ مەجلىسمۇ ئېچىلىدۇ. ئۆگىنىش ۋاقتى
ھازىرچە ئىككى ئاي دەپ بەلگۈلەندى يىل ئاخىرىغا قەدە
ھەممە ئىش ئورۇنلىنىپ بولىدۇ» دىدى.

ئۇ يەنە: ۋەكىللەرنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن 4 قېتىم دو
لات بېرىلىدۇ.

1 - خەلقنىڭ قولىدىكى قورال - ياراقنى يىغىۋېلىشنىڭ



رەھبەرلىكى ھەققىدە، بۇنى لى يىلىكچى، شەرىپقان ئىككىسى بېرىدۇ.

2 - «خەلقارا ۋەزىيەت ھەققىدە»، بۇنى جاڭجۇڭشى بېرىدۇ.

3 - «جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ھەم جۇڭگو جۇغراپىيىسى ھەققىدە»، بۇنى ساكۇڭلىيا بېرىدۇ.

4 - ساقلىقنى ساقلاش ۋە تازىلىق ھەققىدە، بۇ دوكلاتنى دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى لى يۈەنجاڭ بېرىدۇ. ھەر كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى دوكلات بولىدۇ. چۈشتىن كېيىن گۇرۇپپا مەجلىسى، كەچتە گۇرۇپپىلار بويىچە ئۆگىنىش بولىدۇ. ئىشنى پاتراق ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن يەكشەنبە كۈنى دەم ئېلىش بولمايدۇ. كومىتېتنىڭ قارمىقىدا بىر كاتىبات ئورنى قۇرۇلۇدۇ، ئۇنىڭ مىشۇجاڭى زاڭ گوفىڭ دىگەن كىشى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئىشلەيدۇ. ئەۋەلقى «موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قۇرۇلتىيى» دا كۆتكۈچى بولۇپ ئىشلىگەنلەر ۋە ھەر جايدىن ئەكىلىنگەن خادىملار كاتىباتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلەيدىغان بولۇپ مۇشۇ جايدا قالدى. ئۇلار ۋەكىللەرگە بېرىلىشكە تېگىشلىك ماتىرىياللارنى ھەر بىر گۇرۇپپىلار بويىچە يەتكۈزۈپ بېرىپ ۋەكىللەرنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىلىدۇ. ۋەكىللەر ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرغا بارسا، مونچىغا بارسا، ياكى بارمىسا بولمايدىغان زۆرۈر ئىشلىرى بولۇپ سىرتقا چىقىش توغرا كەلسە خادىملار بىللە بېرىپ بىللە قايتىدۇ. ھەرقانداق بىر يەرگە بارماق بولسا ياكى باشقا بىرسى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا كاتىبات ئورنىدىن رۇخسەت سورايدۇ. رۇخسەت بېرىلگەن ۋاقىت ئىچىدە قايتىپ كېلىشى شەرت. سىرتتا قونۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. كاتىباتنىڭ رەھبەرلىكىدە تام گېزىتى چىقىرىلىدۇ. مۇقاش، زارىپ،

ھەمىرزاسالىق، نۇرمەدىلەر تام گېزىت چىقىرىشقا مەس
بولىدۇ. لازىم بولغاندا ۋەكىللەر ياكى خادىملار ئىچىدى
بەزىلىرى ياردەملىشىدۇ. جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر ئا
سىدىن ھەر ھەپتىدە بىر قانچە كىشى بەلگىلىنىپ نۆۋ
بىلەن سۆز مۇسابىقىسىگە چىقىرىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى
تونۇشىنى، ۋەزىپىسىنى، ئۇنى قانداق ئورۇنداش ئۇسۇللىرى
سۆزلەيدۇ. كۆپچىلىك باھا بېرىپ نەتىجىسى تام گېزىت
ئېلان قىلىنىپ تورۇلىدۇ. ۋەكىللەر ئۆگىنىشتىن ئالغان تەس
راتلىرى بويىچە ئۆزى ۋەكىل بولۇپ كەلگەن جايلىرىغا خە
يېزىپ، خەلقنى قولىدىكى قورال - ياراقلارنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە
چاقىرىش كېرەك. خەت يازغاندا قورال تاپشۇرۇش ھەر بىر
پۇقرانىڭ ۋەتەننى ھىمايە قىلىشقا قوشقان تۆھپىسىنىڭ قا
چىلىك ئىكەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى تەكىت
لەپ يېزىش لازىم، دىگەندەك يوليۇرۇقلارنى بېرىپ بىر سائەت
تىن ئارتۇق ۋاقىتلىدى. ئۇندىن كېيىن شەرىپقان ئۆيەردىن
بۇيەردىن بىر نەچچە ئېغىز قوشۇمچە سۆز قىلىپ قويغان بولدى.
شۇ كۈندىن باشلاپ ۋەكىللەر يۇقۇرىدا ئېلان قىلغان
تەرتىپ بويىچە مەجلىس — مۇزاكىرە قىلىش ئىشلىرىنى باش
تۇردى. تام گېزىتمۇ ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئېلان قىلىپ
كاتىباتقا يىغىلىپ يۇشۇرۇن مەجلىس ئېچىپ زاڭ گوفىڭنىڭ
كۆرسەتمىسىنى ئالاتتى. ئەتىگەندە گۇرۇپپا مەجلىسى ئېچىلى
شى بىلەنلا خادىملار ئۆگىنىش سوئاللىرىنى ئەكىرىپ
بېرىپ شۇ بويىچە ئۆگىنىش باشلايتتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى
قى كۈنلەردە ھەر بىر ۋەكىلنىڭ ئۆزى ئۆز ئەقلىنى بىلگەن
دىن تارتىپ يۇرتىدا كىمنىڭ قولىدا قانداق مىلتىق بار،



نى كېيىن نىمە قىلدى دىگەن قاتارلىق سوئاللارغا جاۋاپ
رىش، يېزىپ تاپشۇرۇش لازىم، ئۆزى بىلمىسە باشقىلارغا
ازدۇرۇپ تاپشۇرۇشى كېرەك دىگەن كۆرسەتمىلەر بېرىلىشكە
اشلىدى. بۇ مەسىلىنى تەكرار - تەكرار يېزىپ، قايتا - قايتا
ەسلەش بولىۋەرگەنلىكتىن ۋەكىللەرنىڭ مىڭىسىنى ئىلەشتۈ
ۋەتتى. ئۆگىنىش بارغانسېرى جىددىلىشىپ تۈنۈگۈن سۆزلى
گەنلىرى بۈگۈنكىسىگە ئوخشىماي سۆزلەپ قويغانلار كا
تىباتتا مەخسۇس ئىشلەيدىغانلارنىڭ سۈرۈشتۈرۈشى، قىستاپ
سوراققا ئېلىشىغا ئۇچراپ، ئېيتقانلىرى تېخىمۇ چىگىلىشىپ
نىمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. بەزى بىر كىشىلەر ئەقلىدىن
ئېزىپ ئۆزىنىڭ نىمە سۆزلەپ، نىمىنى سۆزلىمىگەنلىكىنى
بىلەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. باشتا
ئېيتىلغان 2 ئاي ۋاقىت دىگەن سۆز بىكار گەپ بولۇپ ئۆگى
نىشنىڭ ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى. خادىملارنىڭ سانى
بارغانچە كۆپىيىپ ۋەكىللەر قانداقلىكى سۆزلىمىسۇن ئۇلار
دەرھال خاتىرىلەيدىغان بولدى. بۇ خىزمەتچى خادىم دىگەن
لىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان ئىش
پىيونلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ۋەكىللەرنى سوراق قىلىش، قىستاش
ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق قىستاشلارغا بەر
داشلىق بېرەلمىگەن ئايرىم كىشىلەر ساراڭ بولۇپمۇ
قالدى. مەسىلەن، نامجە ۋاڭ گىگەن دىگەن موڭغۇل ساراڭ
بولۇپ قېلىپ دوختۇرغا ئەۋەتىلدى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى
نىمە بولغانلىقىنى ئۇقمىدۇق، ئىزسىز يوقالدى. تاربا
غاتايدىن كەلگەن قاناپىيە دىگەن قازاق ۋەكىل قان قۇسۇپ
بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا ئۆلۈپ قالدى. كومېتتىنىڭ

موئاۋىنى شالىبىن گىكەن ئەقلىنى يوقىتىپ ئېلىشىپ قېلا
موڭغۇل مەدىنى ئاقارتىش ئويۇشمىسىغا چىقىرىپ بەرگ
ئىكەن، ئۇ يەردە ئىككى كۈن يېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. 1940
يىلى 2 - ئاينىڭ بىر كۈنى زاڭگوپىڭ مەجلىس ئېچ
تۆۋەندىكىلەرنى ئېلان قىلدى:

كۆكتوقاي ناھىيىسىدە مىلتىق تاپشۇرۇشقا قارشىل
قىلغان بىر ئوچۇم بۇزۇق ئادەمەر، كۆكتوقاي ناھىيىل
ئىدارىغا كېچىدە بېسىپ كىرىپ شۇي شەنجاڭ باشلىق
كىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. كۆكتوقاي ساقچى ئىدارىسىنىڭ با
لىق قورال - ياراقلىرىنى بۇلاپ تاغقا قېچىپ چىق
باندىتلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنى باستۇرۇش ۋە قولغ
ئېلىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىلدى. بۇنداق بۇزۇقلار باش
جايلاردىمۇ يوق ئەمەس. ئەگەر ۋەكىللەر ئۆزى كەلگەن جا
لاردىكى خەلقنىڭ قولىدا بار قوراللار پات ئارىدا تاپشۇرۇلمى
ۋەكىللەرنىڭ ئۆيلىرىگە قايتىش مەسىلىسى كېچىكتۈرۈلىدۇ
بىز يېقىندا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن
ۋەكىللەرنىڭ ئارىسىدىمۇ ئاز - تولا مىلتىق يوشۇرغانلارنىڭ
بارلىقىنى بىلدۇق. ئەمدى سىلەرنىڭ ھېچنېمىنى بىلمىگەن
دەك يۈرۈۋېرىشىڭلارغا يول قويۇلمايدۇ. ئۆزەڭلەر پاش قىلىپ
تاپشۇرساڭلار شېڭ دوبەن كەڭچىلىك قىلىپ كېچۈرۈم قىلىدۇ،
ئەگەر قارا نىيىتىڭلاردىن يانمىساڭلار ئۇ چاغدا ئۆز بېشىڭلارغا
ئۆزەڭلەر چىقىسىلەر. ئەمدى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى.
چىقىش يولى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئىچكى سىرىڭلارنى ئاشكارى
لاپ راس نىيىتىڭلارنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

ئىلگىرى بۇلار بۇنچىلىك قاتتىق سۆز بىلەن ھۇجۇم
قىلمايتتى. ئەمدى ھېچقانداق تەپ تارتماستىنلا دوق قىلىپ



ئۆپچىلىكىنىڭ ئەرۋايىنى ئۇچۇردى.

خىمۇ - خىل ئۇسۇللار بىلەن قىستاش كۈندىن - كۈنگە
كۈچەيدى. ئاخىر 1940 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كېچى-
سى بىرىنچى قېتىم ئاتمىشقا يېقىن ئادەمنى كاتىبات ئىش-
خانىسىغا چاقىرىپ قولغا ئېلىشقا تەييارلاندى. ئالدى بىلەن
زاڭگوپىڭ: «سىلەر ئۆز يېرىڭلارغا قايتىپ بېرىپ، خەلققە
تەشۋىق قىلىپ قورال - ياراقلارنى پاتىراق يىغىۋېلىش ئىشىنى
ئىشلەيدىغان بولدۇڭلار، دوبەن ئۆزى ئېغىزچە يولييورۇق
بېرىدۇ» دەپ قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا يېرىم
كېچە سائەت 12 بولغاندا دوبەن يامۇلغا ئېلىپ باردى. بىر
ئازدىن كېيىن، «دوبەننىڭ مىجەزى يوق ئىكەن، سىلەرگە
لى يىڭچى يولييورۇق بېرىدۇ» دەپ قايتىدىن ئېلىپ مېڭىپ 4 -
تۈرمىگە ئەكەلدى ۋە چوڭ بىر زالغا كىرگۈزۈپ ئولتۇرغۇزۇپ
قويدى. كېيىن بىر - بىردىن ئىسمىمىزنى چاقىرىپ ئىشىكتىن
چىقىشىمىز بىلەنلا بېشىمىزغا كۆك لاتا خالتىنى كەيگۈزۈپ
ئىككى ئەسكەر قولىمىزدىن يېتىلىگەن پېتى بەلگىلەپ قويۇل-
غان كامىرغا كىرگۈزۈۋېتىپ ئىشىككە قولۇپ سالدى.

شەرىپقانىمۇ دەل شۇ كۈنى تۈرمىگە ئاپتۇ. قاماقتا
ياتقىنىمغا 47 كۈن بولغاندىن كېيىن مېنى كامىردىن بېشىمغا
يەنە كۆك خالتا كەيگۈزۈپ ئەپچىقىپ بىر كىچىك ماشىنىغا
ياتقۇزۇپ قويدى - دە 2 - تۈرمىگە ئەكەلدى. بۇ يەردە مەن
بىرىنچى قېتىم سوراق قىلىندىم، سوراقنىڭ مەزمۇنى: شەرىپ-
قان ئالتايدىكى چاغدا دەلىلقان تەيجىنىڭ (دەلىلقان سوگورباييۇپ)
ئىككى چاپارمىنىنى موڭغۇلىيەگە يوشۇرۇنچە ئەۋەتىپ، شۇ يەردە
سوۋېيەتتىن كەلگەن بىر ياپون ئىشپىيونى بىلەن مۇناسىۋەت
باغلاپتۇ. ئۇنىڭ يولييورىغى بويىچە ئالتايدا قوراللىق قوزغىلاڭ

گۆتىردشكە تەييارلىق قىلىپتۇ. ياپون ئىشپىيونىنىڭ مە
لىھەتى بويىچە شەرىپقانىنىڭ قانداق ھۆكۈمەت قۇرماقچ
بولغان پىلانلىرى پۈتۈنلەي قولىمىزغا چۈشتى. ئەمدى سىن
ىدىن سورايدىغىنىمىز شىنجاڭنىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدە شەر
ىقانىنىڭ يەنە كىملەر بىلەن ئالاقىسى بار؟ شەرىپقان ئالتا
ىدىكى 3 - چېگرا ئەترىتىنىڭ باشلىغى مەسىلىمىنى كۆكتوقاي
ئەۋەتىپ كۆكتوقاي خەلقىنى قوزغاپ توپىلاڭ تۇغدۇرۇپ
شەرىپقان ئۇنىڭغا قانداق تاپشۇرۇق بەردى. كىم ئارقىلى
يوليۇرۇق كۆرسەتتى؟ مۇشۇ مەسىلىلەرنى سەن بىلىسەن، مۇش
لارنىڭ بىرسىنىمۇ قالدۇرماي ئۆز قولۇڭ بىلەن يېزىپ تاپشۇر
دىگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ سوراقنى لى فولىن دىگە
كىشى ئېلىپ باردى. قاتىرىسىدىن 20 نەچچە كۈن سوراق
قىلىپ، ئۇخلاتماي كېچىچە تۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇرۇپ - قىينا
بىر قانچە قېتىم ھۇشۇمدىن كەتكۈزدۈەتتى. ئاخىرى سوراقن
توختۇتۇپ: «سەن قايتىپ بېرىپ ئوبدان ئويلاپ راستىڭن
ئېيتىشقا ماقۇل بولغىنىڭدىن كېيىن ئۆزەڭ تۇرمە باشلىقىغا
ئېيتىپ بىزگە خەۋەر قىل. ئاندىن يېڭى باشتىن سوراق
قىلىپ سېنىڭ ئىشىڭنى بىر تەرەپ قىلىمىز» دەپ قايتۇرۇ
ۋەتتى. شۇندىن كېيىن بىر نەچچە ئايغىچىلىك مېنى سوراققا
چاقىرمىدى.

ئالتاي گېزىتىنىڭ باشلىغى قوشۇمچە ۋىلايەتلىك ما
ئارىپ ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى يۈي جۇشاڭمۇ قولغا ئېلىنغان
ئىكەن. مەن مۇشۇ ئىككى جايدىمۇ ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ
ئىشلىگەن ئىدىم. سارسۇمبىنىڭ ھاكىمى قوشۇمچە شەرىپقان
نىڭ كاتىبى ليۇۋېنىمۇتۇرمىگە ئاپتۇ. شەرىپقاننى قولغا ئال
غاندىن كېيىن بۇ ئىككى ئادەمنىمۇ قولغا ئېلىپ كېلىپ، سوراق



قىلىۋاتقانلىقىنى مەن تۇرمىدە بىلدىم. مېنىڭ بىلەن بىر
كامېردا ياتقان لاتىپ بورناشوۋ دىگەن تاتار بار ئىدى. ئۇ
ھەر كۈنى كامېرلارغا مەش ياساشقا چىقاتتى. بىر كۈنى
لاتىپ بورناشوۋ تۈرمە باشلىقىدىن «بۇ مەش ياساشنى بىلى
دىكەن، ماڭا ياردەملەشسۇن» دەپ سوراپ ئالدى. مەن ئۇنىڭ
بىلەن 4 - تۈرمىنىڭ كامېرلىرىغا مەش ياساشقا باردىم. شۇ
چاغدا يۈي جۇشاڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قىلىپ خالا جايدا ئۇنىڭ
بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇ ماڭا: شەرىپقان ئالتايدا ياپونىيە
بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىپ مۇستەقىل
ھۆكۈمەت قۇرماقچى بوپتۇ. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ باشلىغى شەرىپقان،
زۇڭلىسى سەن بولماقچى ئىكەنسەن دەپ مېنى قىيناۋاتىدۇ،
لى فولىن دىگەن سوراقچى سوراق قىلدى، قاتتىق قىيناش
ئۇستىدىمەن، ئىستىقبالىمدىن ئۈمىت قالمىدى، ئۆلتۈرىدىغان
ئوخشايدۇ دىدى. يەنە بىر كۈنى خالا جايدا ھاكىم ليۇۋېن بىلەن
ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ، ئۇلار ماڭا شەرىپقان قۇرماقچى بولغان
ھۆكۈمەتنىڭ مىشۇجاڭى بولماقچى ئىكەنسەن دەپ تۆھمەت
قىلىپ، تاشقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق سوۋېتتىن ئالدۇرغان
قورال - ياراقلارنى ئىش باشلىغىچە سېنىڭ يوشۇرۇپ قويۇشۇڭ
غا بېرىلىپتىكەن، شۇ قورال - ياراقلارنى بىزگە تېپىپ بەر
دەپ قىيناۋاتىدۇ، سوراقچى لى فولىن تىزىمنىڭ ئاستىدىن
توك قويۇپ قاتتىق ئازاپلىدى، ھازىر ئۆلۈم ئۇستىدىمەن،
دىدى.

بۇرچىنىنىڭ ھاكىمى مانكەن ماڭا تۇققانچىلىغى بار
ئادەم ئىدى. مەن مەش ياساپ يۈرۈپ كامېرنىڭ تاماق بېرىدى
غان تۆشۈگىدىن ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ سۆزلەشكەن ئىدىم، لېكىن
ئۇ، كامېردا كۈندىلىك مەلۇمات بېرىپ تۇرىدىغان ئىشپىيون

بار ئىكەن، مېنىڭ سۆزلەشكىنىمنى تۇرمە باشلىقىغا ئېيتى
قويۇپتۇ. 4 - تۇرمىنىڭ باشلىقى شى ياڭ دىگەن مېنى چاقىر
ۋىلىپ ئۆزۈن ئورۇندۇقتا قولۇمنى تېڭىپ قويۇپ
تاياق ئۇردى. پۇتۇمغا كىشەن سېلىپ يالغۇز كىشىلىك قاراڭ
كامىرغا سولاپ قويدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن
بۇرۇنقى ياتقان كامىرىمغا قايتۇرۇپ، ياخشىراق تاماق بېرى
يېگەندىن كۆينەك ئىشتان كەيگۈزدى. پۇتۇمدىكى ئىشكەنىنى
ئېلىۋەتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن تۇرمە باشلىقى شى ياڭ بىز يا
قان كامىرغا ئۆزى كىرىپ مېنى ئېلىپ چىقتى. بۇ نۆۋەت
بېشىمغا خالتا كەيگۈزمەستىن ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ گوڭئەن
گۆەنلىچۈغا ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە بىز بىلەن بىللە قولغ
ئېلىنغان بوقات بېيىسى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ
ئۆي - ئىچى، بالا - چاقىلارنىڭ ئامانلىقىنى ئاڭلاپ خۇرسەن
بولۇپ قالدىم. بوقات: «سېنى دوبەندىن سوراپ بوشىتىۋالدىم
مەن بىلەن بىللە ئالتايغا قايتىسەن، ھازىر ۋاقتىنچە باشقا
جايدا تۇرۇپ تۇرىسەن. قايتىدىغان چاغدا ئۆزەم بىللە ئېلىپ
كېتىمەن» دىدى. مەن: «ئەگەر مۇمكىن بولسا بۈگۈن بىر
كۈن قېشىڭىزدا بولسام، بالا چاقامنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق
بىلىۋالسام» دىگەن ئىدىم، ئۇ گۆەنلىچۈنىڭ باشلىقى لى يىڭچىڭگە
ئېيتىپ رۇخسەت ئالدى. لى يىڭچى: «كەچ كىرگىچە قېشىڭدا
بولسۇن، كۈن ئولتارغاندا ماشىنا بېرىپ ئېلىپ قايتىدۇ. ئال
تايغا ماڭغىچە شۇ ماشىنا ئاپارغان جايدا يېتىپ تۇرىدۇ»
دىدى.

بوقات بەيسى ئۆز ياتىقىدا بەزى ئەھۋال
لارنى ماڭا ئايرىم سۆزلەپ تونۇشتۇردى: «40 - يىلى



2 - ئايدا باشلانغان كۆكتوقاي قوزغىلىڭى ھېلىغىچە بېسىل-
ماپتۇ، تاقىقا قېچىپ چىقىۋالغان ئەلنى قايتۇرۇپ كېلىش
ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، خېلى
نۇرغۇن قورال بىلەن قوللىنىۋالغان قوزغىلاڭچى خەلق شېڭ شىسەي
ئەسكەرلىرىنى تاغ ئىچىگە كىرگۈزمەي قويۇپتۇ. يەنە ئۇرۇم-
چىدىن نۇرغۇن ئەسكەر بارغان ئىكەن، ئېغىر چىقىمغا ئۇچ-
راپتۇ. تاغ ئىچىدە كۆچۈپ كېتىۋاتقان خەلققە ئىككى قوش-
قاناتلىق ئايروپىلان كېلىپ بومبا تاشلىغان ئىكەن، ئىگىز
تاغ چوققىسىغا يۈشۈرۈنۈپ ئولتۇرغان سۇلايمان دىگەن قازاق
پەملەپ تۇرۇپ ليوتچىكنى ئېتىۋېتىپتۇ، ئايروپىلان ساي ئى-
چىگە يىقىلىپ كۆيۈپ كېتىپتۇ. ھۆكۈمەت ھەربى كۈچ
بىلەن بېسىقتۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن ئەمدى سۆھ-
بەت يۈرگۈزۈپ تەسلىم قىلىش چارىسىنى قوللانماق بوپتۇ.
مۇشۇ مەخسەت بىلەن شېڭ دوبەن شەرىپقان بىلەن مېنى
چاقىرتقان، بىزنى بىر ئۆيگە ئاپىرىپ قوزغالمايدىغان ئورۇن-
دۇققا پۇت قوللىرىمىزنى تېڭىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. قارشى
تەرەپتە بىر كىچىك سەھنە بار ئىكەن، شېڭ دوبەن شۇ يەرگە
كېلىپ ئولتاردى. ئۇ شەرىپقانغا: «كۆكتوقاي قازاقلىرى قورال-
لىنىپ، بالا - چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ تاغلاردا قېچىپ يۈرۈپ-
تۇ. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزگە قارشى ئوق چىقىرىپ تەسلىم
بولمايۋاتىدۇ. بىر نۆۋەت كىشى ئەۋەتىپ: تەسلىم بولۇڭلار،
ئەسكەر چىقارساق كۆپ چىقىمغا ئۇچرايسىلەر، بولۇپمۇ خوتۇن -
بالا، قېرى - چۈرىلەرغا ئۇۋال بولىدۇ، ئۆزەڭلەر قايتىپ كەل-
سەڭلەر كەڭچىلىك بىلەن كەچۈرىم قىلىنىدۇ. قورقماي قاي-
تىپ كېلىڭلار، بولمىسا تاغدىكى ئوزۇق - تۈلۈگىڭلار تۈگىگەندە
بىكاردىن - بىكار ئاچتىن قىرىلىپ ئۆلىسىلەر دەپ ئىچ ئاغرىتىپ

خەت يازدىم، ئۇلار جاۋاپ بەرمىدى. ھەتتا ئەۋەتكەن ئادە لىرىمىزنى قايتۇرماپتۇ. ئەمدى سىلەر كۆكتوقايغا بېرىپ تا ىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى نەسھەت قىلىپ توختۇتۇپ كۆچۈرۈ كېلىڭلار، ئۆز جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ خەلقنى تېنچلاندۇرۇ لار» دىدى.

شەرىپقان: «مەن 1939 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ سىنى قولۇڭدا تۇردۇۋاتىمەن، كۆكتوقاي ۋەقەسى دىگەننى ھازىر ئۆزەڭنى ئاغزىڭدىنلا ئاڭلاۋاتىمەن، مەن ئالتايدىكى ۋاقتىمدا مۇندا تىنىچسىزلىق بولۇپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ قانداق سەۋە لەر بىلەن تۇغۇلغان ۋەقەلىگىنىنى مەن چۈشەنمەيمەن. شۇنى ئۈچۈن ئۇلارنى گېپىمگە كوندۇرۇپ، بۇرۇنقىدەك تىنچلىق ھال تىگە كەلتۈرالايمەن دەپ ئېيتالمايمەن، ھەم مەن بارمايمەن دىدى. ئاندىن كېيىن ماڭا: سەن بارغىن دىدى.

مەن شەرىپقان بارسا مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بىلل ئىشلەي، يالغۇز ئۆزەم بارغان بىلەن بۇنىڭ ھۆددىسىدىن جەزمەن چىقالايمەن دەپ ئېيتالمايمەن، دىدىم.

شىڭ دۇبەن «ئىككىڭلا مەسلىھەتلىشىپ جاۋاپ بېرىڭلا دەپلا چىقىپ كەتتى. ئۆيدە باشقا كىشى قالمىدى بۇ چاغدا مەن شەرىپقانغا: «بىللە بارايلى، ئەل - يۇرت ئۆزد مىزنىڭكى، قانداق قىلىپ بولمىسۇن كۆز كۆرگەندىن كېيىن يۈز ئۆيۈلۇدۇ. ئۇلار سۆزگە كىرىپ تېچ ئولتۇشنى خالايدۇ، تىلەيدۇ يامان ئېيتماي ياخشى يوق دىگەندەك پەقەت سۆزگە كۆنمەي ئۇنۇمايدىغان بولسا ئەھۋالغا قاراپ شۇلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ كىرىپ كەتسەكمۇ بولمامدۇ...» دىدىم. شەرىپقان بېشىنى چايقاپ ئىشارەت بىلەن ئۆيىنىڭ تورىسىنى كۆرسىتىپ: «تىڭلايدىغان



ئاپپارات بار، باشقا گەپ قىلما ھەم سەن بارساڭ بار، مەن بارالمايمەن» دىدى.

كېيىن شىڭ شىسەي مىنى چاقىرىپ: «سەن مىنىڭ قەينى ئاتام چيۇ سىلىڭ بىلەن بىللە ئالتايغا بېرىپ ئۇ يەردىكى چاتاق چىقارغانلار بىلەن سۆزلۈشۈپ، نەسىھەت قىلىپ ئەلنى تېچلاندۇر. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قويىدىغان ھەر قانداق تەلەپلىرى بولسا ئورۇنداپ بېرىمەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھىچقانداق زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىمغا ئىشەندۇر» دىدى.

شۇنداق قىلىپ مەن كۆكتوقايغا بېرىپ ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن بىر قانچە نۆۋەت سۆھبەتلەشتىم. ئەڭ ئاخىرىدا مەن ئۆزەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپمۇ كۆرۈشتۈم. ئۇلارنىڭ باشلىقى چاقاباي ئىرسقان نوغايباي ئوغلى، قاراقاس خەلىل تەيجىنىڭ ئاكىسى ئاقتېكە، چېرۈچى سۇلايمان باتىر، يەنە ئىسمىقان ئۇكىرداي، ئۇمىرقان ئۇكىرداي دىگەن كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار ئەڭ ئاخىرى شىڭ دوبەنگە 3 تۈرلۈك تەلەپ قويدى:

بىرىنچى، بىز شەرىپقان، ئاقىت ھاجى، مەڭكەي، خەلىل تەيجى، قابىل تەيجى قاتارلىق قولغا ئېلىنغان ھەممە ئادەملىرىمىزنىڭ تىزىملىگىنى بېرىمىز، ئۇلار ھازىر مەيلى ئۈرۈمچى تۈرمىسىدا بولسۇن ياكى ئالتاي تۈرمىسىدا بولسۇن ھەممىسىنى تۈرمىدىن شەرتسىز بوشۇتۇپ ئۆز ئەللىرىگە قايتۇرسۇن، ئۆلگەنلىرى بولسا سۆڭىكىنى بەرسۇن.

2 - ئالتايدا ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قانداق ئىدارىسى قۇرۇلسا قارشىلىقىمىز يوق، ئۆز خىزمەتلىرىنى ئىشلەۋەرسۇن، لېكىن

ئىشپىيونلۇق خىزمەت ئىشلەيدىغان ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلمىسۇن.

3 - مۇشۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلغان كىشىلەر ئۈستىدىن تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈپ جازاغا تارتىلماسۇن. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك قورال ياراقلىرى يىغىۋېلىنمىسۇن ۋە شەھەرگە چاقىرتىلىپ مەجلىسكە قاتناشتۇرۇلمىسۇن. شۇڭا دوبەن مۇشۇ ئۈچ تەلەپنى شەرتسىز ئورۇندىسا ماكانلىرىمىزغا قايتىپ كېلىپ قورال تاپشۇرۇپ ئىتائەت قىلىمىز.

مەن خەلقنىڭ مۇشۇ ئۈچ تەلىۋىنى ئېلىپ دوبەنگە تاپشۇرغان ئىدىم، دوبەن بۇ تەلەپلەرنى ماقۇل كۆردى. بىرىنچى قېتىم قابىل تەيجى، خەلىل تەيجى قاتارلىق 15 كىشىنى تۈرمىدىن چىقىرىپ بەردى. مەن ئۇلارنى ئالتايغا ئېلىپ قايتىدىغان بولدۇم. شەرىپقان ئاغرىق بولغانلىقتىن ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئارشاڭغا ئېلىپ كەتكەن ئىكەن، كۆرۈشەلمىدىم. مەنكەي ئۆلۈپتۇ، سۆڭىكىنى بەردى. ئالتاي تۈرمىسىدىكى ئادەملەرنىڭ تىرىكلىرىنى بوشۇتۇپ ئۆلگەنلىرىنىڭ سۆڭىكىنى بېرىشكە دوبەن ئۆزى بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىزىمىنى ئىنقىلاپ كېيىن ھەممىنى نۆۋەت بىلەن ئالتايغا قايتۇرىمىز دەپ ۋەدە قىلدى» بىزنىڭ پارىڭىمىز مۇشۇ يەردە توختاپ قالدى.

كەچقۇرۇن ماشىنا كەلدى. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە مېنى ئېلىپ بىر قوروغا باشلاپ كىردى. بۇرۇن دوبەنگە تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن لىيۇبىندى دىگەن باشلىق كېلىپ ماڭا ساقچى مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان تولىلىق خەمىت دىگەن بىر بالىنى قوشۇپ قويدى. ھازىرچە ئىككىلا بىر ئۆيدە بىللە تۇرسىلەر



新疆十月拖拉机厂图书室

قانداق ئىشىڭ بولسا خەمىت ساڭا ياردەملىشىدۇ، - دىدى.

بەش - ئالتە كۈن ئۆتكىچە ھېچقانداق خەۋەر بولمىغاندىن كېيىن مەن بوقات بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمەن دەپ لىيو بىندىدىن رۇخسەت سورىغان ئىدىم. ئۇ: «بوقات ئالتايغا ۋالى بولۇپ تەيىنلەندى، ناھايىتى ئالدىراش خىزمەت بىلەن ئايرۇپىلانغا ئولتۇرۇپ ئالتايغا كەتتى. سەن ھازىرچە مۇشۇ يەردە خىزمەت ئىشلەپ تۇرسەن. بوقات بارغاندىن كېيىن بالا - چاقاڭنى ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى. تۈرمىدىن 2 - قېتىم بوشۇتۇلىدىغان كىشىلەر بىلەن ئالتايغا بېرىپ قايتىسەن، تاپشۇرغان خىزمەتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلە، كېيىن يەنە كۆرۈشەرمىز» دىدى.

مەن كەلگەن بۇ جايدا ھەر مىللەت كىشىلىرىدىن 200گە يېقىن تەرجىمانلار بولۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناكار ھېساۋىدا ئىشلەيدىغان «گوڭفەنلەر» ئىكەن. بۇلار قورو ئىچىدە ئەركىن، لېكىن سىرتقا چىقالمايدۇ. ھېچكىم بىلەن مۇناسىۋەت قىلالمايدۇ. كېيىنرەك مەنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا بولۇپ خەمىتنىڭ نازارىتى ئاستىدا تەرجىمانلىق قىلىشقا باشلىدىم.

كېيىن ئاڭلىسام بوقات خەلىل تەيجى باشلىق 15 كىشىنى ئالتايغا ئېلىپ بېرىپ كۆك توقاي قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئۇچرۇشۇپتۇ. شېڭ شىسەي ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بىرىنچى قېتىم تۈرمىدىن چىقىرىلىپ ئالتايغا قايتۇرۇلغان ئادەملەرنىڭ كۆكتوقايلىقلىرىنى كوكتوقايغا بىللە ئاپىرىپ، ئۈرۈمچىدىكى خەلىلنىڭ ئوغلى راخاتنىڭ كۆكتوقاينىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلىپتۇ. خەلقنىڭ تەلىۋى بويىچە كۆكتوقايدىكى ساقچى

ئىدارىسىنى تارقاتقۇق باشقا جايلاردىكى ئىدارىلىرىنىمۇ كېيىنچەرەك تارقىتىمىز دەپتۇ. ئالتاي تۈرمىسىدىكى ئادەملەر پۈتۈنلەي ئۆيلىرىگە قايتۇرۇلۇپ، قارا قۇل قاتارلىق ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى ياندۇرۇپ بېرىپتۇ. تاغلاردا قېچىپ يۈرگەن كۆكتوقاي، چىڭگىل خەلقى ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپتۇ. قورال ياراقلىرىنىمۇ تاپشۇرۇپ بېرىشكە باشلاپتۇ. قايتىپ كەلگەنلەرگە ئۇزۇق- تۈلۈك، كىيىم - كېچەك جەھەتتىن ياردەم بېرىلىپ كىشىلەر بىر نەچچە ئاي تېچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئەل ئىچى دەسلاپقى قەدەمدە بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلىشكە باشلاپ بىر مەزگىل تىنچلانغاندەك بوپتۇ.

خەلق دۈشمىنى شېڭ شىسەيىنىڭ بۇنداق قىلىشى خەلقنى ئالداپ تورغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىلغان بىر ھىيلە - نەيرەڭ بولۇپ، ئەمدىلا تېچ تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە باشلىغاندا يەنە قانداقتۇر ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئويلاپ چىقىپ قايتىدىن يوشۇرۇن سۇيىقەست يۈرگۈزۈشكە باشلايدۇ. قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك دېگەن ئادەملەرنى يەنە قولغا ئاپتۇ. سەل بۇرۇن قويۇپ بېرىلگەن نوپۇزلۇق زاتلاردىن مەسىلەن، خەلىل تەيجى، راخات ھاكىم باشلىق نۇرغۇن كىشىلەرنى قايتىدىن قولغا ئېلىپ سارسۇمبە ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يوللاپ بېرىپتۇ. ئالتاينىڭ قورچاق ۋالىيسى قىلىپ قويۇلغان بوقات بېيسىنى دوبەن چاقىردى دېگەن بانا بىلەن ئايروپىلانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىپ ئۇنىمۇ تۈرمىگە تاشلاپتۇ.

مىلىتارىست شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھۇجۇدى ھىيلە - مىكىرگە تولغان ئىككى يۈزلىمىلىك ئەشەددى جاللات ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ، ئالتاي خەلقىنىڭ مەشھۇر ئىلغار كىشىلىرىنى،



نۇرغۇنلىغان تەرەققىي پەرۋەرزىيالىلىرىنى، شۇ قاتاردا ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، دېموكراتىك زات شەرىپقاننى تۈرمىگە تاشلاپ ۋەھشىيانە ئۇسۇلدا ئۆلتۈردى.

شەرىپقان گەرچە يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەممە پائالىيىتى ئىستىبدات دىكتاتورلىقىغا، جەبرى زۇلۇم - زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، دېموكراتىيە ۋە بارابەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەش ئۈچۈن بېغىشلاندى.

مەن شەرىپقاننىڭ ھەممە پائالىيەتلىرىدە بىللە بولغان ۋە ئۇنىڭ بىۋاستە يولىيورىغىدا ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئېسىمدە قالغان خاتىرىلەر بويىچە بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم، توغرى بولمىغان يەرلىرى بولسا مۇشۇ جەريان بىلەن تونۇشلىقى بار يولداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

1980 - يىل 10 - ئايدىن 1983 - يىل - 4 ئايغىچە

# كۆكتوقاي قوزغىلىڭى توغرىسىدا يادىمدا قالغان بەزى ۋەقەلەر

غازىز ئاقىت

## 1 - قوزغىلاڭنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىيەت.

جىن شۇرېن هاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن 1933-يىلى شېڭ شىسەي هاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالدى. ئۇ تەختكە چىققان دەسلەپكى دەۋرلەردە شىنجاڭ خەلقىگە بىر قەدەر ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنمۇ بولدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن - مائارىپ جەھەتتىكى قالاقلىقىنى تۈگىتىش يۈزىدىن هەرقايسى ۋىلايەت، ناهىيىلەردە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى تەرەققى قىلدۇردى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق شەهەرلەردە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تەسىس قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇپ ئىلىم - پەندىن بەهرىمەن بولۇشىغا ئەهمىيەت بەردى. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، ئۆزبېك، تاتار، روس مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇپ مىللى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئاساس سالدى. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاچقا شۇ چاغدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىكى زىيالىلارمۇ مىللەتنىڭ ئىستىقبا-



لىغا ئۈمىتۋارلىق بىلەن قاراپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنى - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ رىۋاجلىنىشى ئۈچۈن زور كۈچ بىلەن ئىشلىدى ۋە ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى. مۇشۇنداق زىيالىلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ۋەكىللىرىدىن بىرسى ئالتاي قازاق خەلقى ئىچىدىكى ئىلغار ئىدىيىلىك زاتلاردىن بولغان شەرىپقان جېڭىسقان ئوغلى كۆگەدايېۋ ئىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ ئەڭ ئەشەددى رەھىمسىز قانخورلارغا خاس تەبىئىتىنى ئاشكارىلىدى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى زىيالىلار، ئىلغار ئىدىيىلىك مۇنەۋۋەر زاتلارنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدى، ئەڭ ئەشەددى ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈردى، تىرىك كۆمدى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئىلگىرىدىن بار بولغان ۋە كېيىن يېتىشىپ چىققان مۇنەۋۋەر زىيالىلارنى، ئىلغار زاتلارنى يوقۇتىۋېتىش ئۈچۈن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە جاسۇسلۇق تورلىرىنى قۇرۇپ، ئىنتايىن دەھشەتلىك بىر ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. خەلقنىڭ قولىدا بار بولغان قورال - ياراقلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماستىن يىغىۋالدى. بۇنىڭغا قانائەت قىلماستىن قورال بار دەپ گۇمانلانغان كىشىنى دەرھال قورالىنى تاپشۇرۇشقا قىستىدى، ئەمەلىيەتتە يوق قورالنى بەرمىدى دەپ ئۇ ئادەمنى بىگۇنا تۈرمىگە تاشلىدى ياكى ئۆلتۈردى. خەلق ئىنتايىن ئەندىشە ئىچىدە ياشايدىغان بولۇپ قالدى، ئەتىگەنلىكى بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئادەم كەچلىكى ئىزسىز غايىپ بولاتتى، خەلق ئۆزىنىڭ كۈندىلىك هاياتىنىڭ ئاقىۋىتى نىمە بولۇشىنى مۆلچەرلىيەلمەيدىغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى.

مانا مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، ئالتاي، كۆكتوقاي چارۋىچىلىرى ئىچىدە شېڭ شىسەينىڭ ۋەھشىيانە تېررورلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ شەرت - شارائىتى ھازىر بولدى.

## 2 - قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەپلەر ۋە قوزغىلاڭنىڭ رەسمى باشلىنىشى

1 - 1938 - يىلى شېڭ شىسەي ئەڭ ئالدى بىلەن ئالتايدىن ماڭكەي مامى ئوغلى، خەلىل بىتىمچى، شابدان، كەرىم، سەلىم، قەمبەر قاتارلىق بىرقانچە نوپۇزلۇق زاتلارنى قولغا ئالدى. 1939 - يىلىنىڭ كۈزىدە موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قۇرۇلتىيىغا چاقىرىش باھانىسى بىلەن شەرىپقاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئالتايدىكى پۈتۈن ئەل باشلىقلىرىنى ئۈرۈمچىگە يىغىۋالدى. 1939 - يىلى 11 - ئايدا بۇ يىغىنغا بارالماي قالغان قەبىلە باشلىقلىرىدىن چىڭگىل ناھىيىسىدىن بايانباي بايقەدەم، دونەن، بۆكەيقان ساقسايباي، جاقسى باي قاتارلىق 6 نەپەر كىشىنى ئۆيىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى.

دەل مۇشۇنداق بىر جىددى شارائىتتا، ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغاندا كېسەل سەۋەپلىك بارالمىغان كۆكتوقايدىكى 71 ياشلىق ئاقىت ھاجىنى (قازاقلار ئىچىدىكى مەشھۇر دىنى مۆتىبەر ۋە شائىر) شاكۇرتىدىكى ئۆيىدىن تۇتۇپ كەتتى، ئۇنىڭ بالىسى قالماننى كۆكتوقايغا چاقىرتىپ قاراتوڭگىگە كەلگەندە يول ئۈستىدىلا تۇتۇپ كەتتى.

ئاقىت ھاجىنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرويى خېلى يۇقۇرى ئىدى. ئاقىت ھاجى قولغا ئېلىنغان كۈن جۈمە كۈنى بولۇپ، ئاقىت ھاجىنى تۇتۇشقا كەلگەن ساقچىلار نامازغا كەلگەن



خەلقنى مەچىتتىن چىقارماي قويىدۇ. جامائەت ئىچىدە ئاقىت ھاجى بىلەن بىر دىمەتلىك ئىمانباي دىگەن بىر قېرى بار ئىدى. ئاقىت ھاجىنىڭ قولغا ئېلىنىشىنى سەزگەن ئىمانباي، پۈتۈن جامائەتكە ئاقىت ھاجىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىش ئۈچۈن، «جامائەت قوزغۇلۇڭلار، ئاقىت ھاجىنى ئېلىپ قالايلى!» دەپ جار سالدى. مەچىتتىكى جامائەتمۇ دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھەركەت باشلىماق بولغاندا جامائەت ئىچىدىكى بەزى قېرىلار، كۆپچىلىككە قارىتا «توختاڭلار! قولىمىزدا قورال ئەمەس بىر پارچە تۆمۈرنىڭ سۇنىغىمۇ يوق، بۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرالايمىز؟ بۇنداق قىلساق ئاق قار، كۆك مۇز ۋاختىدا بىكاردىن بىكار قىرىلىپ تۈگەيمىز» دەپ ۋاقىرايدۇ. قوزغىلاڭ قىلىپ كۆرمىگەن بىچارە خەلق دەسلەپ بىر داۋالغۇپ باققان بولسىمۇ يەنە ئۆلۈم ئەندىشىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئاستا - ئاستا بېسىلىپ قالىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ساقچى - جاللاتلار ئاقىت ھاجىنى مەچىتتىن سۆرەپ چىقىپ پۇت - قولىنى باغلاپ چانىغا بېسىپ ئۆندىر قاراغا ئېلىپ كېتىدۇ. مەچىتتە قالغان جامائەت ئىچىدىكى ھېلىقى ئىمانباي دىگەن ئادەم دەرھال ئاتلىنىپ ئاقىت ھاجىنى ئېلىپ ماڭغان ساقچىلار ئۆندىر قارىغا يېتىپ كەلگىچە ئالدىنى يېتىپ كېلىدۇ - دە ئوغلى ئىسمىقانغا ۋە ئۆزىنىڭ گېپى ئۆتىدىغان بىرقانچە كىشىلەرگە خەۋەر يەتكۈزىدۇ. ئاقىۋەت ئىسمىقان (مولقى قەبىلىسى ئىچىدىكى ئايتوغان دىگەن كىچىك بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى) ئاتمىشتەك ئادەمنى توپلاپ شۇ كېچىسى ئاقىت ھاجىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئالماقچى بولىدۇ. شۇ چاغدا يەنە بەزى قېرىلار ئۇلارغا: بۇنداق قىلماڭلار، مۇشۇنداق قارا سوغۇقتا بىرمۇنچە ئادەم ئۆلۈشكە سەۋەپ بولىمىز. بۇ يولدىن قايتىڭلار — دەپ مەسلە-

ھەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەركەت يەنە توختاپ قالىدۇ. لېكىن ئىبسىمقان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ كۆتىرىشنى مەقسەت قىلغان 60 كىشىنىڭ ئىزىمى شۇ چاغدىكى ئىشپىيونلار تەرىپىدىن ئىگەللىنىپ گوڭئەنجۈيگە ۋە خەلقئىتىكى قۇراللارنى يىغۋېلىش خىزمەت ئۆمىكىگە تاپشۇرىلىدۇ.

ئاقىت ھاجى قولغا ئېلىنىپ 10 كۈن ئۆتمەستىنلا كېيىن، جۇشياڭجىنىڭ (يەنە بىر ئىسمى يۇرا) قاتارلىقلار باشلاپ كەلگەن ساقچىلار كېلىپ ئاقىتنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ 800 دىن ئارتۇق كىتاپلىرىنى ۋە ئۆزى يازغان شېئىرلەر توپلىمىنى باشقا نەرسىلىرى بىلەن قوشۇپ مۇسادىرە قىلىپ 3 تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئىبسىمقان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ كۆتىرىش ئۈچۈن ھەركەت قىلغان 60 ئادەممۇ بىر ـ بىردىن قولغا ئېلىنىش خەۋپى ئىچىدە قالىدۇ.

2 ـ ئۆزىنىڭ قولغا ئېلىنىدىغانلىقىنى ئالدىن سەزگەن ئىبسىمقان بالدۇرراق ھەركەت قىلىشنى پىلانلايدۇ. شۇ چاغدا خەلق ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئىشپىيون تەربىيىلەپ يۈرگەن كېرىم، ياقۇپ دېگەن ساقچىلارنى (بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئاقىت ھاجىنى تۇتۇشقا ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنى مۇسادىرە قىلىشقا قاتناشقانلار ئىدى) ئايتۇغان مۇلقى قەبىلىسىدىن قىز ئالغان بارات دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىدە تۇتىۋېلىپ، ئۇلارنى چەمبەرچەس قىلىپ باغلاپ، قويۇدۇ ھەمدە ئەتراپ بىلەن بولىدىغان قاتناش يوللىرىنى كېسىپ تاشلايدۇ.

نەتىجىدە 1940 ـ يىل 2 ـ فېۋرال كۈنى كېچىدە 20 ـ 30 ئادەمنى باشلاپ بېرىپ، زاغۇبادىكى ئىبسەت مۇلقى ئۇ قان زەڭگىنىڭ (قەبىلە باشلىقى) ئۆيىدە قونۇپ مېھمان بولىۋاتقان كۆكتوقاي ھاكىمى شۇئەرلىن ۋە ئۇرۇمچىدىن كەلگەن جۇ



يەنجاڭ دېگەنلەر باشچىلىقىدىكى 7 كىشىلىك خىزمەت ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈپ قوراللىرىنى تارتىپ ئالىدۇ.

ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان ئىدى:

ئىبسىمقانلار ئۇقان زەڭگىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا ئۇقان زەڭگىنىڭ ئوغلى تەبىتەي ۋە ھاكىمنىڭ چاپارمىنى قامىلا يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئىبسىمقان بولارنى تۇتىۋېلىپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە مەجبۇرى ئېلىپ ماڭىدۇ. ئۇقاننىڭ ئىشىكى ئالدىدا يات ئادەملەرنى زادىلا يېقىن كەلتۈرمەيدىغان ناھايىتى يامان بىر ئىت بولغانلىقتىن ئۇنى ئىگىسى تەبىتەيگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئاندىن قاپاستەركەش ئوغاى، ئېڭىسگەن چاغالاق ئوغلى قاتارلىقلار ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى چېقىپ ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىدۇ، ھېلىقى 7 ئادەمنىڭ ئىچىدىن پەقەت شۈ ئەرلىنلا تاپانچىسىدىن بىر تال ئوق چىقىرالايدۇ. لېكىن ئۇ بەك ھودۇقۇپ قالغاشقا ئاتقان ئوقى ھېچكىمگە تەگمەيدۇ ـ دە ئىككىنچى قېتىم ئوق چىقارغىچە ئۈلگۈرمەستىن ئېڭىسگىن بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدۇ. ئۆيگە بېسىپ كىرگەنلەرنىڭ بىرسى ھاكىمنىڭ بېقىنىغا پىچاق سالىدۇ. باشقىلىرىنى سىرتقا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ھاكىمنىڭ خىزمەتچىسى 18 ياشلىق قىرانباي دېگەن يىگىت ھايات قالىدۇ.

ۋەقە تۇغۇلغاندىن كېيىن ئىبسىمقان مەخپى ھالدا چاغالاق دېگەن ئاۋۇل باشلىقىنى چىڭگىلدىكى چاقاباي قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئېرىسقانغا ۋە مولقى قەبىلىسىدىن بولغان زاتىلبايغا ئەۋەتىدۇ. نۇسىپباي مەكدىباي ئوغلىنى قارا بولغۇنىدىكى قارا قاس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاقىتبېكەگە ئەۋەتىدۇ. لېكىن نۇسىپباي قارا بولغۇنغا يېتىپ بارغىچە ئاق تېكە

ۋە سايىپ خەلىل ئوغلىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن سارنوغا
ئىسىملىك قازاق باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە ساقچىلار قارا بو
غۇزغا كېلىپ بولغان ئىدى. نۇسىپبايىنىڭ ئىسيان كۆتەرگەن خەۋىرىن
ئاڭلىغان ئاقىتىكە ۋە سايىپلار دەرھال سارنوغاي باشچىلىقىدىك
3 ساقچىنى ئۆلتۈرۈپ ئىسىمقانغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
بۇ ئىسيان كۆتۈرۈلۈش ۋەقەسى پۈتۈن كۆكتوقاي خەلقىگ
ئاڭلىنىپ چوڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىقى باشلىنىدۇ.
دىمەك: خەلق ئۆز قوللىرىدا بار بولغان قورال - ياراق
لارنى تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلماي
يەنە بېسىم ئىشلىتىپ، بىربىرلەپ قولغا ئېلىش، ئېتىش، چې
پىش قاتارلىق تېررورلۇق ھەركىتىنى يۈرگۈزىۋاتقان شېڭ
شىسەينىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى كۆرگەن كۆكتوقاي خەلقى
ئاخىر «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دېگەن نىيەتكە كېلىپ ئىسىمقان ئىمان
باي ئوغلى ۋە ئاقىتىكە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە
بىرىنچى قېتىم قوزغىلىپ چىقىدۇ جۈملىدىن بۇ قوزغىلاڭغا كۆكتوقاي
خەلقى، قارا بۇلغۇن سارتوقاي ۋە چىڭگىلدىكى كۆپ سانلىق
قازاق خەلقى پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

## 3 - كۆكتوقاي ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى بىلەن ساقچى ئىدارىسىغا قىلىنغان ھۇجۇم ۋە سۇلايمان باتۇر

قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خەلق قولىغا نەيزە، كالتەكلەرنى ئېلىپ كۆكتوقاي ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى ۋە ساقچى ئىدارىسىنى ئېلىش ئۈچۈن جىددى ھازىرلىق قىلىۋاتاتتى. ئەگەر بۇ ئىككى ئورۇن دەرھال ئېلىنسا كوكتوقاي ناھىيىسى ئاساسەن ئازات قىلىنغان بولۇپ، خەلقمۇ بىر مۇنچە قورال - ياراققا ئىگە بولغان بولاتتى.



ۇڭا ئىسىمقان ۋە ئاقىتىكە باشچىلىقىدا 200گە يېقىن ئادەم سوغۇق-
ىنىڭ قاتتىقلىقىغا قارىماي كوكتوقايغا يۈرۈش قىلىدۇ. دەل مۇشۇ
اغدا سۇلايمان: قورال - ياراق قاتارلىق مۇھىم نەرسىلەرنىڭ ھەم-
مىسى ساقچى ئىدارىسىدا، مەن ئۇ يەرنىڭ بولۇڭ - بۇشقاقلىرىغىچە
بىلىمەن، شۇڭا پارتىزانلارنى مەن باشلاپ باراي دەپ تەلەپ قىلىدۇ.
لېكىن قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ يېتەكچىلىرىدىن ئىسىمقانلار بۇنىڭ
سۆزىگە ئانچە ئىشەنچ قىلمايدۇ. نەتىجىدە كوكتوقايغا بارغان
پارتىزانلار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى ئالغان بولسىمۇ ساقچى ئى-
دارىسىنى ئالالمايدۇ. چۈنكى ساقچى ئىدارىسىدا قورال - ياراق، ئوق -
دوراكۆپ بولغاندىن تاشقىرى بۇ يەردىكى ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىل
قىلىنغان ئەسكەرلەر ئالدىن ئالا تەييارلىق قىلىپ مۇستەھكەم
ئىستىھكام قۇرۇۋالغان ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قوزغىلاڭچىلار-
دىن مەۋىيە، ساتىش، قاپاس قوبداباي ئوغلى قاتارلىق
3 كىشىگە ئوق تېگىپ قۇربان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوز-
غىلاڭچىلار مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ قايتىپ كېتىدۇ:
قوزغىلاڭچىلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن موڭغۇلىيە چېگرىسىدا
تۇرۇۋاتقان شېڭشىسەينىڭ ئېرىسبەك باشچىلىقىدىكى 200گە
يېقىن چېگرا مۇداپىئە قىسمى قوزغىلاڭنى تۇنجۇقتۇرىۋېتىش
ئۈچۈن بولغۇننى (ئۆلۈڭگور دەرياسىنىڭ باش تەرىپى، جۇڭگو
موڭغۇلىيە چېگرىسى) بېسىپ ئۆتۈپ دەريانى ياقىلاپ كېلىپ
قالىدۇ. قوزغىلاڭچىلار دەرھال ئاتلىرىنى يەڭگۈشلەپ شېڭ-
شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدىن توسۇشقا تەييارلىق قىلىدۇ. دەل
مۇشۇ پەيتتە ھېلىقى سۇلايمان ① دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ
گۇناھىنى يۇيۇپ خەلقنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن، ماڭا بۇيرۇق

① سۇلايمان، ئىسيان كۆتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونلۇق خىزمىتىگە قاتناشقان بولۇپ كېيىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئادەم ئىدى.

بېرىڭلار! دەپ قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدۇ. ئىسمىقان، ئاق
لەر ماقۇل بولۇپ ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
قوزغىلاڭچىلار سارتوغايدىكى چاقاباي قەبىلىسىنىڭ تەيجى
نەزىرىنىڭ قىشلىقى يېنىدىكى، ھازىرقى «جاۋچۇقا» دېگەن
يەردە شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قال
سۇلايمان بىر ئەپلىك جايغا مۆكۈپ ئولتۇرۇپ، شېڭ شىسەي
ئەسكەرلىرىنى ئۆزىگە تازا يېقىن كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن سان
تۇرۇپ 20 نەچچىسىنى ئېتىپ يىقىتىدۇ. ئالدىدىن ئوق يېگەن
ئەسكەرلەر ئارقىسىغا قاراپ قېچىشقا باشلايدۇ. قوزغىلاڭچىلار
روھلىنىپ شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىگە قوغلاپ يۈرۈپ ھۇجۇم
قىلىش بىلەن 50_60 ئادەمنى نابۇت قىلىپ 80 تۆگە ئاشلىق 50 دىن
ئوشۇغراق مىلتىق غەنىمەت ئالىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە چىڭ
گىل چاقابايدىن مۇسا تۇرۇقباي ئوغلى ئۆزىنىڭ مەرگەنلىكى
بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چۈشىدۇ. ئەسلىدە سۇلايمان قىشتا
چاڭغا بىلەن تاغدىن - تاققا چېپىپ تىيىن ئاتسا، مۇسا ئويماندىن
جەرەن بىلەن بۆكەن ئېتىپ ئادەتلەنگەن مەرگەنلەردىن ئىدى.

بۇ جەڭدە قوزغىلاڭچىلاردىن تۈركىستان زامبى ئوغلى
ئىبرايىقان دېگەن ئىككى يىگىتكە ئوق تېگىپ قۇربان بول
دۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن سۇلايمانغا «باتۇر سۇلايمان»، مۇساغا
«مەرگەن مۇسا» دەپ نام بېرىلىدۇ. شۇندىن باشلاپ سۇلايمان
ئۇرۇشقا چىقسا، ئۇ بارغانلا تەرەپتىكى شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى
مەغلۇپ بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى.

## 4 - چاغان ئېرگە مۇنچىق، بولغۇن جەڭلىرى، قاپتۇق سەپىرى ۋە تېرەكتى ئارغىلتايدىكى تۇتۇشۇش.

1 - سۇلايمان باتۇر ۋە مۇسا مەرگەنلەرنىڭ قاتنىشىشى



بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سارتوغاي ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەلنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ جەڭگىۋارلىقى ئۆسكەن بولسىمۇ، قىشنىڭ قاتتىقلىقى، ئاق - قار، كۆك مۇز ئۈستىدىكى شىۋىرغانلىق بوران - چاپقۇنغا قارىماي پۈتۈن ئەل بويىچە خوتۇن - بالا، قېرى - ياش دېمەي قوزغالغان خەلق، نەگە بېرىپ نەدە توختايدىغانلىقىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار سەپەردىن توختىماي ئۆلەڭگىر دەرياسىنى بويلاپ سارتوغاي، چاغان ئېرگە مونچىق قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ بولغۇنچىلىك كۆچۈپ باردى. شېڭ شىسەينىڭ كۈچلۈك قوراللار بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلىرى ھاۋادىن بومباردىمان قىلغۇچى ئايروپىلانلىرىغا ماسلىشىپ، كۆچۈپ كېتىۋاتقان ئەلنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. مانا مۇشۇنداق بىر شارائىتتا قوزغىلاڭچى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر قوماندانلىق شتاب قۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قوزغىلاڭچى خەلق مەسلىھەتلىشىپ ئىسمىقان، ئىرىسقان، ئاقتېكە قاتارلىق بىرنەچچە كىشىلەرنى يادرو قىلغان بىر رەھبەرلىك ئورگىنىنى قۇردى ۋە سۇلايمان، مۇسالار باشچىلىقىدىكى بىر باتۇرلار گۇرۇپپىسىمۇ ئۇيۇشتۇرۇلدى. شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ئارقىمۇ - ئارقا ھۇجۇم قىلىپ قىستاپ كېلىۋەرگەنلىكتىن ئاخىرى چاغان ئېرگەدە بىرىنچى قېتىم رەسمىي ئۇرۇش باشلاندى. بۇ ئۇرۇشتا سۇلايمان ۋە مۇسا باشچىلىقىدىكى باتۇرلار گۇرۇپپىسى ئەپلىك جايلاردا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ غىل - پال قىلغانلا ئەسكەرنى ئېتىپ يىقىتىپ ئۇلارنى باش كۆتەرتكۈزمىسە، نەيزە - كالتەكلەر بىلەن قوراللانغان مىلتىقسىز قوزغىلاڭچىلارمۇ ئۇرۇشقا ئارىلىشىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى ۋە دۈشمەننىڭ قورالىنى تارتىپ ئېلىپ

ئۇزلىرىنى قوراللاندۇردى. بۇ قېتىمقى نەيزە ـ توقماق ئۇرۇشىدا شېڭ شىسەينىڭ بىر مۇھىم ھەربىي مەسلىھەتچىسى «سېرىق ئاتلىق جياۋگەن» دېگەن نەرسە قولىغا قىلىچ ئېلىپ قو غىلاڭچىلارنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ ھەيۋە كۆرسۈتۈش بىلە قىشىغا ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئەللىك ياشتى ئاشقان قابانباي (مولقى مورسال) دېگەن قېرى پەملە تۇرۇپ ئۇزۇن ساپلىق چوقماق بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرۇپ ئاتتىن يىقىتىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ سېرىق ئېتىنى ۋ قىلىچىنى تارتىپ ئېلىپ ئۇنى چېپىپ تاشلايدۇ. ئىك كىنچى كۈنى شېڭ شىسەي تەرەپ ئايروپىلان ئارقىلىق «باي دىنلار، قولۇڭلارغا چۈشكەن سېرىق ئاتلىق جاۋگەن نى تېزدىن قايتۇرۇپ بېرىڭلار، قايتۇرۇپ بەرمىسەڭلار ھەممىڭلار ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىسىلە!» دەپ قەغەز ۋاراق تاشلىدى ۋە خەلق توپىنى نىشانلاپ بىر قانچە بومبا تاشلىدى. بىز تەرەپتىن قازا بولغان بىر نەچچە قېرى ـ چۆرە، خوتۇن ـ باللاردىن باشقا چوڭ چىقىم بولمىدى.

2 ـ مونچىق جىڭى. دالدا بولغىنىدەك بىر تال گىياھمۇ يوق تۈپ ـ تۈز دالىدا ئاسماندىن ئايروپىلان بىلەن بومبا تاشلىسا يەردىن ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ئەل ئىچىگە كىرىپ كېتىشكە ئاز قالغاندا، يەنە دەسلەپكى تەجرىبە بويىچە مەرگەنلىرىمىز مۆكۈنۈپ يېتىپ كۆرۈنگەنلا ئەسكەرنى ئېتىپ يىقىتىپ ئەلگە يېقىنىمۇ كەلتۈرمىدى. قوزغىلاڭچىلار شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدى تەرىپىنى توسۇۋالغاچقا ئارىلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى. ئاخىرى ئۇلارنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىپ بىر قانچە مىلتىق، 30 ـ



40 ئىگەر توقۇملۇق ئات، بىر نەچچە پىلىموت غەنىمەت ئالدى. بۇ قېتىمقى ئارىلاشما جەڭدە ئالدى بىلەن ئات سالغانلاردىن زاتىلباي نوغايباي (60 ياشقا كىرگەن ئادەم بولۇپ ئېرىسقاننىڭ ئاتىسى ئىدى)، توغۇز داغىستان قاتارلىق يەتتە كىشى قۇربان بولدى. بۇ كىشىلەر ئىلگىرىكى بىر قانچە قېتىملىق جەڭلەردە ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلىقى، جاماەتنى تەشكىللەش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەملەر ئىدى. شۇڭا بۇلارنىڭ ۋاپاتى ئۆز ئائىلىسىگىلا ئەمەس پۈتۈن ئەل ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولغان ئىدى.

3 ـ قاپتىق سەپىرى ـ بولغۇن جىڭى. بۇسەپەردە كۆچۈپ كېتىۋاتقان ئەلنىڭ ئالدى تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىغىچە بېرىپ توسۇلۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا ئەل ئىچىدىكى ئەزمەتلەردىن مىڭدىن ئارتۇق كىشى تاغ ئۇرۇشى قىلىش ئۈچۈن بەيتىك، قاپتىق تاغلىرىغا چىقىپ كېتىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېسىمقان، ئاق تېكە، ئېرىسقان، مۇسامەرگەن قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى (مەن شۇ چاغدا 17 ياشتا بولۇپ ئاكىلىرىمغا قوشۇلۇپ بىللە كەتكەن ئىدىم). سۇلايمان باشچىلىغىدىكى چېروچى قەبىلىسىنىڭ يۈزدەك ئادىمى ئىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن دەريا ياقىلاپ سۇ كېچىپ مېڭىپ سارتوغاي چاكۇرتى تەرەپكە كېتىدۇ. خوتۇن بالا ـ چاقىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ قالغان تاتاي قالىم ئوغلى، چاغالاق، چاتى، ئېڭىسگەن، مىسرقان ماسايىت، ھاسان زەڭگى، قابدىلباقى، توقتامۇرات قاتارلىقلارنى شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى تۇتۇپ ئالىدۇ.

شېڭ شىسەينىڭ ئاساسى كۈچلىرى بەيتىك، قاپتىققا چىقىپ كەتكەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ قوغلايدۇ.

قوزغىلاڭچىلارمۇ شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىگە قارشى جىدد
ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق قاپتىققىچىلىك بارىدۇ. بۇلار كۆ
دۆزى ئايروپىلاندىن مۇداپىئەلىنىپ تاغ ئوڭكۈرلىرىگە كىر
ۋېلىپ، كېچىسى داۋاملىق يۈرۈش قىلىدۇ. ئات ئۆلىقى ھېرى
قالغان، ئوزۇق - ئوقەتلىرى تۈگىگەن، ئاچلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق
پىيادە مېڭىشتەك جاپا - مۇشەققەتلەر قوزغىلاڭچىلارنى روھ
ۋە جىسمانى جەھەتتىن تولىمۇ قاتتىق چارچاتقان ئىدى. ئا
خىر ئۇلار ئېسىمقان ئېرىسقان، ئاق تېكەلەرنىڭ يېتەكچىلى
گىدە قاپتىقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ بەيتىككە يېتىپ كېلىدۇ
ئەپسۇسكى، بۇ يۈرۈشتە مۇسا مەرگەنگە ئوق تېگىپ قۇربان
بولىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار بەيتىكتىكى كىچىك قاراغايتى دىگەن
بىر تارساي ئىچىگە كەلگەندە شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى پۈ
تۈن ئەتراپنى قورشاپ مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدۇ. مۇھاسىر
ئىچىدە قالغان قوزغىلاڭچىلارغا ھاۋادىن بومبا تاشلايدۇ. بۇ
جەڭدە ئاقتېكە، ئاقاناي ئاقىت ئوغلى، سەيىپ خەلىل ئوغلى
قاتارلىقلارغا ئايروپىلاندىن ئاتقان ئوق تېگىپ يارىدار بولى
دۇ. مۇشۇنداق قىيىن - قىستاقچىلىق ئىچىدە ئېسىمقان، ئېرى
سقانلار باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار، يېرىم كېچىدىكى قاراڭ
غۇلۇقتىن پايدىلىنىپ پەم بىلەن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ ئارما
نى دىگەن يەرگە كېلىدۇ. بۇ يۈرۈشتە ئوق تېگىپ ئېغىر يارى
لانغان ئاقتېكە ئات ئۈستىدە تۇرۇپ جان ئۈزىدۇ. قوزغىلاڭ
چىلار يولنىڭ خەۋپ - خەتىرى ۋە جاپادىن قورقماي جە
سەتنى بىللە ئېلىپ مېڭىپ سارتوغايدىكى تۇققانلىرىنىڭ قە
بىرىسى قاتارىغا ئەكىلىپ دەپنە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ
قېتىمقى سەپەردە قوزغۇلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن



جاسارەتلىك باتۇرلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا ئېغىر مۇسىبەت ۋە
قايغۇ ئىچىدە يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ.

ئالتاي تەرەپكە يۈزلەنگەن قوزغىلاڭچىلار سارتوغايدىن
چۈشۈپ تۆۋەنكى چاكورتىغا يېتىپ كېلىش بىلەن شۇ يەردە
يۈشۈرۈن مۇداپىئەدە تۇرىۋاتقان سۇلايمان باشچىلىقىدىكى قوز-
غىلاڭچىلار بىلەن قوشۇلىدۇ. بۇ يەردە ئىككى كۈن دەم ئې-
لىۋالغاندىن كېيىن شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى قوغلاپ يېتىپ
كەلمەستىن ئىلگىرى ئالتاي تاغلىرىغا چىقىپ كەتمەكچى بو-
لۇپ، كېچە - كۈندۈز توختۇماستىن ماڭىدۇ ۋە ھازىرقى قارا
توڭكە گۆڭشې تېرەكتى دۈيى جايلاشقان تېرەكتى ئارغىلتاي
تاغ ئاغزىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىن سېكبىلتاي ئىگىزلىكى-
گە شاغدۇل دەيدىغان يالغۇز ئاياق تار ساينى ئۆرلەپ چىقىش
مۇمكىن ئىدى.

4 - تېرەكتى ئارغىلتاي جېڭى. قوزغۇلاڭچىلار تېرەكتى
ئارغىلتايغا يېتىپ كەلگەندە، چىڭگىل تەرەپتىن قايىرتى
داۋسىنى ئېشىپ قاراسگىرنى ياقىلاپ كېلىۋاتقان شىڭ شى-
سەينىڭ ئەسكەرلىرىمۇ كېلىپ ئۇلگۇرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ
كېلىۋاتقانلىقىنى بۇرۇنراق كۆرۈپ قالغان قوزغىلاڭچىلار ئالدىن
ھەركەت قىلىپ ئەتتىگەندىن چۈشكىچە ئۇلارنىڭ ئالدىنى
توسۇپ ئۇرۇش قىلىدۇ. شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ئاساسىي
جەھەتتىن مەغلۇپ بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا قارا توڭكىدە
ئىستىھكام قۇرۇپ ياتقان شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى قارا توڭ-
كىنى ئۆرلەپ تېرەكتىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغ چوققىلى-
رىغا چىقىۋېلىپ قوزغۇلاڭچىلارغا شىددەتلىك ئوت
ئاچىدۇ. قوزغىلاڭچىلار بولسا ئىككى تەرەپتىن قىلغان
مۇھاسىرە ئىچىدە قالىدۇ بۇ ئۇرۇشتا قىمبىل شۈكىم ئوغلى،

نۇر پەيىس، كالەي شايىقى ئوغلى قاتارلىق ئۈچ كىشى قۇربان بولىدۇ.

ئۇرۇشنىڭ مۇشۇنداق جىددى پەيتىدە سۇلايمان بىر نەچچە ئادەمنى باشلاپ ئۆزى بىلىدىغان چىغىر يول بىلەن مېڭىپ ئورتا ئارغىلتاينىڭ ئىچىگە چۈشۈپ شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ. شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچى تۇيۇقسىزلا ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن قوزغىلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرالماي ئاخىر تاغ چوققىلىرىغا چىقىۋالغان قاراۋۇللىرىمۇ ئۆزلىگىدىن قېچىپ چۈشۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭدىن مەدەت ئالغان ئالدى تەرەپتىكى قوزغىلاڭچىلار غەيرەتكە كېلىپ شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىگە قوغلاپ ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىستىھكاملىرىنى تامامەن تارتىۋالىدۇ. نەتىجىدە شېڭ شىسەينىڭ 100 گە يېقىن ئەسكىرىنى يوقۇتۇپ بىرمۇنچە قورال - ياراقلىرىنى غەنىيمەت ئالىدۇ. ۋە شاغدۇلنىڭ ئىچى بىلەن ئۆرلەپ سېكپىلتاي ئېگىزلىكىگە چىقىپ كېتىدۇ.

بۇ قېتىم خەلقنى تەشكىللەپ خىزمەت كۆرسەتكەن، دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشتا كەسكىن تەدبىر قوللۇنۇپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان كىشى ئېرىسقان نوغايباي ئوغلى بولدى.

## 5 - 1940 - يىلدىكى ئېرتىش بېشى ۋە ئارال جەڭلىرى

قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئېرىسقان، سۇلايمان قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە سېكبىلتايدا بىر كۈن دەم ئېلىپ ئات ئۇلاقلىرىنى ئارام ئالغۇزىۋالغاندىن كېيىن تۇرغۇن بېشى



ئاقبۇلاق، كوڭگەيتىگە چىقىدۇ، (بۇ يەرلەرنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى «ئېرتىش بېشى» دېيىلىدۇ)، قالغان قىسمى ئېسىمقانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇۋى، قادىراتى، ئالائايغىر، ئاراسان تەرىپىدە بولىدۇ (بۇ يەرلەرنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى— قايىرتى دەرياسى بىلەن قارائېرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقتىن «ئارال» دەپ ئاتىلىدۇ).

شېڭ شىسەينىڭ ئاساسىي كۈچى كۆكتوقاينى (ھازىرقى كان رايونى) بازا قىلىپ كۆپىنچە ئېرتىش بېشىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئېرتىش بېشىدىكى قوزغىلاڭچىلار 40 - يىلنىڭ ئاپرېل ۋە ئىيۇن ئىككى ئاي ئارىلىقىدا شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىنى ئاقبۇلاققا چىقارتمايلا قالماستىن، تاغ ئارىسىدىكى ئۆڭكۈرلەردە مۆكۈنۈپ يۈرۈپ، ئېتىپ يىقىتىش ئىچكىرلەپ كىرىپ قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىدىن ئۆلگەنلەر ۋە قولغا چۈشكەن قورال - ياراقلارمۇ ئاز بولمىدى.

ئارالدىكىلەر كۆكتوقاي — سارسۇمبە (ئالتاي شەھىرى) ئارىلىقىدىكى يول قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئىسىمقانلار باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىر قېتىمدىلا شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ 90 تۆگىدە ئېلىپ ماڭغان ئوزۇق - تۈلۈك ۋە بىرمۇنچە قورال - ياراقلىرىنى غەنىيمەت ئالدى. ئارالدا قوزغىلاڭغا قاتناشالمىغان قۇسىم قاراقاس (كىچىك قەبىلە) ئېلىنى ئاساس قىلغان زەينەل ئۈكىرداي باشچىلىقىدىكى چارۋىچىلارنى ئۆزىگە قوشىۋېلىپ تېخىمۇ چوڭراق كۈچ توپلىدى. 6 - ئاي ئەتراپىدا ئېرتىش بېشىدىكىلەر يۆتكىلىپ كېلىپ ئارالدىكىلەرگە قوشۇلدى ۋە كۆكتوقاي قاتارلىق جايلاردىكى شېڭ شىسەي

ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان خوتۇن - بالا چاقىلارنى قۇتقۇزۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار يازىچە جەڭ قىلىپ، شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنى قوۋنىنىڭ كۆك تۇمشىقىدىن ئۆتكۈزمەي قويدى. بۇ جەرياندا سولايماننىڭ يېتەكچىلىكىدە شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن سىماغول، چېتقازى، كىلەس، جوپان، قاپاس، زەينەل، سايىپ، قەسەيىن، سامىرقان، ناسىق قاتارلىق باتۇرلارمۇ مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. قوزغىلاڭچى خەلقلەر غەلىبە قىلغانسېرى روھى كۆتۈرۈلۈپ ئىرادىسى كۈچەيدى. يازىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا قوزغىلاڭچىلاردىن ناسىق، ئىرغازى ئاقاناي (سىماغول باتۇرنىڭ ئىنىسى) قاتارلىقلار قۇربان بولدى. چوڭ چىقىم بولمىدى.

## 6 - 40 - يىلدىكى كۆكتوقاي كېلىشىمى

يازغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش جەريانىدا شىڭ شىسەينىڭ ئاساسلىق كۈچى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. قوزغىلاڭنى ھەربى كۈچ بىلەن باستۇرۇشنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراۋەگەنلىكىنى كۆرگەن شىڭ شىسەي ئەمدى ئۇرۇشنى توختىتىپ كېلىشىم قىلىش چارىسىنى قوللانماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1940 - يىلى كۈزدە قولغا ئېلىنغان باشلىقلاردىن بوقات بىيىسى، جانىمقان ھاجى، رەخەت خەلىل ئوغلى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ قېيىنى ئاتىسى چيۇسىلىڭغا قوشۇپ كۆكتوقايدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ئۇلار كۆكتوقايغا كەلگەندىن كېيىن چيۇسىلىڭ ئۆزى كۆكتوقايدا قالدى، بوقات، رەخەت، جانىمقانلارنى ئارالدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ «ئۆتكەنكى ئىشلارغا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، قانداق



تەلەپ بولسا ھەل قىلىنىدۇ. پەقەت تېچ يول بىلەن بويسۇنسىلا بولدى» دېگەن مۇراجىئەتنامىنى ئېلان قىلدى. بۇ ۋاقىتكۈز ئايلىرى بولۇپ قىش قىستاپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆڭلىدە يازىچە ئالتاي تاغلىرىنى پانا قىلىپ جەڭ قىلدۇق، ئەمدى قىشنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئاق - قار، كۆك - مۇز ئۈستىدە خوتۇن - بالا چاقىلىرىمىزنى ئېلىپ يۈرۈپ قانداقمۇ جەڭ قىلارمىز دېيىدىغان ئەندىشىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان ئىدى. شۇڭا ئېسىمقان، ئېرىسقان قاتارلىق باشلىقلار مەسلىھەتلىشىپ تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاستىدا كېلىشىم قىلماقچى بولۇپ:

1 - ئاقىت ھاجى ۋە خەلىل قاتارلىق كىشىلىرىمىزنى تۈرمىدىن چىقىرىپ دەرھال قايتۇرۇپ بەرسۇن.

2 - ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىنسۇن. ئىشپىيونلۇق خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلمىسۇن.

3 - خەلق قولىدىكى قوراللار يىغىپ ئېلىنمىسۇن.

4 - ئاقىت ھاجىنىڭ ئۆيىدىن بۇلاپ كېتىلگەن كىتاپلارنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ بەرسۇن.

5 - خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىپ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلىسۇن، دېگەن تەلەپلەرنى قويدى.

بۇ تەلەپلەر چيۇ سىلىڭ ئارقىلىق شىڭ شىسەيگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن شىڭ شىسەينىڭ ماقۇللىشى بىلەن 1940 - يىلى 9 - ئايدا كېلىشىمگە قول قويۇلدى. شۇندىن كېيىن تۈرمىدا ھايات قالغان كىشىلەردىن خەلىل، قالمان نەزىر، شەرى قاتارلىق كۆكتوقاي، چىڭگىل ئادەملىرى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

ئاقىت ھاجىنىڭ 816 پارچە كىتاپلىرىمۇ قايتۇرۇپ بېرىلدى. لېكىن باشلىقلىرىمىزنىڭ قولىدا بىردىنلا قورال قالدۇرۇپ قالغان قوراللار تامامەن يىغىۋېلىنىدى.

بۇ قېتىمقى كېلىشىمدە بۇقات بەيسى ئالتاينىڭ ۋالىلىقىغا، جانىمقان مۇئاۋىن ۋالىلىققا، رەخەت كۆكتوقاينىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا، نەزىر ۋىلايەتلىك باج ئىدارە مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، كوكسىگەن بايانباي ئوغلى چىڭگىلنىڭ مائاۋىن ھاكىملىقىغا خەلىل ناھىيىلىك قازاق مەدىنى ئاقارتىش ئويۇشمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، كادىر باي كۆكتوقاي ساقچى ئىدارىسىنىڭ دوسالىقىغا، قەيىم چىڭگىل ساقچى ئىدارىسىنىڭ دوسالىقىغا تەيىنلەندى. ئاقىت ھاجى ۋە بايانباي، باي قادام، دۆنەن قاتارلىق بىر قانچە كىشىلەر ھازىر دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ، سالامەتلىكى ياخشىلانغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ دەپ ئۇقتۇردى. ئەمىلىيەتتە ئۇلار تۇرمىنىڭ دەھشەتلىك ئازاۋىدا ئالىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ يىل مەلۇم دائىرە ئىچىدە بولسىمۇ شىڭ شىسەينى كېلىشىم قىلىشقا مەجبۇر قىلغان بىر يىل بولۇپ، قىشىچە تېچ شارائىتتا ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بىر يىل بولۇپ قالدى.

ئىبىرىسقان شۇ يىلى كۆزدە كېسەل بولۇپ قالغانلىقتىن، دوختۇرغا داۋالىنىشقا بارىدۇ. داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي شۇ يىلى قىشتا 37 يېشىدا ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ.

## 7 - 41 - يىلدىكى قوزغىلاڭ

41 - يىلىنىڭ قىشى ئۆتۈپ چارۋىچىلار يايلاققا قاراپ كۆچۈشكە باشلىدى. شىڭ شىسەي ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ،



كېلىشىمدە قايتۇرۇشقا ماقۇل بولغان ئاقىت ھاجى باشلىق قولغا ئېلىنغان كىشىلەرنى قايتۇرۇپ بەرمىدى. بۇنىڭغا نارازى بولغان قوزغىلاڭچى خەلق، خەلىل، قالمان، ئېسىمقان، راقات، شەرى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە يەنە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ چىقتى. دەسلەپكى ئىككى ئاي جەريانىدىكى ئۇرۇشلاردا شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلگەن بولسىمۇ ئىلگىركى ئۇرۇشلاردا بىرمۇنچە تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ قالغان شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىمۇ تولۇق تەييارگەرلىكىنى كۆرۈپ ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوزغىلاڭچىلاردا بىر ئاز تارقاقلىق باش - باشتاقلىق قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىپ ئۇرۇشتا ئەستايىدىل بولمايدىغان، ئىنتىزامغا بويسۇنمايدىغان ئەھۋاللارمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى، مۇشۇنداق بىر شارائىتتا تارچاتىدا (يەر ئىسمى) بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا سۇلايمان باتۇرغا ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. بۇ يوقۇتۇش پۈتۈن قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن ئېغىر زەربە بولۇپ خۇددى بەل ئومۇرتقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندەكلا بولدى. شۇندىن كېيىنلا قوزغىلاڭچى خەلق ئىچىدە ئۇرۇن تالىشىش ئۆزىنى كۆرسىتىش قاتارلىق ئىتتىپاقسىزلىق ئەۋج ئېلىپ پارچىلىنىش باشلاندى. ئادىلقان بىي، ئابدىراخمان قاتارلىقلار قوسىم قارا قاسنى باشلاپ شىڭ شىسەيگە تەسلىم بولۇپ كەتتى. خەلىل، قالمان، ئىسمقان، شەرى، راخات، زەينەل قاتارلىقلار خوتۇن بالا چاقىلىرىنى تاشلاپ تاققا قېچىپ چىقىپ كەتتى.

مۇشۇنداق شارائىتتا شىڭ شىسەي قېيىنى ئاتىسى چيۇسىلىڭنى قوزغىلاڭچىلارنى تەسلىم قىلىش ئۈچۈن يەنە ئالتايغا ئەۋەتتى. چيۇ سىلىڭ ئۆزى سارسومبە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى) دە تۇرۇپ سار بۇلاقتىكى قارا تاس مەكتىۋىنى ھەربى

شىتاپ قىلىپ تاققا قېچىپ كەتكەنلەرگە جانىمقان ھاجىنى ئەلچى قىلىپ، ئەۋەتتى. جانىمقان ھاجى كالامۇ شەرىپىنى كۆكسىگە ئۇرۇپ، خۇدانىڭ ئۇلۇغ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ئەمدى قولغا ئالمايدىغانلىقى، ھەممە تەلەپنى ئورۇنداپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا جارسىلىپ ئالدى بىلەن خەلىل تەيجىنى قايىل قىلدى. خەلىل تەيجى تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولغاندا ئۇنىڭغا شەرى قاتتىق نارازى بولىدۇ ۋە ئىلگىرىلا تەسلىم بولۇپ كېتىپ ھازىر جانىمقان بىلەن بىللە كەلگەن ئادىلقان بىينى ئېتىۋەتمەكچى بولۇپ جىدەل چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراقاس ۋە چېروچى ئىككى قەبىلە ئارىسىدا رەسمى ئىتتىپاقسىزلىق تۇغۇلىدۇ.

ئاخىر خەلىل ئۆزىنىڭ بالىلىرى راخات، سەيپىلەرنى ئېلىپ تەسلىم بولۇشقا كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالمان، ئېسىمقان، شەرىلەرمۇ بارىدۇ.

بۇلار بارغاندىن كېيىن ۋىلايەتلىك ساقچى باشلىقى لي خۇگيۇك ۋە جانىمقانلار قاراتاستىكى ھەربى شىتاپتا ئۇلارنى كۈتىۋېلىپ، «ئالتايغا بېرىپ چېۋىسىلىك بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىڭلار، جانابى چېۋىسىلىك سىلەر بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشۈش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرىدۇ» دەپ ھەربى نازارەت ئاستىدا ئالتايغا ئېلىپ بارىدۇ. ئالتايغا بارغاندىن كېيىن خەلىل بىلەن قالماننى ئايرۇپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ شۇ يىلى بىر تەرەپتىن ئالداپ تۇرغا چۈشۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربى جەھەتتىن بېسىم ئىشلىتىپ خەلىل، قالمان، ئېسىمقان، راخات، شەرى، زەينەل، قۇمار، بورانباي، قاقىش، ناقىشتاي، ئىبرايقان، كارىپباي قاتارلىق 13 كىشىنى قولغا ئالىدۇ.



شېڭ شىسەيگە تەسلىم بولۇشنى خالىمىغان كىلەس، سۇلايمان كامال، مۇقاي، جىلقايدار سىماغۇل، قوۋانىشباي، سۇلۇباي، توقتىباي قاتارلىق قوزغىلاڭچىلار تاققا قېچىپ چىقىپ، بىردە 6 ـ 7 ئادەم بىردە 10 ـ 20 ئادەم بولۇپ يازلىقى تاغدا يۇشۇرۇنۇپ قىشتا قوم دالىسىغا كىرىۋېلىپ شېڭ شىسەينىڭ «باندىت تازىلاش ئارمىيىسى» دەپ ئاتالغان 3 ـ پولك ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ھىچ قانداق تۇتۇق بەرمەي يۈرىدۇ. 44 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قىشنىڭ بىر كۈنى راقىم، كامال، قاپاس، سۇلۇ باي، توقتىباي قاتارلىقلار باشلىغان بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار شېڭ شىسەينىڭ ئاساسلىق كۈچى 3 ـ پولك ئورۇنلاشقان چاغان ئېرگىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇرۇشنىڭ ئالدىدىلا شېڭ شىسەي چىڭگىل ـ كۆكتوقاي خەلقىنى بۇغدىغا (چىتەي، جىمسار ناھىيىلىرى) ھايداپ كۆچۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. توختىباي، سۇلۇباي باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار خەلقنى ھايداپ كېتىۋاتقان شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ بېرىپ سوقۇشۇپ يېرىم يولدىن خەلقنى ئايرىپ ئېلىپ قالىدۇ. كۆكتوقاي خەلقى ھايداشقا بويسۇنماي قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار سان جەھەتتىن كۆپىيىپ يەنە كۈچىيىشكە باشلىدى. قوزغىلاڭچىلار چىڭگىل ـ كۆكتوقاي خەلقىنى ئۆزىگە قوشۇلۇۋالغاندىن كېيىن مۇھىم ناھىيە مەركەزلىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاز ۋاقىت ئىچىدە چىڭگىلنى ئېلىپ (شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى چىڭگىلدىكى ھەممە ئۆيلەرگە ئوت قويۇپ قاچقان ئىكەن) ئاندىن كۆكتوقاينى مۇھاسىرە قىلىشقا باشلىدى. 44 ـ يىلى جىلقى ئايدار باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئالتاي، بۇرچىن چارۋىچىلىرىنى چىڭگىلگە كۆچۈرىدۇ. قاپاس باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭـ

چىلار پۈكاك، جىمىسار، مورى، چونجى قازاقلىرىنى قوشۇۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 44 - يىلى كۈزدە بوغدا قازاقلىرىمۇ قورقۇپ چىڭگىلگە كۆچۈپ كېلىشكە باشلايدۇ.

1944 - يىلى يازلىقى دەلىلقان سۈگىر بايۇپ قوزغىلاڭچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلىدى. لېكىن 45 - يىلىنىڭ قىش پەسلىدە ئالتاي چارۋىچىلىرى ۋە باشقا ناھىيەدىن كەلگەن چارۋىچى خەلقلەر ئاساسەن بىر ناھىيىگە توپلىشىپ قالغانلىقتىن، يەر ۋە چۆپ يېتىشمەسلىككە ئوخشاش قىيىنچىلىقلار كېلىپ چىقتى. غەربتىكى ناھىيىلەردىن كەلگەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ مال - چارۋىلىرى ئاپەتكە ئۇچراپ كۆپ چىقىم بولۇپ كەتتى، چارۋا مالىرى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق، ئامالسىزلىقتىن قىش - زىمىستان ئىچىدە يەنە ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇلتوقايدىكى مانات باشلىغان بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار ماناتنىڭ يېتەكچىلىكىدە گومىنداڭ تەرەپكە تەسلىم بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ قىش ئازدۇر - كۆپتۇر تالاپەت تارتقان ئوڭۇشسىزلىق يۈز بەرگەن بىر قىش بولۇپ ئۆتتى.

1945 - يىلى يازدا قوزغىلاڭ يېڭىۋاشتىن ئۇلغىيىشقا باشلىدى. دەلىلقان سۈگىر بايۇپ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئالتاي شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قاتتىق ئۇرۇش قىلدى.

ئاخىر ئالتايدا باشلانغان بۇ قوزغىلاڭ دەلىلقان سۈگىر بايۇپ قاتارلىق يېتەكچىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە غۇلجىدا باشلانغان ئىنقىلاپ بىلەن بىرلىشىپ شۇ يىلى كۈزدە ئالتاينى ئازات قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشتى.



# باركۆل ۋەقەلىرى ھەققىدە ئەسلىمىلەر

قۇربان ئەلى ئوسپانوۋ

مەن باركۆلدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى يېزىش ئۈچۈن 1952 - يىلىنىڭ سىنتەبىرىدىن بۇيان ئىزدىنىپ كەلگەچكە بىر قىسىم ئەھۋاللارنى ئاڭلاشقا، ۋە ئىگەللەشكە باشلىغان ئىدىم. 1983 - يىلى ئىيۇندا باركۆلدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ نەق مەيدانىدا بولغان نىغمەت راقىمباي ئوغلى (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمى ھەيئەت ئەزاسى) بىلەن سۆھبەتلەشكىنىمدە ئۇ، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدا يېزىپ چىققان خېلى ئۇزۇن ۋە خېلى ئىشەنچىلىك يازما ماتېرىياللىرىنى ماڭا بەردى. شۇندىن كېيىن مەن بۇ ماتېرىياللارنىڭ بەزىبىر مۇھىم نۇقتىلىرىنى تېخىمۇ ئېنىقلاپ، تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن باركۆل ۋەقەلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن كوكېي، جانادىل، كوشەن قاتارلىق ئادەملەر بىلەن جۈملىدىن بۇ ۋەقەلەردىن خەۋەردار نىغمەت مىڭجانى، پاتىخان سۈگىر بايۇپ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆھبەتلىشىپ زۆرۈر تېپىلغان نۇقتىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر قىسىم كونكرېت ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇم.

بۇنىڭدىن تاشقىرى بۇ ۋەقەلەرگە چېتىشلىق ۋەقەلەرنى

بولۇپمۇ ئادەم، ۋاقىت، يەر ئىسىملىرىنىڭ مۇمكىن قەدەر توغرا بولۇشى ئۈچۈن 1959 - يىلى ئاپرىلدا: «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ جەمئىيىتىنى، تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» تەرىپىدىن يېزىلغان «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (لايىھە) ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىغىن ماتېرىيالى سۈپىتىدە تارقاتقان «شېڭ شىسەي قانداق قىلىپ ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزىۋالدى» قاتارلىق ماتېرىياللارنى جۈملىدىن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» دا بېسىلغان خوجىنىياز ھاجى قوزغىلىڭى ۋە ماجۇڭيىڭ ھەققىدە يېزىلغان ماتېرىياللارنى كۆزدىن كۆچۈردۈم.

دېمەك: بۇ ئەسلىمە خېلى ئىزدىنىشلەر جەريانىدا ئىگەللەنگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا نۇقتىلىق يېزىلدى. شۇنداقتىمۇ كامچىلىق ۋە خاتالىقلاردىن خالىي دېيىش تەس. سەپداشلارنىڭ ياردەم قولىنى سۇزۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## قوزغىلاڭ

1931 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سۇپۇل قاتارلىق جايلىرىدىن باشلانغان دىخانلار قوزغىلىڭى تېز ئۇلغىيىپ ئۇنىڭغا قۇمۇلنىڭ شىمالى تېغىدىن بىر قىسىم قازاق پۇقرالىرىمۇ قوشۇلغان، قوزغىلاڭنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ ھەر قايسى جايلاردا جەڭ يالقۇنلىرى قويۇقلىشىشقا باشلىغان بىر چاغدا يەنى 1931 - يىلىنىڭ 5 - ئايلىرى ئەتراپىدا مابۇفاڭ بىلەن سوقۇشۇپ ئامىتى قاچقان، بارىدىغان يەر تاپالماي تۇرغان ماجۇڭيىڭ گەنسۇدىن (تەكلىپ بىلەن)



5 6 - يۈزچە ئەسكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ھە دېگەندىلا قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى خۇاڭ لۇگاڭ دېگەن يەرنى ئىگەللىۋالغان شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىشىپ قۇمۇلنىڭ كونا شەھىرى بىلەن يېڭى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان، لېكىن شەھەر مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغانلىقتىن كۈچى يەتمەي ئۇ يەردىن ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ بارىكۆلگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇرۇش جەريانىدا جىن شۇرېننىڭ بارىكۆلنى ساقلاۋاتقان پولكىنىڭ باشلىقى خې جىنشىياڭ تەسلىم بولغان. ماجۇڭيىڭ ئولجىغا چۈشكەن مىڭدەك مىلتىق ھەم ئوق دورىلار بىلەن ئۆز كۈچىنى تولۇقلاپ مافۇيۈەننى 20 ~ 30 چە ئەسكەر بىلەن بارىكۆلنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ قالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، تاغ يولى بىلەن قۇمۇلنى ئېلىشقا ئاتلانغان ھەمدە قۇمۇلنىڭ غەربىي تېغىدىكى قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ قۇمۇلنى مۇھاسىرىگە ئالغان.

مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئىككى تەرەپنىڭ، بولۇپمۇ جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىنىڭ قانلىق چاڭگىلىدا قاتتىق ئازاپ چەككەن خەلقنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ خاراپلاشقان. شۇڭا قۇمۇلنىڭ شىمالى تېغىغا ماكانلاشقان مىڭغا يېقىن قازاق ئائىلىسى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەزىز ماكانىنى تاشلاپ تاشقى موڭغۇلىيەگە ئۆتۈپ كەتكەن. بارىكۆلنىڭ غەربىدىكى تاقتا ماكانلاشقان ئالىپ ئۇكىردايىنىڭ ئېلى (قەبىلىسى) كۆل ئەتراپىغا يۆتكەلگەن.

ئۇرۇش ئوتى ئۇلغىيىپ، 1931 - يىلىنىڭ 8 - ئېيىغا كەلگەندە جىن شۇرېننىڭ جاڭ پېيۈەن بىلەن شېڭ شىسەي باشلىغان 6000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن

ماجۇڭيىڭ باشلىغان 3500 دىن ئارتۇق ئەسكەر يەتتە قۇدۇق بىلەن لياۋدۇڭ ئارىلىقىدا ئۇچرىشىپ قاتتىق ئۇرۇش قىلغان. ئۇرۇشتا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ ماجۇڭيىڭ گەنسۇغا چېكىنگەن. خوجىنىياز ھاجى تاغ ياقىلاپ يۈرۈپ مۇداپىئەگە ئۆتۈش جەريانىدا كۈچ توپلاپ، قوشۇنىنى ئۇلغايتىش ئىشى بىلەن بولغان.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ باركۆل خەلقىگە، قازاقلارغا بولغان گۇمانى چېكىدىن ئېشىپ، زۇلمى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن. تالان تاراج قىلىش، ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ كېتىش قاتارلىق پاجىئەلىك ئىشلار كۆپەيگەن. نەتىجىدە خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپ، ئەندىشىسى كۈچەيگەن.

## ئۇشتۇمتۇت تۆكۈلگەن قان

پاراكەندىچىلىك كۈچىيىپ قالايمىقانچىلىق، خاتىرجەمسىزلىك ئەۋج ئالغان بۇ كۈنلەردە: جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى باركۆلگە ئۈرۈمچىدىن شەرىپقان بىلەن بايمۇللانى ئەۋەتكەن. بايمۇللا ناھىيە بازىرىدا، شەرىپقان ئالىپ ئۆكىرداي ئېلىدە تۇرۇپ خەلقنى تىنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن بىر قاتار ئىشلارنى ئىشلىگەن.

شەرىپقان ئومۇمى ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ ئېھتىياتچان بولۇشنى لايىق كۆرۈپ، ئالىپ ئۆكىردايدىن يەر ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىدىغان، يەم-پاراسەتلىك ۋە بىرەر خىيىم-خەتەر تۇغۇلۇپ باشقا كۈن چۈشكىدەك ئەھۋال كۆرۈلۈپ قالسا قۇتقۇزۇش قولىدىن كېلىدىغان بىر يىگىت بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. ئالىپ



ئۆكىرداي ئەتىراپلىق ئويلانغاندىن كېيىن، قۇسايىن دېگەن كىشىنى بەرگەن. شەرىپقان قۇسايىننى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن 30 دەك قوغدىغۇچى ئەزىمەتلىرىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەن ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى خەتەرسىز بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. قۇسايىن شەرىپقاننى تويۇقسۇ دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. شۇندىن كېيىن شەرىپقان قۇسايىنغا سىرتقى موڭغۇلغا ئۆتۈپ كەتكەن قازاقلارغا يازغان خېتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپشۇرغان. قۇسايىن ھەمرالىققا ئالىپ ئۆكىردايىنىڭ ئىنىسى مېيرامقاننى ئېلىپ، ئۆزلىرى قايتىپ كەلگىچە بۇ يەردە بىرەر ۋەقە تۇغۇلۇپ قالسا خەت قالدۇرۇشقا بىر قەۋرىنى بەلگىلەپ بېرىپ سەپەرگە ئاتلانغان.

قۇسايىن بىلەن مېيرامقان شەرىپقاننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، موڭغۇلىيەگە ئۆتۈپ كەتكەن قازاقلارنىڭ كۆپ قىسمى باركۆل، مورى، چىڭگىل قاتارلىق جايلارغا قايتىپ كەلگەن.

قۇسايىن بىلەن مېيرامقان قايتىپ كەلگەندە شەرىپقان ۋە بايمۇللامۇ قايتىپ كەتكەن ئىكەن. قۇسايىن ئەسلىدىكى كېلىشىم بويىچە خەت قالدۇرۇپ كېتىشكە بەلگىلىگەن جايغا بېرىپ شەرىپقان يېزىپ قالدۇرغان خەتنى ئالغان، خەتتە: «مەن مورىغا قايتىپ كەتتىم. خوجىنىياز ھاجى ئالىپ ئۆكىردايىنى ۋە ئۇنىڭ ئېلىنى شورلىككە ھايداپ كەتتى» دېگەن مەزمۇندا يېزىلغان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئەھۋال ئىگەللەپ مۇنۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپتۇ: يەتتە قۇدۇق بىلەن لياۋدۇڭ ئارىلىقىدا بولغان ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ چېكىنگەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئادەملىرى ئالىپ ئۆكىردايىنىڭ ئاۋۇلىغا كېلىپ «بىزگە قوشۇلمىدىڭلار» دەپ ئالىپ ئۆكىردايىنى باغلاپ

هايداپ ئۇنىڭ ئىلىنى كۆچۈرۈپ شورلىككە ئېلىپ بېرىپتۇ. شورلىككە بارغاندىن كېيىن ئەل 700 ئەركەك قوي بېرىپ ئالىپ ئوكرداينى باغلاقتىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ «شورلىكنى جىن شورىن ئەسكەرلىرىدىن قوغداشقا مەسئول بولۇڭلار» دىگەن تەلىۋىگە تىل ئۇچىدىلا رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. شۇندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئادەملىرى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كۆكيارغا يۆرۈپ كېتىپتۇ-دە، كۆپ ئۆتمەستىن ئۆزىنى بېسىمدىن قۇتۇلغاندەك ھېس قىلغان ئالىپ ئوكىرداي ئېلىنى باشلاپ قۇلىنشارى، شاشا، ئۇلىمجى قاتارلىق يەرلەرگە كۆچۈپ كەپتۇ. كۆچۈپ كەلگەن ئەل تۈزۈكرەك ئورۇنلىشىۋالغىچە ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى بەزى خورجىلارنىڭ ئېتىزلىقلىرىغا كىرىپ ئاشلىقلىرىنى ئاز-تولا چىقىمغا ئۇچرىتىپتۇ. خورجىلار باركۆل بازىرىدا شەرقى شىنجاڭنىڭ ھەربى ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان چىن زىخۇي (چىن پېيشۇ) غا بېرىپ «ئالىپ ئوكىرداي خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلەشتى، خوجىنىيازغا قوي ھەم ئات بەردى. بىزگە زورلۇق-زومبولۇق قىلىپ ئاشلىقلىرىمىزنى مال-چارۋىلىرىغا يىگۈزدۈۋەتتى. ئەمدى بىز نىمە يەيمىز؟ ئەسكەرلەر نىمە يەيدۇ؟» دەپ ئەرىز قىلىپتۇ. قىلىچىلىك باھانە تاپالماي تۇرغان قانخور چىن پېيشۇ ئالىپ ئوكرداينىڭ ئاۋۇلىغا دەرھال باش كېسەر جاللاتلاردىن 200 ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ئاۋۇلغا كىلىپلا خاتىرجەم ياتقان ئالىپ ئوكىرداي باشلىق 86 نەپەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ. (ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئاياللارمۇ، بالىلارمۇ، بوۋاي-مومايلارمۇ بار ئىكەن). ئالىپ ئوكرداينىڭ كىچىك خوتۇنى ۋە ئوغلى شەكەرقاننى ئولجا قاتاردا ئېلىپ كېتىپتۇ.

قىرغىنچىلىك مەزگىلىدە ئالىپ ئوكرداينىڭ چوڭ ئوغلى



ئېلىسقان، ئىنىسى قوجاقىن، بىر نەۋرە ئىنىسى جەڭىسقان، قىرىقبايلار ئىش بىلەن قاپتىقتىكى ئەلدە ئىكەن. يەنە بىر ئىنىسى مېيرامقاننىڭ قوسايىن بىلەن بىللە تاشقى موڭغۇلغا بېرىپ ئەمدىلا قايتقانلىقى ئۆزىمىزگە مەلۇم. شۇڭا ئۇلار قىرغىنچىلىقتىن ئامان قاپتۇ ھەمدە چەكسىز ئېغىر قايغۇ-ھەسرەت ۋە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىنتىقام ئىستىكى بىلەن قاپتىققا بىراقلا كۆچۈپ كېتىپتۇ.

## داۋالغۇش

بوران-چاپقۇنلۇق 1931-يىلنىڭ ئاخىرى ۋە 1932-يىلنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جىن شۇرىننىڭ شىڭ شىسەي باشلىغان قوشۇنى خوجىنىياز ھاجى رەھبەرلىكىدىكى قومۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان.

بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا 30 نەچچە قېتىم چوڭ-كىچىك ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتكەن. ئاخىرى شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىنى تاراتۇ تېغىغا قىستاپ بېرىپ قورشاۋغا ئېلىۋالغان ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ تەسلىم بولسا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. خوجىنىياز ھاجى ئەمەلى ئەھۋالنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز بولىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆرۈنۈشتە تەسلىم بولغاندەك بولۇپ شىڭ شىسەيگە بىرئاز قورال تاپشۇرغان، ئەتىسى جىددى ھالەت پەسەيگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەپ بىلەن يەنە تاققا چىقىپ كەتكەن. شۇندىن كېيىن باركۆل ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن بىر ئاز قۇتۇل-

غاندەك بولغان.

1932 - يىلىنىڭ ياز بېشىدا جىمسارىدا «قازاقلار ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدىكەن، ھۆكۈمەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان ياكى بەلگىسى سېلىنغان مال ۋە باشقا بۇيۇملار چىققانلارنى ئاتىدىكەن» دىگەن سۆز تارقالغان.

بۇ سۆز قازاق ئاۋۇللىرىغا تېز تارقىلىپ ئۇلارنى يەنە پاراكەندىچىلىككە سالغان، نەتىجىدە ئۇلار جان كۆيەر يېقىن ئادەملىرى بىلەن يۇشۇرۇن مۇناسىۋەت قىلىپ جىمسارىدىن يىراقراق كېتىشكە كىرىشكەن ۋە ئۇنىڭ تەسىرى تىز كېڭەيگەن.

مۇشۇنداق بىر چاغدا جىمسارنىڭ گومانخور زالىم ھۆكۈمىتى بىلەن ھەربى ئەمەلدارلىرى 20 ~ 30 دەك ئەسكەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەخسىسىنى كۈتىرىپ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر قانچە چىقىمچىلار بىلەن بىللە خەلق ئارىسىغا ئىۋەتكەن. ئۇلار ئەل ئىچىدىن «قاچماقچى بوپتۇ» دىگەن باھانە بىلەن 12 ئادەمنى قولغا ئالغان ۋە ئۇلارنى «دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمىز» دەپ تەھلىكە سالغان. بۇ ئەھۋال تۇرسۇنباي ئۇكىردايغا يەتكۈزۈلۈپ خەلق ئۇنىڭ ئارىغا چۈشۈشىنى تەلەپ قىلغان. تۇرسىنباي ئۇكىرداي ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئوقۇشسا، قولغا ئېلىنغان 12 ئادەمدىن 10 ئادەمنى شۇ يەردە ئۇرۇپ - سوقۇپ، قىيناپ پارا ئالغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىپتۇ — دە قالى سايىقى، مادى دىگەن ئىككى ئادەمنى ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. تۇرسىنباي ئۇكىرداي ناھىيە باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ ئالماقچى بولۇپ يۈرگەندە ئۇنىڭ ئۆزى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەربى ئەمەلدارلار تەرىپىدىن گومانلىق ئادەم دەپ ھىساپلانغاچقا، قېشى-



دىكى ھەمراھلىرى قىيسا، ئاۋەسقانلار بىلەن بىرلىكتە يوشۇرۇن تۇردە بوغۇزلۇنۇپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

بۇنىدىن باشقا شۇ يىلى 11 - ئايدا خوجىنىياز ھاجى يېتەكچىلىكىدىكى قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ تەسىر دائىرىسى كېڭىيىپ گوچۇڭ، مورى، جىمسار قاتارلىق جايلاردىمۇ بىر قانچە قېتىم جەڭلەر ئېلىپ بېرىلغان، شۇنداق پەيتتە ماجۇڭيىڭ گەنسۇدىن قايتىپ كېلىپ مورىنى بېسىۋالغان ۋە خوجىنىياز ھاجى بىلەن كېلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى ئورۇش قىلماقچى بولۇپ، ماجۇڭيىڭ گوچۇڭغا خوجىنىياز ھاجى جىمسارغا ھوجۇم قىلغان ۋاقىت بولۇپ، مۇشۇنداق ئۇرۇش ئوتى ۋە قىرغىنچىلىق ئىچىدە قىلىپ تالان - تاراجغا دۇچ كەلگەن جىمسار، مورى قاتارلىق جايلاردىكى قازاقلار ئىچىدە ۋەھىمە ۋەداۋالغۇش تېخىمۇ كۆچىيىپ تېزلىك بىلەن كېڭىيىشكە باشلىغان. نەتىجىدە بۇ يەردىكى قازاقلار ئارقا ئارقىدىن بارىكۆل تەرەپكە قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان.

## سەرسانلىق

بارىكۆلگە يىغىلغان قازاقلار بولىۋاتقان ئىشلارنىڭ تىنىگىگە يېتەلمىگەن ۋە چۈشىنەلمىگەنلىگى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئورنىغا چۈشمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار زۇلۇم - زورلۇق ھەم ۋەيرانچىلىقنىڭ يىلتىزىنى تۈزۈمدىن ئىزدەشنىڭ ئورنىغا، يەردىن، يىرلىك ھۆكۈمەتتىن ئىزدەپ داۋاملىق داۋالغۇماقتا ئىدى.

خاتىرجەملىك بۇزۇلغان ئەنە شۇنداق كۈنلەردە يەنى 1934 - يىلى قىش يېقىنلاشقاندا ئادۇۋ باي بىلەن

تۆگىلىش باينىڭ ئاۋۇلى گەنسۇغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ قانداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ تىڭ - تىڭلاپ تۇرغان خەلق ئۇلار توغرۇلۇق ھېچقانداق يامان خەۋەر ئاڭلانمىغاندىن كېيىن «بىزمۇ شۇ تەرەپلەرگە كەتسەك بولغىدەك» دېگەن قارارغا كېلىشكە باشلىغان. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قاتتىق بېسىم ۋە تەھدىتكە ئۇچرىغان ئالىپ ئۆكىرداينىڭ ئوغلى - ئىلىسقان 1936 - يىلى 3 - ئايدا مىڭغا يېقىن ئائىلىنى 8 - ئايدا زايىپ تەيجى مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنى باشلاپ كەينىدىن قوغلىغان ئەسكەرلەر بىلەن ئېتىشىپ تاغ - جىرالارنى بېسىپ ئۆتۈپ گەنسۇ بىلەن چىڭخەيگە ئۆتۈپ كەتكەن. شۇڭلاشقا شىڭ شىسەي قازاقلارغا بولغان نازارىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە باشلىغان. خەلقنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى كۆچۈش - قونۇش ئىشلىرىغا نىسبەتەن چەمبەر سىزىپ چەك قويغان. مىلتىق يىغىۋېلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شۇنىڭ بانىسىدا ئەل باشلىقلىرىدىن قايبار، قابدۇللا تەيجى قاتارلىق بىر قانچە كىشىلەرنى قولغا ئالغان. مۇشۇنداق ئەنسىزلىك كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ، 1938 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىگە يېقىنلاشقاندا باركۆلدىن ئالىپ ئۆكىرداينىڭ ئىنىسى قوجامبەرگەن، قازى ئۆكىرداي، رامازان، جەڭسىقان قاتارلىق كىشىلەر باشلىغان يەتتە يۈزدەك ئائىلە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بەيتىككە قاراپ كۆچكەن. ئۇلارنىڭ كەينىدىن شىڭ شىسەينىڭ جىمساردىكى ئەسكەرلىرىمۇ قوغلىغان. كۆچمەن خەلق قوغلاپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر بىلەن ئېتىشىپ يۈرۈپ، چوڭ قاپتىق بىلەن كىچىك قاپتىققا كەلگەندە، ئالدى تەرەپتىنمۇ ئەسكەرلەر چىقىپ قېلىپ ئوتتۇرىدا قامىلىپ قېلىش بىلەن قاتتىق جەڭگە دۇچ



كەلگەن. ئۇرۇشتا رامازان قاتارلىق بىر نەچچە ئادەم ئۆلگەن. ئاخىرى ئۇلار باركۆلگە قايتىش خىيالى بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ قورشاۋنى بۇزۇپ ئىككى كۈن يۈرۈپ سەنداخوغا كەلگەن. بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر يول توسۇپ ياتقان ئىكەن. ئۇلار سەنداخونىڭ سۈيىنى بوغۇۋېلىپ كۆچمەنلەرنى بىر يۇتۇم سۇغا زار قىلىنغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. نەتىجىدە بىر قانچە كۈنگىچە سوزۇلغان كۈچلۈك مۇھاسىرە بىلەن سۇسىز دالا پەيدا قىلغان چىدىغۇسىز ئۇسسۇزلۇق ئەھلىنى ئاخىرى قوغلىغۇچى گېزەندىلەرنىڭ ئېيتقىنىغا ماقۇل بولۇپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلغان. نەتىجىدە ئەل باشلىقلىرى مەسلىھەتلىشىپ: «ھەممىمىز بىردەك قىرىلغىچە يېرىمىمىز بولسىمۇ ئامان قالارمىز» دېگەن يەرگە كېلىپ قورال تاپشۇرۇپتۇ. قورال تاپشۇرغاندىن كېيىن، قوغلىغۇچىلار كۆچمەن خەلقنىڭ باشلىقلىرىدىن قوجامبەرگەن، جەڭسىقان، ساقابا، قازى ئۆكىرداي، ئايكەبىي، ئىبرالى، قايدار قاقان قاتارلىق 18 - ئادەمنى قولغا ئالغان. قالغان ئادەملەرنى باركۆلگە ھايداپ كەلگەن.

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن 1938 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئىچىدە باركۆلدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى يىغىن ئېچىپ: «قازاقلارنى قوزغۇتۇۋاتقان نەرسە زادى نېمە؟ مىلتىق، مىلتىقنى تولۇق يىغىۋالماي تۇرۇپ قازاقلار تىنجىمايدۇ» دېگەن ھەممىدە مىلتىق يىغىشقا كىرىشمەكچى بولغان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا يوشۇرۇن قاپقان قۇرۇپ، بىر تۈركۈم ئەل باشلىقلىرى بىلەن جىگەرلىك يىگىتلەرنى قولغا ئېلىشنى پىلانلىغان. مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئەل باشلىقلىرىنى نۇرغالىنىڭ ئاۋۇلىغا «يىغىنغا» چاقىرىپ ئۇلارنى شۇ يەردە بىراقلا تۇتماقچى بول-

غان. نۇرغالى مۇندىن ئىلگىرى بىرقانچە قېتىم يىغىنغا چاقىرغاندا بارمىغان. بۇقېتىم باشقىلارنى نۇرغالىنىڭ ئاۋۋالدا يىغىن باردەپ چاقىرىشتىكى ئاساسى سەۋەپ مۇشۇ بولسا كېرەك.

نۇرغالى، ئايامبەك، قوسمان، سۇلتانشەرىپ، قۇسايىن قاتارلىق ئەل باشلىقلىرى نۇرغالىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ناھىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بىرچاغدا ناھىيىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرى ئەنۋەرنىڭ چاپارمىنى ئاۋغانباي كېلىپ: 40 ساقچى ۋە بىر تۈركۈم ئەسكەر كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنى يىغىنغا چاقىرىلغان ئادەملەرنىڭ كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكىنى، ھەمدە ئۇلارنىڭ يىغىنغا چاقىرتىلغانلارنى قولغا ئېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتقان ۋە ئۆزىگە ساقچى ئىدارىسىدىن بېرىلگەن قولغا ئېلىنىدىغانلارغا سالىدىغان كويزىلارنى كۆرسەتكەن. ئۇ، «مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆسكەن، تۇزۇڭلارنى ئىچىپ تامىقىڭلارنى يېگەن، سىلەرنى قولغا ئېلىنىۋاتقاندا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان ئوخشايمەن. شۇڭلاشقا ئويلىنىپ كۆرۈپ ئاخىرى "بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي" دەپ سىلەرنى تۇتقىلى كېلىۋاتقان خەۋەرنى ئېيتىپ قويۇشنى ئۆزەمنىڭ قەرزىم دەپ بىلدىم. مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى شۇ. مەندىن رەنجىمەڭلار» دەپ قايتىپ كەتكەن.

ئاۋغانباي قايتىپ كەتكەندىن كېيىن بۇلار «كىمنى قولغا ئالىدۇ؟ بىر ئىككىمىزنىمۇ ياكى ھەممىمىزنىمۇ؟» دىگەن مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاخىرىدا: كېلىۋاتقان ساقچىلار بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ سانىغا قارىغاندا ھەممىمىزنى قولغا ئالىدۇ دىگەن خۇلاسىغا كەلگەن. مۇشۇ خۇلا-



سىغا ئاساسەن قاچايلى، قاچقاندا پەقەت ئۆزىمىزلا ئەمەس، قۇمۇل بىلەن باركۆل ناھىيىسىدىكى قازاقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەگەشتۈرۈپ قاچايلى، دەپ كېلىشكەن. نۇرغالى مۇشۇ كېلىشىمنىڭ قەسىمى سۈپىتىدە ئاق-سېرىق باشلىق قويدىن بىرنى سويغان ۋە ھەممىسى قولىنى شۇ قوينىڭ قېنىغا چىلاپ قەسەم ئىچكەن.

شۇندىن كېيىن دەرھال ئاتلارنى توقۇپ تەييارلانغان بىرقانچە مەرگەن يىگىتنى قولغا ئالغىلى كېلىۋاتقان قاراقچىلار ئۆتىدىغان يولنىڭ قولايلىق يەرلىرىگە مۆكتۈرۈپ قويغان. كۆپ ئۆتمەي چىل-بۆرىلەردەك يامراپ ساقچى ۋە ئەسكەرلەرمۇ يېتىپ كەلگەن. ئۇلار كېلىشى بىلەنلا بىر نەچچىسى ئېتىپ يىقىتىلغان، بىر قانچىسى ئېتىدىن ئايرىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەينىگە يېنىشقا مەجبۇر بولغان. شۇندىن كېيىن ئۇلار قىسقىچە كېڭىشىپ «قېچىشقا ھازىردىن باشلاپ، ئاۋۋال، يەر-يەر بويىچە كىرىشىشىمىز كېرەك. يۈرۈشىمىز ئىچكى مۇڭغۇل چېگرىسى، ئۇنىڭ نېرىسى گەنسۇ بولىدۇ. ئىلگىرى-كېيىن قاچقان قازاقلارنىڭ ھەممىسىگە ئايەمبەك بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويماي خەۋەرلىشىپ تۇرۇشىمىز كېرەك» دەپ كېلىشكەن. شۇندىن كېيىن ھەر قايسى ئۆز ئاۋۋالى ھەم ئۆز جايلىرىغا قايتىپ كېچىلەپ ھەركەتكە كىرىشكەن، نەتىجىدە ئەل ئۇزۇن ئۆتمەي قوزغىلىپ، ئالا-تۇپىلاڭ ھالەتكە كەلگەن. ۋە تەرەپ-تەرەپتىن يولغا چىققان. شۇنىڭ بىلەن قاچاقلار ئىككى يېرىم سوتكىدا ئىچىدىلا شىمالىي تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىگە كىرىپ بولغان. ئەتىسى سەھەردە يارامىلىق يىگىتلەر مۇداپىئەگە، كۆچ-ماغدۇردىن ئانچىلا قالمىغان قېرىلار

بىلەن ئايالىلار مال بىلەن كۆشكە (مال - مۈلۈك، بالا - چاقىلا-
غا) مەسئۇل بولۇپ، ساي - جىرالارنى پانا قىلىپ قېچىشقا
كىرىشكەن. دەسلاپ بۇلارنى شىپىڭ شىسەيىنىڭ بىر بومباردى-
مانچى ئايروپىلانى ۋە بىر تۆركۈم ئەسكەرلىرى قوغلاپ توسۇپ
قالماقچى بولغان. بىراق ئۇلار يەر شارائىتى بىلەن پىششىق
تونۇش بولغانلىقتىن بوي بەرمەي ئالغا ئىلگىرلەۋەرگەن.
ئاردىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شىپىڭ شىسەيىنىڭ
بومباردىمانچى ئايروپىلانى 7 - 8 گە يەتكۈزۈلۈپ ئەسكەرلىرى
ھەسسىلەپ كۆپەيتىلىپ قاچقانلارنى قانداقلا بولمىسۇن توسۇپ
قېلىشقا، يوقۇتىۋېتىشكە ئۇرۇنغان. لېكىن قاچقۇچىلارمۇ ئۇنىڭ
بۇ چارىسىغا قارشى ئۇنۇملۈك تەدبىرلەرنى قوللۇنۇپ ئۆزلىك-
سىز ئىلگىرىلەپ ئېگىز تىغىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە بىر
سوتكا ئارام ئېلىپ ئەتىسى يەنە يولغا چىققان. بۇلار تۆمۈر
قارا دېگەن تاققا يېقىنلاشقاندا ئالدى - كەينىدىن بىرقانچە
تانكا ۋە ماشىنىلىق خېلى نۇرغۇن ئەسكەر كېلىپ ئوق ياغ-
دۇرۇپ توسىۋالماقچى بولغان. قاچقانلارمۇ جان تىكىپ ئېتى-
شىپ ساي - جىرالاردىن پايدىلىنىپ تارقىلىپ مېڭىش قاتار-
لىق چارىلار بىلەن تاغ ئىچىگە كىرىۋالغان. شۇنداق قىلىپ
يۈرۈپ گەنسۇنىڭ بىر چېگرا قاراۋۇل پونكىتىغا يېقىنلاشقان.
قاراۋۇل پونكىتى بايراق چىقارغان، شۇنىڭدىن كېيىن قوغلاپ
كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر توختىغان. قاچقۇنلار گەنسۇغا قاراشلىق
جۇجۇەن تېغىنىڭ جۇمىن دېگەن يېرىدە بىرنەچچە كۈن دەم
ئېلىپ، شۇندىن كېيىن شۇ تاغنىڭ باغرىدىكى «قەشقەر بەل»
«ئۈيۈرخۇن»، «سۇر» دېگەن يەرلەرگە ئورۇنلاشقان. بۇ چاغدا
بۇلاردىن بۇرۇن كەتكەن ئېلىسقان بىلەن زايىپ تەيجىنىڭ
ئېلى «تولا» دېگەن يەردە ئىكەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇق



تۇققانچىلىق ۋە قۇدىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن شۇلارغا بېرىپ
قوشۇلغان.

## قاناتتىن ئايرىش

بارىكۆلدىن ئايامبەك، نۇرغالى، قۇسمان، قۇسايىن، سۇل-
تان شەرىپ قاتارلىق ئادەملەرنىڭ باشچىلىقىدا 3 - قېتىم
قېچىپ گەنسۇنىڭ جۇمىن تېغى دائىرىسىگە ئورۇنلاشقان قا-
زاقلارنىڭ باشلىقلىرىنى ۋە باشقا ئاساسلىق ئادەملىرىنى
1939 - يىلى 4 - ئايدا مابۇفاڭنىڭ بىر نەچچە ئادىمى بىر
تۆركۈم ئەسكەر بىلەن كېلىپ «ئۇ يۇرخۇن» غا چاقىرغان.
بۇلار ئۇ يۇرخۇنغا كەلگەندە ئەتراپى ئەسكەرلەر بىلەن قور-
شالغان بىر يار ئىچىگە ئەكىرىۋېلىپ، بىر ھەربى ئەمەلدار
قولىدىكى تاپانچىسىغا ئوق سېلىپ تۇرۇپ، «سىلەر قولۇڭلاردى-
كى ئات ۋە يىلقىلارنى پۈتۈنلەي بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىشىڭلار
كېرەك. ئەگەر تاپشۇرۇپ بەرمىسەڭلار ئۆلىگىڭلار مۇشۇ يەردە
قالىدۇ» دەپ تەھدىت سالغان. شۇ ھامان يار ئەتراپىنى قور-
شاپ تۇرغان ئەسكەرلەرمۇ مىلتىقلىرىنى يار ئىچىدىكى قازاق-
لارغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈشكە تەييارلانغان. قازاقلار ھودۇقۇپ
نىمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغاندا، بۇ جىمجىتلىقنى
قارشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ چۈشەنگەن ھېلىقى ھەربى ئەمەل-
دار مىلتىقىدىن ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق چىقارغان
ۋە «ئات يىلقىلىرىڭلارنى بىزگە تاپشۇرامسىلە يوق!» دەپ
تېخىمۇ قاتتىق پو - پوزا قىلغان. ھايات مۇشۇنداق قىل
ئۈستىدە قالغان بىر جىددى پەيتتە قوسايىن: «بېشىمىزغا كۈن
چۈشكەندە پانا ئارتىپ كەلگەن ھۆكۈمىتىمىز سىلەر تۇرساڭلا، سى-

لەرگە ئات-يىلقا كېرەك بولسا نىمىشكە بەرمەيدىكەنمىز، ئەلۋەتتە بېرىمىز» دېگەن.

ھېلىقى ھەربىي ئەمەلدار «ھەممىڭلارنىڭ ئېيتىدىغىنى مۇشۇمۇ ! دەپ ئۇلارغا قايتىدىن خىرىس قىلغان. ئۇلار «ھەممىزنىڭ سۆزى شۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

شۇنىدىن كېيىن ئۇ، ھەر بىر ئاۋۇلدىن 2-3 تىن يىگىت چىقىرىپ ئۇلارغا 20-30 دىن ئەسكەر قوشۇپ ئات يىلقا تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار 2-3 مىڭغا يېقىن ئات-يىلقا يىغىۋالغان. نەتىجىدە قېچىپ بارغانلار قورۇق يۈگەننى تۇتۇپ، ئىگەر توقۇمىنى يۈدۈپ پىيادە قالغان.

قازاقلار «ئەر قانىتى ئات» دەيدۇ. بۇ ھەقىقەت، ما بۇفاڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتارمەن-چاپارمەنلىرىمۇ مۇشۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن قېچىپ بارغانلارنى ئاتتىن-قاناتتىن ئايرىپ پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. نەتىجىدە بۇلارنىڭ كۈن كەچۈرىشى تەس بولۇپ، ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. ئاخىرى پىتىراپ تاغ ئىچىگە كىرىپ قوللىرىدا قالغان بىر قىسىم قۇراللار بىلەن ئۇۋچىلىق قىلىپ جان باققان.

ئېلىسقان بىلەن زايىپ تەيجى بۇلارنىڭ ئات ۋە يىلقىلاردىن ئايرىلىپ پىيادە قالغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆپ ئۆتمەيلا «تولا» دىن يۆتكۈلۈپ ئېلىنى باشلاپ چىڭخەينىڭ «كۆككۆل» دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كەتكەن.

## ئار-نومۇس ۋە ئەجەل ئالدىدا

ئېلىسقان بىلەن زايىپ تەيجى ئېلىنى باشلاپ چىڭخەي-



گە ئۆتۈپ «كۆككۆل» گە ماكانلاشقاندىن كېيىن، يەرلىك مىللەتلەر ئىچىدە قاراقچىلىق-ئوغرۇلۇق قىلىپ يۈرگەن ئادەملەر بۇلارنىڭ سەرگەردان ھالغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ «بوزەك قىلىپ خالىغىنىمىزنى قىلساق بولىدىكەن» دەپ ھېساپلاپ خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى، بولۇپمۇ ئاتلىرىنى ئوغۇرلاپ قېچىپ، قارشىلىق قىلغانلارنىڭ بەزىلىرىنى ئېتىۋېتىپ ئارام بەرمىگەن.

بىر قېتىم يەرلىك ئىككى نەپەر ئوغرى ئېلىسقانلارنىڭ ئىككى ئېتىنى ئوغرىلاپ قاچىدۇ. ئېلىسقاننىڭ ئىنىسى قابى بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قېلىپ كەينىدىن قوغلىغاندا ئۇنى ئوغرىلار ئېتىۋېتىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن ئېلىسقان چىڭخەي ھۆكۈمىتىگە 40 قا يېقىن ئادەم بىلەن بېرىپ، سوغا-سالام سۇنۇپ، ئىچىدە 6 ئات ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىپ، ما بۇفاڭ بىلەن كۆرۈشكەن ھەم ئۇنىڭغا يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ناموۋاپىق ئىشلارنى-ئەلنىڭ ئاچ-يالىڭاچ ۋەيرانچىلىق ھالەتكە دۇچكېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ياردەم تەلەپ قىلغان. ما بۇفاڭ: «مەن قاراقچىغا، ئوغرىغا رەھىم قىلمايمەن. ئاۋۇلىڭغا قاراقچى ئوغرىلار كېلىپ، مال مۈلكىڭگە قول سوزسا، ئېتىپ تاشلا. مىلتىقىنى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىپ باشقا نەرسىلىرىنى ئۆزەڭلار ئىلىڭلا» دەپ بىر ئاز ئۇن، گۈرۈچ بېرىپ يولغا سالغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ، كۆرۈنۈشتە ئېلىسقانلارنى قوللىغاندەك قىلىپ ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلەن يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى زىددىيەت ئوتىغا ماي قۇيىدۇ. شۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن بىر قىسىم يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئېلىسقان ئېلى ئارىسىدىكى توقۇنۇش بارغانسېرى كۈچىيىپ ئىككى تەرەپتىن ئادەم ئۆلۈش ھادىسىلىرى پات-پات كۆرۈلۈپ تۇرغان. ئەھۋال مۇشۇ ھالەتكە كېلىپ 1940-

يېزىنىڭ 2 ـ ئېيىغا كەلگەندە دۈشمەنلىشىش خېلى دەرىجىدە ئەۋج ئالغان.

مابوفاڭ ئۆزىچە بۇ ۋەقەنى تېنچىتماقچى بولۇپ ئىككى تەرەپ ئادەملىرىنى ئۇچراشتۇرۇپ كېلىشتۈرۈش ئىشىنى دولان ناھىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا تاپشۇرغان. دولان ناھىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىككى تەرەپ ئادەملىرىنىڭ ناھىيىگە كېلىپ كېلىشىم قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇقتۇرۇش چىقارغان. ئۇق- تۇرۇشقا بىنائەن ئېلىسقان بىلەن قۇسمان باشچىلىقىدىكى 70 ئادەم قوراللىنىپ بېرىپ ناھىيىنىڭ يېنىدىكى سازلىقتا ئىككى ئۆي تىكىپ ئورۇنلاشقان. زاڭزۇلار بىلەن موڭغۇللار تەرەپتىن ئوتتۇز چانخۇ باشلىغان بىر توپ ئادەم كېلىپ ئايرىم بىر يەرگە چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشقان. ئەتىسى ناھىيە ئەمەلدارى ئۆزىنىڭ بىر قانچە ئادىمى ۋە زاڭزۇلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇز چانخۇ باشلىق بىرقانچە ئادىمىنى باشلاپ كېلىپ ئېلىسقانلار بىلەن ئۇچراشقان. ئۇچرى- شىش جەريانىدا ئېلىسقان «كېلىشىمگە كېلىشتە ئالدى بى- لەن ئىككى تەرەپتىن كىملەر ئۆلدى؟ نىمە سەۋەپتىن ئۆلدى؟ مۇشۇنى ئېنىقلايلى، ئاندىن كېيىن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلايلى» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ پىكىرنى ھەممەي- لەن لايىق كۆرۈپ شۇكۈنكى ئۇچرىشىش شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشقان.

ئەتىسى داۋاملىق سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئوتتۇز چانخۇ- نىڭ چېدىرىغا ئېلىسقانلار تەرەپتىن، ئېلىسقان، قۇسمان، كۆكىي، سادەي قاتارلىق ئادەملەر بارغان. شۇ ئەمدىلا باش- لىنىشىغا قىزىل كىيىم كەيگەن ئىككى موڭغۇل كىرىپ كې- لىپ باش قويۇپ يېتىۋالغان. ئۇلارنىڭ نىمە تەلەۋى بار- لىقى سورالغاندا: «ئېلىسقان بىلەن سابىرباي زالىڭنىڭ



ئېلىگە 60 باش يىلقىمىز ئۆتۈپ كەتتى. شۇ يىلقىمىزنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە قېشىمىزغا ئادەم قوشۇپ بەرسە» دېيىشكەن. ئېلىسقان بۇ ئىشنىڭ كېلىشىمگە ئالاقىسى يوقلىقى- نى ھەتتا سۆھبەتكە توسالغۇ پەيدا قىلىش ئۈچۈن قەستەن ئىشلىنىۋاتقان ئىش بولۇپ قىلىشى مۇمكىنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ: «بىز يىلقىچى ئەمەس، يىلقاڭ ئۆتۈپ كەتكەن بولسا ئۆزەڭ بېرىپ تېپىۋال» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە ئەمەل- دارلىرىغا: «تونۇگۈنكى كېلىشكەن سۆزىمىز قېنى؟» دەپ سو- ئال تاشلاپ نارازىلىق بىلدۈرگەن.

ناھىيە ھاكىمى ئۆزىچە ئېلىسقانغا رەددىيە بېرىپ، بەزىبىر ھاقارەت سۆزلەرنى قىلغان. ئېلىسقان ئۇنىڭ- غا تاقابىل تۇرغان. ئەھۋال مۇشۇنداق جىددى تۇس ئېلىشقا باشلىغان چاغدا قۇسمان دەرھال يېنىدىكى تاپانچىسىنى سۇ- غۇرۇۋېلىپ، قارشى تەرەپتىن كېلىدىغان خىيىم ـ خەتەر ئىپادىسى سېزىلسە ئۇجۇقتۇردۇۋېتىشكە تەييارلانغان. نەتىجىدە داۋاملىق سۆھبەتلىشىش بىر ياققا قايرىلىپ قېلىپ ئېلىسقان- لار كەلگەن ئىزى بىلەن ئۆز جايلىرىغا قايتقان.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن كونا جۇۋا كەيگەن ئىشەك- لىك بىر ئادەم كېلىپ، ئېلىسقاننى سىرتقا چاقىرغان. ئېلىس- قان سىرتقا چىقىپ ئۇ ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ كىرگەندىن كېيىن كەلگەن ئادەم ھاكىمنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بىرسى بولۇپ، مەن بىلەن بېرىش كېلىشى بار دوست ئادەم ئىدى، ئۇ ئوتتۇز چانخۇنىڭ ئادەملىرى ناھىيە ئەمەلدارلىرىغا بىر قانچە خېچىرغا ئارتىپ كەلگەن بولغۇن، سەۋسەر، تۈلكە ھەم بۆ- رە تېرىسى، ئالتۇن ـ كۈمۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى سوغا قىلدى. شۇڭا ئۇلار سىلەر قايتىپ كەتكەندىن

كېيىن پەقەت سىلەر ئۈچۈنلا 50 ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردى. ئەنە سىلەرنى ئاشۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىگە چاقىرىپ. شۇ يەردە قولغا ئېلىشى مۇمكىن. سەن بىلەن دوست ئىدۇق، ئۇۋالىڭلارغا قالماي دەپ خەۋەر بېرىپ قويۇشقا كەلدىم» دەپ كەپتۇ-دىگەن.

شۇندىن كېيىن ئۇلار كىچىلىك گۈزەتنى كۈچەيتىپ قويۇپ يېتىپ ئەتىسى بولىدىغان ئىشنى كۈتۈپ تۇرغان.

ئەتىسى چايدىن كېيىن ھەقىقەتەنمۇ ئېلىسقان بىلەن قۇسمان باشلىق بىرنەچچەيلەننى چاقىرىپ ئادەم كەلگەن. ئېلىسقان ئۇلارنى «ماقۇل ھازىر بارىمىز» دەپ يولغا سېلىۋېتىپ، مەسلىھەتلىشىپ ئومار ئۈكىرداي، كۆكىي، سادەي قاتارلىق بىرنەچچەيلەننى ئىۋەتىپ، ئۆزى ۋە قۇسمان ئىككىسى بارماي ھەر ئېھتىمالغا قارشى ھازىرلىنىپ تۇرغان. ئومار ئۈكىردايلار بارغاندىن كېيىن ئەسكەرلەر ئۇلارنى ئۆيگە باشلىغان. ئۆيگە كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى سورىغان ۋە ئېلىسقان بىلەن قۇسمان كەلمىگەچكە ئۇلارنىڭ ئۆزى كەلسۇن دەپ قايتۇرىۋەتكەن. ئۇلار قايتىپ كېلىپ بولغان ئەھۋالنى يەتكۈزگەندىن كېيىن ئېلىسقانلار مەسلىھەتلىشىپ: «ئەمدى بىزگە ياخشىلىق يوق» دىگەن خۇلاسىغا كەلگەن ۋە بىر ھەپتە تەييارلىق قىلىپ ئېلىسقان بىلەن قۇسمان باشچىلىقىدىكى 700 دەك ئائىلە تىبەت ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ يولغا چىققان. يول بويى قوغلىغۇچىلارنىڭ پۈتلىكاشاڭ قىلىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرماي، تاغ-جىرالارغا يوشۇرۇنۇپ ئىز يوقۇتۇپ ئېزىقتۇرۇپ، ئۇچراپ قالغانلارنى ئەپچىللىك بىلەن ئاداشتۇرۇپ، يول توسىۋالسا ئۇرۇشۇپ چېكىندۇرۇش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ، 1940-



يىلى 5-ئايدا ئالتۇن چوقىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان.

قاچقۇنلۇق ھالەتتە يۈرگەنلەرگە قانچىلىك تېچلىق ۋە خاتىرجەملىك بولسۇن، چىڭخەي-شىزاڭ چېگرىسىغا ماكانلىشىۋېلىپ بۇلاڭ-تالاڭچىلىقنى كەسىپ قىلىۋالغان بىر تۈركۈم قاراقچىلار ئەمدىلا كېلىپ ئورۇنلاشقان ئاۋۇللارنىڭ يۈزگە يېقىن يىلقىسىنى ھەيدەپ قېچىپ ئومار ئۈكىرداي قاتارلىق بىرقانچە ئادەمنى ئېتىپ تاشلىغان. چىدىغۇسىز غەزەپكە كەلگەن ئاۋۇل ئەزىمەتلىرى قاراقچىلاردىن بۇلاپ كېتىلگەن يىلقىلارنى قايتۇرىۋېلىش ئۈچۈن دەرھال ئاتلانغان ۋە قاراقچىلارنى قوغلاپ يېتىشىپ يىلقىنىڭ بىر قىسمىنى قايرىۋالغان چاغدا، كەينى تەرەپتىن: «ئاۋۇلنى مابوفاڭنىڭ خەن جىڭباۋ دىگەن فولۇيجاڭى بىلەن خۇاڭ ۋېيپۇەن باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ئەسكەرلىرى كېلىپ بېسىۋالدى» دىگەن خەۋەر كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئەزىمەتلەر قاراقچىلارنى قوغلاشنى توختۇتۇپ دەررۇ ئاۋۇلغا قايتىپ كەلگەن. ئۇلار ئاۋۇلغا كەلگەندە خەن جىڭباۋ باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر ئاۋۇلنى قاتمۇ-قات مۇھاسىرىگە ئېلىپ بولغان. ئاۋۇلدىكى قوراللار بىلەن يارامىلىق مال مۈلۈكلەرنى يىغىۋېلىپ، ئاۋۇل ئادەملىرىنى قورال ئاستىدا تۇتۇپ تۇرغان. شۇڭا ئاۋۇلغا قايتقان ئەزىمەتلەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلسا، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز ۋە قورال ئاستىغا ئېلىنغان قېرىنداشلىرىنىڭ ئورۇنسىز قىرىلىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇرۇش قىلالمىغان. مانا مۇشۇنداق جىددى بىر ۋەزىيەتتە تۇرغاندا ئەلچى كېلىپ: «قوراللىڭلارنى تاپشۇرۇپ بۇرۇنقى جايىڭلارغا قايتىپ بارساڭلار زىيان زەخمەت يەتكۈزۈلمەيدۇ» دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەن. ئەل باشلىقلىرى كېڭەش قىلىپ «مۇنداق پايدىسىز ۋە مۇشكۈل شارا-

ئەتتا قارشىلىق كۆرسىتىپ قىرىلىپ تۈگىگەندىن كۆرە مۇشۇ
لارنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلغىنىمىز تۈزۈكرەك، بۇنىڭ ئاقىۋە-
تىنى كېيىن يەنە كۆرەرمىز» دېيىشىپ قورال تاپشۇرۇپ ئىل-
گىرىكى جايغا قايتىشقا ماقۇل بولۇشقان. شۇنداق قىلىپ
قېچىپ سەرسانلىقتا ۋەيران بولۇپ يۈرگەن ئەل ئىلاجىسىز
يەنە كەينىگە يېنىپ تۇرغۇنلىغان ئەسكەرنىڭ مۇھاسىرىسى
ئىچىدە بۇرۇنقى ئورنىغا قاراپ يول ئالغان ۋە ئۈچ كۈن
دېگەندە نومىخى دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەن. مۇشۇ يەرگە
كەلگەندە ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ قولىدىكى يىلقىلارنى
پۈتۈنلەي تارتىۋالغاندىن كېيىن بىرقىسىم ئەسكەرلىرى ئارقىلىق
هايداپ ئېلىپ كەتكەن، قالغان ئەسكەرلەر بۇلارنى پىيادە هايداپ
بىر كۈن يول مېڭىپ سىدىم دېگەن يەرگە كەلگەن ۋە شۇ يەردە
بىر بۇلاقنىڭ ئەتراپىغا قونغان. خەن جىڭباۋنىڭ ئەسكەرلىرى
گېلىسقان ئاۋۇلىنى قورشىغان هالدا 18 ئورۇنغا چېدىر تىكىپ
ئورۇنلاشقان، ئەتراپقا پوست قويۇلۇپ كىچىگرەك بىر تۆپىلىككە
پىلىموت ئورناتقان ۋە ئېلىسقان، قويچى باتۇر، ئىشمۇللا، ئىدرىس
قاتارلىق 7 ـ 8 ئادەمنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا كويزا كىشەن سېلىپ
بىر چېدىرغا قاماپ، ئەتراپىغا پوست قويغان. كۈن پاتقاندا
قىز ـ كېلىنچەكلەرگە كۆز تىكىپ قول سوزۇشقا باشلىغان ۋە
تېخىمۇ يۈزسىزلىك قىلىپ تەپ تارتماستىن ئۇلارنى چېدىر-
لارغا كىرگۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. دەسلەپكى بولاڭ-
تالاڭدىن قالغان بەزىبىر يارامىلىق بۇيۇملارنى خالىغانچە تارت-
تىۋېلىپ بەرمىگەنلەرنى ئۆلگىدەك ئۇرغان.

ئەھۋال مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندىن كېيىن، قوجاقىن، بېگى،
سابىر باي زالىڭ، سۇلايمان، زاقى قاتارلىق ئاقساقاللار مەسلىھەت-
لىشىپ «بۇگۈنكى كېچە بىزنىڭ تەقدىرىمىز بىر تەرەپ بولىدىغان



كېچە، شۇڭلاشقا بىز بۇگۈن كېچىچە يا ئۆلۈمگە رازى بولۇپ
بىچارىلىق بىلەن قول قويۇشتۇرۇپ تۇرۇشىمىز ياكى ئۇلارغا قارشى
قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ ئارنومۇس ـ ۋىجدانىمىزنى
ساقلاپ ئەركىنلىگىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاتلىنىشىمىز كېرەك.
مۇندىن باشقا چارە ـ ئامال يوق» دېگەن قارارغا كېلىشكەن.
بۇلار مانا شۇ قارارغا ئاساسەن ئۆز ئارا يوشۇرۇنچە مەسلىھەت-
لىشىپ، شۇ بۇگۈنگى كېچىدىلا قوزغىلاڭ قىلىشنىڭ جىددى
تەييارگەرلىگىنى قىلىپ، يارامىلىق ئەزىمەتلەردىن 20 كىشى
قولغا ئېلىنىپ سولاپ قويۇلغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇش، قالغان
ئەرلەر ئەسكەرلەرنىڭ چېدىرىغا تويۇقسىزلا هۇجۇم قىلىپ
قورال ـ ياراقلارنى تارتىۋېلىش، ئاياللار بولسا توگىلەرگە يۈك ـ
تاقلارنى ئارتىپ تاغ تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىش قاتارلىق
جىددى ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كەچلىك تاماق كىرگۈزۈش
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئېلىسقانغا مەزكۇر پىلان ئۇقتۇرۇلۇپ
تەييار تۇرۇش خەۋەر قىلىنغان. كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن
خەن جىڭباۋ فۇ لۈيجاڭ ھەم ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى قىز ـ كېلىن-
چەكلەرنى كىرگۈزۈپ بېرىشنى تاقەتسىزلىك بىلەن تەلەپ قىلغان
ۋە بارغانسېرى ئالدىراتقىلى تۇرغان، ئېلىسقاننىڭ ئادەملىرى،
«ماقۇل، قىز ـ كېلىنچەكلەرگە ئېيتىۋاتىمىز، ئۇلار ئەل ياتقان-
دىن كېيىن بارايلى، ئۇنداق قىلمىساق سەت بولىدۇ دېيىشى-
ۋاتىدۇ» دەپ ۋاقىتنى كەينىگە سۈرگەن ھەمدە «قىز ـ كېلىن-
چەكلەرگە ئېيتىۋاتىمىز» دېگەن بانا بىلەن يۈرۈش ـ
تۇرۇشنى كۆپەيتىپ هۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى كۈ-
چەيتكەن، كەچقۇرۇنلۇقى ئەسكەرلەرنىڭ يېتىشىغا
بۇيرۇق بېرىلىپ چېدىرلاردىكى شاملارمۇ ئۆچكەن. شۇندىن كېيىن
ئېلىسقاننىڭ ئادەملىرى ئۆيلەرنىڭ بوسۇغا ياغاچلىرى، پالتا ـ كەكە

قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قوراللىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇشلار بويىچە تۈن قاراڭغۇسىدا يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ بېرىپ چېدىرلارغا يېقىنلاشقان ۋە ھە!! دىگەن ئاۋازنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بىردەمدىلا چېدىرلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئەسكەرلەرنىڭ ئورنىدىن تۇرۇۋېلىشىغا ئىمكان بەرمەي ئۇرۇپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن. پوستىكى ئەسكەرلەرمۇ مىلتىقىدىن بىر قېتىملا ئوق چىقىرىشقا ئاران ئۈلگۈرگەن. تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلغان قويچى باتۇر پۇتىغا سېلىنغان كىشەننى چېقىپ تاشلاپ چېدىرنىڭ يېنىغا باغلاپ قويغان ئاتلارنىڭ بىرسىنى مىنىدۇ ـ دە تۆپۆلۆكتە ئېتىلىۋاتقان پىلىموتقا قارىماي بۆسۈپ بېرىپ پىلىموتچىكىنى ئۇجۇقتۇرۇش بىلەن تەڭ ئۆزىگىمۇ ئوق تېگىپ قۇربان بولغان. شۇندىن باشلاپ قازاقلار بۇ يەرنى قويچى بۇلاق دەپ ئاتىشىدۇ.

شۇندىن كېيىن ئىلىسقانىنىڭ كىشىلىرى بىرمۇنچىلىغان ئات ۋە قورال ـ ياراقلارغا ئىگە بولۇپ قوزغۇلۇپ كەتكەن كۆچىنىڭ كەينىدىن تاققا قاراپ يۈرۈپ كەتكەن.

ئېلىشىش جەريانىدا خۇاڭ ۋېيىۋەن قېچىپ كەتكەنلىكتىن ئۇ يەنە نۇرغۇن ئەسكەر باشلاپ كېلىپ قاچقانلارنى قوغلاپ يېتىشىپ كۈن كۆتۈرۈلگەن چاغدا كەينى تەرەپ ۋە شەرقىي قاناتتىن ھۇجۇم قىلغان. كەينى تەرەپنى قوجاقىن يېتەكچىلىكىدىكى بىر توپ ئەزىمەتلەر شەرقىي قاناتنى ئېلىسقان يېتەكچىلىكىدىكى ئەزىمەتلەر قوغدىغان ئارقا ـ ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ بىرمۇنچىسىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرغان. بەزى يەرلەردە قايتۇرما ھۇجۇم بىلەن قوغلاپ يەنە بىرقانچە ئات قورال ـ ياراقلارنى ئولجا ئالغان.

خۇاڭ ۋېيۋەننىڭ ئەسكەرلىرى شەرقىي قاناتتىن زەربىگە ئۇچرىـ



غانلىقى ئۈچۈن، 20 ـ 30 دەك ئەسكىرى غەربىي قاناتتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. بۇ تەرەپنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئادەملەر يوق ئىكەن. شۇڭا كۆپچىلىك، بولۇپمۇ قېرى ـ چۈرى، ئاياللار ھەم بالىلار «ئەمدى قىرىلىپ كېتىدىغان بولدۇق» دەپ قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە ھودۇقۇپ تۇرغاندا تۇيۇقسىزلا بىر ياش يىگىت ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان قاراقچىلارنىڭ ئالدىدىكى بىر دۆڭدە پەيدا بولۇپ قاراقچى ئەسكەرلەرنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن قول پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرۇپ، بىر مۇنچە ئەسكەرنى ئاتتىن يىقىتىدۇ. قالغانلىرى چېكىنىپ قاچقاندا ھېلىقى يىگىت ئېتىغا مىنىۋېلىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈپ ئوق ياغدۇرىدۇ ـ دە يەنە بىر دۆڭگە چىقىۋېلىپ قاراقچىلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ياتقان. قاراقچى ئەسكەرلەر ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋېلىپ كەينىگە قايتىپ يەنە ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ھېلىقى يىگىت يەنە ئەۋۋەلقى ئۇسۇل بويىچە ئوققا تۇتقانلىقتىن ئەسكەرلەر ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىشقا باشلىغان، يىگىتمۇ ئوق ياغدۇرغان پېتى ئۇلارنى قوغلاپ خېلى يەرگىچە بېرىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا ئېتىغا ئوق تېگىپ يالغۇز كېلىۋاتقان بىر قىزنى كۆرۈپ قالغان ۋە ئۇنى ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ بىللە ئېلىپ كەلگەن. كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئەجەل خەۋپى قىستاپ كەلگەن ئىنتايىن بىر جىددى پەيتتە كۆرسەتكەن پىداكارلىقى ئۈچۈن، ئىنتايىن زور تەشەككۇرلارنى بايان قىلغان.

قاچقۇن خەلق يەنە شۇنداق خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ يۈرۈپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، قاراقچى ئەسكەرلىرى داۋاملىق قوغلاپ كەلگەن بولسىمۇ تاغ ئاغزىغا كەلگەندە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي

چىكىنىپ كەتكەن. شۇندىن كېيىن بۇلار تاغ - جىرا ئارىلاپ پىيادە يۈرۈپ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئالتۇن چوققىغا يېتىپ كەلگەن. مۇشۇ مەزگىلدە بۇلاردىن سەل يىراقراق يەرگە قونغان ئىلىيار دارغىنىڭ ئاۋۇلىنى مابۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بېسىۋالغان ئىكەن. ئىلىيار دارغى ئۆزى يالغۇز ئات بىلەن قېچىپ قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا قاراشلىق ئادەملەر قىرىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى كۈلسىن قوچاقتىكى ئوغلى بىلەن يوشۇرۇنۇپ قېلىپ ئەلنىڭ كەينىدىن ئىزدەپ كېلىۋاتقاندا مابوفاڭنىڭ قاراقچىلىرى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغاندا ئېغىر - يېنىك دەرىجىدە يارىلانغان بىر توپ خوتۇن - بالا، چاقىلارغا ئۇچراپتۇ - دە شۇلار بىلەن بىللە ئۆلەر هالەتكە يېتىپ ئەلگە كېلىپ قوشۇلۇپتۇ. لېكىن قوچاقتىكى بالىسىنى ئۆزىمۇ ۋە باشقىلارمۇ بىللە ئېلىپ ماڭالمىغانلىقتىن ئىلاجىسىز يولغا تىرىك تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بالىدىن شۇ پېتى دېرەك بولماپتۇ.

قاچقان خەلق ئالتۇن چوققىغا كەلگەندىن كېيىن ئىلىسقان، ساۋۇتباي، بېگى قاتارلىقلار باشلىغان 3 - 4 - يۈزدەك ئائىلە هىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىش مەخسىدىدە تىبەتكە كەتكەن. سابىر باي باشلىغان 300 دەك ئائىلە قېچىپ قوغدۇنۇپ يۈرگەن قوسايىن تەيجىنىڭ ئاۋۇلى بىلەن قوشۇلۇپ چارقىلىق ۋادىسىغا ئۆتۈپ، كاس (غاز) كۆل، تۆمۈرلۈك دىگەن يەرلەرگە بېرىپ ماكانلاشقان هەم شۇ يەردە قىشلىغان. بۇلارغا يەنە سالاخىدىن، ئىبراي، تۇڭغىشباي، قابدىل قاتارلىق ئادەملەر باشلىغان 400 گە يېقىن ئائىلە كېلىپ قوشۇلغان.

يۇقۇرقىدەك جىددى ئېلىشىش جەريانىدا ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بىر هادىسىمۇ يۈز بەرگەن، ئېلىسقانلار خەن



جىڭباۋنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ قاراقچى ئەسكەرلىرى بىلەن كېچىدە كەسكىن سوقۇش قىلىۋاتقاندا، خوتۇن بالا چاقىلار ناهايىتى ئالدىراش هالدا كۆچۈشكە باشلىغان ئىدى مانا مۇشۇنداق جىددىيەتچىلىك ۋە هۇدۇقۇش ئىچىدە بۆشۈكتە بۆلەپ قويۇلغان 300 دەك بالا شۇ پېتى تاشلىنىپ قالغان. بىر ئاز يۈرۈشتىن كېيىن بۇ ئەھۋال سېزىلىپ بالىلارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن شۇ جايغا ئادەم ئەۋەتىلگەن، لېكىن بالىلارنى ئالغىلى كەلگەنلەر نارەسىدىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپ بۆشۈكلىرى دۈم كۆمتۈرۈلۈپ ياتقان فاجىئەنى كۆرۈپ، ئېغىر قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ۋەھشىلەرگە نىسبەتەن غەزەپ - نەپرەت ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن زايىپ تەيجى، ئېلىسقانلارنىڭ ئېلى مابوفاڭ جاللاتلىرىنىڭ ھېچقانداق ياخشىلىق قىلمايدىغانلىقى، تېخىمۇ ئۆچەكشىپ ئەلنى باستۇ- رۇشقا كىرىشىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ «ئەمدى بىزگە بۇ يەرلەردە ياخشىلىق يوق» دىگەن قارارغا كەلگەن ھەمدە قايىسباي، شاقىباقباي، ئالپىس، قارامولا، جىلقىبىشى، ئاكىمى قاتارلىق ئەل باشلىقلىرى يىغىلىپ مەسلىھەتلىشىپ مىڭغا يېقىن ئائىلىنى باشلاپ ئېلىسقانىنىڭ كەينىدىن تىبەتكە، ئۇندىن كېيىن هىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كەلگەن ۋە كېچىكمەيلا يولغا چىقىشقان. ئۇلار 4 - 5 كۈن ماڭغاندىن كېيىن ئېلىسقانلار خەنجىڭباۋنى بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ قاچقان يەرگە كەلگەن ۋە ئېلىسقانلار- نىڭ ئىزى بىلەن تاقىقا قاراپ ماڭغان. شۇ ئارىلىقتا بۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىغان ئەسكەرلەر يېتىپ كېلىپ ئېتىشىش بولغان. بۇ ئېتىشىشتا بۆكەي بىلەن مانكەنگە ئوق تېگىپ ئۆلگەن، قالغانلار تاغ ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۆزلىرىنى مۇداپىئە

قىلغان ۋە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئالتۇن چوققىغا كەلگەن. ئۇ يەردە 2 ـ 3 كۈن دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن قارلىق تاغ داۋانلىرىدىن ئېشىپ تىبەت چېگرىسىدىكى «يەتتە ئۇبا» (يەتتە قەۋرە) دېگەن جايغا كېلىپ ئارام ئېلىۋاتقاندا ئالدى تەرەپتىن ئېلىنىسقانلارنى قوغلاپ قايتقان مابۇفاڭ ئەسكەرلىرى كەينى تەرەپتىن بۇلارنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرگە دۈچ كېلىپ ئىككى تەرەپتىن قىستاق ئىچىدە قالغان ۋە قاتتىق جەڭ باشلىنىپ زايىپ تەيجىنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قەۋرىلەرگە قاراپ ئۆمىلەشكە باشلىغان. قەۋرىلەر ئارىسىغا بارالمىغانلىرى ئامان قالغان ئۇ يەرگە يېتەلمىگەنلىرى قىرىلىپ كەتكەن ۋە قولغا چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن مابۇفاڭ ئەسكەرلىرى قالنىباي ۋە نوقىبايى، ئىسقوجا موللا ئاۋۇلىدىن بىر مۇنچە كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئاكىمى باشچىلىقىدىكى مىڭغا يېقىن ئادەمنى پىيادە هايداپ يولدا ئۆلگەنلىرىدىن باشقىلىرىنى چىڭخەيگە ئېلىپ بارغان ۋە لاگىرغا قاماپ ئېغىر ئەمگەككە سالغان تۈرمىغا تاشلىغان. كۆكلىگە ياقان قىز ـ كېلىنچەكلەر بىلەن ياشراق ئاياللارنى ئولجىغا ئېلىپ ئۆز بىلگىنىنى قىلغان، بۇ پاجىئەلىك قىرغىن ۋە دەھشەتلىك باستۇرۇشتىن ئامان قالغان بىر قىسىم ئادەملەر تىبەتكە ئۆتۈپ ئېلىنسقانلارغا قوشۇلغان.

## قان بىلەن ياش

قوساپىن، سابىر باي زالىڭ قاتارلىقلار باشلىق يەل كاس (غاز) كۆلگە، تۆمۈرلىككە ماكانلاشقاندىن كېيىن 1940 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچى هۆكۈمىتى



ئۇلارغا دەلىلقان سۈگىرىبايۇپىنى 2 ـ 3 ئادەم بىلەن ئەۋەتكەن ۋە ئۇلارنى ئەسلى ماكانىغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغان. دەلىلقان ئۇلارغا: «ئەل تىنجىپ ئاتا ماكانىغا قايتسا» دېگەن ياخشى نىيەت بىلەن بىر مەزگىل يەنى 1941 ـ يىلىنىڭ 8 ـ ئايلىرىغىچە بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بىراق ئۇلار دەلىلقانغا «شەخسەن ئۆزەڭدىن رازىمىز، ياخشى نىيىتىڭنى بىلدۈرۈپ ياخشى گېپىڭنى قىلدىڭ، هۆكۈمىتىڭنىڭ گېپىنى يەتكۈزدىڭ، لېكىن بىز هۆكۈمىتىڭگە ئىشەنمەيمىز. شۇڭا سەن ئەمدى بىزنى قايتۇرۇپ كېتىمەن دەپ ئاۋارە بولماي قايتىپ كەت» دېگەن. نەتىجىدە دەلىلقاننىڭ كۆڭلى رەنجىگەن هالدا قايتىپ كەتكەن. كېتىش ئالدىدا ئۇلارغا تەسىر قىلارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە بىلەن بىرمۇنچە شېئىر يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ شېئىرلاردا مۇنۇ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەسىرلىك مىسرالار بار:

«يېشىل تاغ شات كۆكۈلدەك كۆلىڭ نەدە؟
گىلەمدەك يەر ۋە گۈزەل گۈلىڭ نەدە؟
جەننەتتەك ئېسىل دىيار مالغا تولغان،
بالىسى 12 ئاباق ① ئېلىڭ نەدە؟»
«تۈگىمەس مول بايلىقىڭ قۇرداڭ ② نەدە؟
تىككىلگەن 6 قانات ئورداڭ نەدە؟
دوس يارلار بىر ـ بىرسىدىن خالاپ ئالار،
چاڭ چىققان تۈيغىدىن يورغاڭ نەدە؟»
«ئەل نەدە، تۇغۇلغان يۇرت، تۇققان نەدە؟
بەخت، بايلىق قەدىرىڭنى ئۇققان نەدە؟

① ئاباق ئائىنىڭ نامى. قازاقلارنىڭ كەرەي قەبىلىسىنىڭ 12 قەبىلىسى ئاشۇ ئائىدىن تارقالغان.
② قۇرداڭ: توپلىغان بايلىغىڭ دېگەن مەنىدىكى سۆز

ئايرىلىپ مۇشۇلارنىڭ بارلىغىدىن،
يۈرۈشتىن نىمە پايدا يىراق يەردە؟»
«ئويلانماي ئاقىۋەتنى ئۆتكەنىدىمۇ،
زار بولۇپ يىغلىشارسەن بۇ كۈنگىمۇ
تاپارسەن نەدىن تۇققان دوس غەمخورنى
ئىغىر كۈن دۇچ كەلگەندە بۇنىڭدىنمۇ؟»

ئەفسۇسكى بۇ شېئىرلارمۇ ئۇلارنىڭ دىلىنى يۇمشۇتالمىغان ۋە نىيىتىدىن ياندۇرالمىغان ئىدى.

ئۇلار دەلىلقان قايتىپ كەتكەندىن كېيىن مەسلىھەتلىشىپ «شىڭ شىسەي ئەمدى بىزنى قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرۇشى مۇمكىن» دىگەن خۇلاسىغا كەلگەن ۋە مۇشۇ خۇلاسىغا ئاساسەن چىڭخەيگە قايتا يېنىپ بېرىپ، تاغ ئىچىنى پانالاپ ياشاشنى لايىق كۆرگەن ھەمدە كېچىكمەي يولغا چىققان. بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ چىڭخەينىڭ «گارىنگى» دىگەن يېرىگە كەلگەن. «گارىنگى» نىڭ قايرا دىگەن يېرىدە تاغ ئىچىنى پانا قىلىپ ھايات كۆچۈرۈپ يۈرگەن مېيرامقان ئاۋۇللىرى بىلەن ئۇچراشقان. مەيرامقانلار ئەسلىدە 300 دىن ئارتۇق ئائىلە ئىكەن. بۇلار بېرىشتىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ئۇلارنى مابۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىزلا قورشاپ ئېلىپ قاتتىق سوققۇشقان، نەتىجىدە ئېغىر قىرغىنچىلىق يۈز بېرىپتۇ. بۇ قىرغىنچىلىقتا 300 دىن ئارتۇق ئائىلىدىن 210 غا يېقىن ئائىلە ئادەملىرى قىرىلىپ تۈگەپ ئاران 90 گە يېقىن ئائىلە ئادەملىرى قاپتۇ. مابۇفاڭ جاللاتلىرى يەنە 60 قا يېقىن قىز ۋە كېلىنچەكلەرنى تالاۋېلىپ ئەسىر قىلىپ، مال-مۈلكلەرنىڭ ئېسىللىرىنى ئولجا قىلىپ قالغانلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋېتىپ كېتىپتۇ.



قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالغان 40 ئەزىمەت ئار-نومۇس ھەم قانلىق قىساسىنىڭ كۈچى بىلەن ئولجىغا كەتكەن قىز-كېلىنچەك قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزىۋېلىش ئۈچۈن جاللاتلارنىڭ كەينىدىن پىيادە قوغلاپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېڭى كۆچۈپ كەلگەنلەردىن قۇسايىن، قۇسمان باشچىلىغىدا 90 ئادەم ئاتلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي 40 ئەزىمەتنىڭ ئىزى بىلەن يولغا چىققان ھەم ئۇلارنى تېپىپ جاللاتلار قولىدا ھايدىلىپ كېتىۋاتقان ئاياللارنى قۇتقۇزىۋېلىشنىڭ چارىسىنى قىلماقچى بولغان.

قۇسايىن، قوسمان باشلىغان 90 ئادەم ئاتلانغان پېتى توختىماي ئىككى كۈن قاتتىق يول يۈرۈپ، «قاجىنۇر» دىگەن يەرگە كەلگەندە، بۇ يەردىمۇ مابوفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى تۇردى، نۇرسادىقلار باشلىق 32 ئائىلىنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلاردىنمۇ 10 غا يېقىن قىز-كېلىنچەكلەرنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ قالغانلىرىنى قىرىپ تاشلىغان. شۇنداق قىلىپ جەمى 70 تىن ئارتۇق خوتۇن-قىزلارنى ئەسىر ئېلىپ ماڭغان. بۇ قىرغىنچىلىقتىن يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئامان قالغان ئىلسقانىنىڭ ھەدىسى كۆلەندە بىلەن ئۇنىڭ يولدۇشى خامىت، كېچىدە بىر-بىرىنى ئىزدەپ تېپىشىپ ئۆلگەنلەرنى كۆمۈپ، ئاندىن كېيىن ئەل چېتىگە بارغان. دىمەك 32 ئائىلىدىكى ئادەملەردىن ئەسىرگە ئېلىنىپ كەتكەن 10 دەك قىز-كېلىنچەكتىن باشقا پەقەت مۇشۇ ئىككى ئادەملا تىرىك قالغان.

بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال، قوغلاپ كەلگەن ئەزىمەتلەرنىڭ مابوفاڭ جاللاتلىرىغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى تېخى-

مۇ كۆچەيتىپ ئۇلارنى قوغلاشنى تېزلەشتۈرگەن 7 ـ كۈنى ئەتىگەندە گورمىغا (قازاقلار بۇ يەرنى قۇمبىتى دەيدۇ) يېتىپ بارغان. ئەسىر ئېلىنىپ ھايدىلىپ كەتكەن ئاياللارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پىيادە قوغلاپ كەتكەن 40 يىگىت، ما بۇفاڭ جاللاتلىرىنى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قوغلاپ يەتكەن ۋە ئۇلار بىلەن بىر سوتكا قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ ئاخىر ئۆزلىرى ئۈچۈن يەر شارائىتىنىڭ ئەپسىزلىكى ۋە ئادەم سانى قورال ـ ياراق ئوق دورا جەھەتتىن دۈشمەنگە نىسبەتەن بەك ئازلىقى تۈپەيلى مەغلۇپ بولۇپ، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرلا يىگىت تىرىك قالغان. ئەتىسى قوسمان باشچىلىقىدىكى ئەزىمەتلەر يۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ما بۇفاڭ جاللات ئەسكەرلىرىنىڭ توپىغا يېقىنلاشقان، لېكىن ئالدى ـ كەينىگە كۆزەتكۈچىلەر قويۇپ قېچىپ كېتىۋاتقان جاللاتلار توپى، بۇلارنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يۈرۈش سۈرئىتىنى تېخىمۇ ئىتتىكلەتكەن. قوغلىغۇچىلار بىرقانچە كۈندىن بېرى توختىماي مېڭىۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن قاتتىق ھېرىپ كەتكەن ئاتلىرى بىلەن داۋاملىق قوغلۇشۇشقا ئىمكانىيەت بولماي جاللاتلار توپىغا يېتىشەلمەي قالغانلىقتىن ئىلاجىسىز قوغلاشتىن توختاپ قايتىپ كەلگەن. ئىلگىرى قوغلاپ بارغان يىگىتلەر ئىچىدىن ھايات قالغان ئەكسەگەنمۇ قايتىپ كەلگەن: ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: ما بۇفاڭ جاللاتلىرى بىلەن بىر سوتكا قاتتىق ئېلىشتۇق. ئاخىر بىز تەرەپتىن ئوق چىقىرىدىغان ئادەم قالمىدى. ئەتىگەنلىكى ما بۇفاڭ جاللاتلىرى جەسەتلەرنى ئاربلاپ يۈرۈپ قورال ـ يىغىۋالغاچ بىزنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۆلگەن ـ ئۆلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ باقتى. ئۆلگەن سەپداشلىرىنىڭ ئارىسىدا قانغا پېتىپ ياتقان ئەكسەگەنىنىڭ بېشىغا بىرنى تېپىپ قوزغالمىغاندىن كېيىن قورالنى ئېلىپ ئۆلدى ھېساپلاپ كېتىپ قالغان ئۇلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ جاراھىتىنى تېڭىپ ئۆمىلەپ يۈرۈپ يېقىنراق بىر پانا جاي تېپىپ سۇ ئىچىپ ئىسىنى يىققانلىقىنى ھەم شۇ يەردە قېلىپ قالغان بىر ئوغلاقلىق ئۆچكىنى تۇتىۋېلىپ ئۇنى يېتەكلەپ ئىمىپ يۈرۈپ ئوزۇقلىنىپ ئەلگە قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، سۆزلەپ بەرگەن.

ما بۇفاڭنىڭ جاللات ئەسكەرلىرى ئاشۇ قېتىم ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتكەن 70 تىن ئارتۇق خوتۇن ـ قىزدىن 1954 ـ يىلى قىرقبايىنىڭ ئايالى ناۋاكەي، ئالتىنبەكنىڭ كىچىك ئايالى خانىپا قايتۇرۇپ ئېلىنغان. قالغان مۇتلەق كۆپ قىسمىدىن دېرەك بولمىغان.

## ياۋۇزلۇقنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرى

ئىلىسقان بىلەن رايىپ تەيجىنىڭ ئېلى چەت ئەلگە قېچىپ چىقكەتكەن. فۇلۇيجاڭ خەنجىڭباۋ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن ئوجۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن ما بۇفاڭنىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى تېخىمۇ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ قاچماي قالغان ئەلنىڭ ئەتراپىنى قورشاش ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە ئەلنىڭ بېشىدا قانلىق قىلىچىنى ئوينىتىپ، باستۇرۇش، ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش قاتارلىق جازا يۈرۈشىنى باشلىغان. ئۇلار ھەدىگەندىلا قاسىم باتىر بىلەن قۇمارقاننى سوجۇغا نەرسە كېرەك ئېلىشقا بارغان يېرىدىن تۇتۇۋېلىپ ئېتىۋەتكەن، ئۇندىن كېيىن ھىلە ـ مىكىر بىلەن نۇرغالىنى قولغا چۈشۈرۈپ تىلماچ قارلىباي بىلەن بىرلىكتە كېچىسى تاشقا باستۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتكەن، نۇرغالىنى قولغا ئالغان ھەر-

بى ئورۇنغا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن قويچى، ئېيسا قاتارلىق 7 كىشىمۇ بارغان پېتى قايتىپ كەلمەي جاللاتلار قولىدا ئىزسىز يوقۇتۇلغان. جاللاتلار شۇنىڭ كەينىدىنلا ئاپامبەكنى ئىزدەپ كەلگەن، بۇچاغدا ئاپامبەك ۋاپات بولغان بولۇپ ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەنمەي گورىنى ئېچىپ كۆرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاقتۇرۇپ بىر پىلىموت، ئىككى 5 ئاتار مىلتىق بىردانە ماۋزېر ۋە بىر دانە دۇربۇننى ئېلىپ كەتكەن. ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلەنمەي «ئۇيغۇر تولا» تېغىغا چىقىپ ئۇ يەرگە ئورۇنلۇشۇپ ياشاۋاتقان قوشىۋت (قازاق) ئۆكىرداي باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم قازاق ئاۋۇللىرىنى بېسىۋالغان. شۇنداقلا بۇ ئاۋۇللارنىڭ ئادەملىرىنى «سىلەرگە بىردىن ئوق زايا كېتىدىكەن» دەپ يەتتە ئادەمنى قوچاغلاشتۇرۇپ قويۇپ تۇرۇپ بىر پاي ئوقتا ئاتقان. ئاشۇنداق ئۇسۇلدا ئېتىلغان كىشىلەر ئىچىدىن مولقى ئىمانقۇل ساق قالغان ئىكەن. ھازىر ئۇ بارىكۆلدە (سارچوقىدا).

ما بوفاڭ ئەسكەرلىرى ئەنە شۇنداق ياۋۇزلۇق بىلەن ئەل ئىچىدىكى قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئابرۇيلۇق ھەم يۈرەكلىك ئەل باشلىقلىرىنى يوقىتىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى قىرىپ چېپىپ بولۇپ يەنە 160 ئادەمنى قولغا ئېلىپ، چىڭخەي تۈرمىسىگە، جازا لاگېرىغا تاشلىغان. زايىپ تەيجى ئېلىدىن ھايداپ كېتىلگەن 350 دىن ئارتۇق قېرى - چۆرىلەر بىلەن بالا - چاقىلارمۇ ئەشۇ جازا لاگېرىغا قامالغان مانا مۇشۇ 500 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جازا لاگېرىدا خارلىنىپ، ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىپ، ئاغرىق - سىلاق، ئاچلىق ئازاۋى تارتىپ ئۆلگەن. بۇ جەرياندا جانادىل باشلىق بىر قانچە كىشىلەر قېچىپ چىقىپ چىڭخەيدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، جان



باققان. يېقىندا چىڭخەيدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن قېرىنداشلار بىلەن بىللە قايتىپ كېلىپ جىمىسار ناھىيىسىنىڭ 5 - چارۋىچىلىق مەيدانىغا ئورۇنلاشتى ئۇ ھازىر 85 ياشتىن ھالقىغان بىلەن ئەھۋالى تىتىك. نەۋرە - چەۋرىلىك، باي، بەختىيار تۇرمۇش قۇچىقىدا ياشماقتا.

ئۇندىن تاشقىرى ما بوفاڭنىڭ قول - چوماقلىرى، ئەلنى قاناتتىن ئايرىش، يىپسىز باغلاقتا تۇتۇپ تۇرۇش، قارشىلىق كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، ئات بىلەن تۆگىلەرنى، قولىدا قالغان بىرەر تال مىلتىقنى ۋە «ئوقۇتىمىز» دىگەن باھانە بىلەن ياش بالىلارنى يىغىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. مۇشۇ ئاساستا ئەلدىكى ئات بىلەن تۆگىلەرنى يىغىۋېلىش بىلەن بىرلىكتە بالىلارنىمۇ يىغىۋېلىشقا كىرىشىپ نەتىجىدە سوجۇدىكى نۇرغالىنىڭ ئېلىدىن 400 نەپەر ساخادىكى سولتان شارىپ ئېلىدىن 61 نەپەر دولانىدىكى ئاپامبەك ئېلىدىن 81 نەپەر بالىنى جەمى 550 كە يېقىن بالىنى يىغىۋالغان ھەمدە ئۇلارنى چىڭخەيدىكى ياڭ ماۋچاڭغا (ئەمەلىيەتتە مەجبۇرى ئىدگەككە سالىدىغان جازا لاگېرىغا ئوخشايدىغان يۇڭ زاۋۇتى) ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۇڭ يۇيۇش، يۇڭ قۇرۇتۇش، يۇڭ يىپ ئىگىرىش قاتارلىق ئىشلارغا سالغان. يىيىپ ئىگىرىشتە چوكراق بالىلارنىڭ كۈنلۈك ۋەزىپىسى 12 سەر، كىچىكلىرىنىڭ 3 سەر بەلگىلەنگەن. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا بالا بېشىغا بىرجىڭدىن يۇڭ بېرىلگەن، يىپنى ئىگىرىپ بولغاندىن كېيىن تاپشۇرۇپ بېرىدىغان يىپ بىلەن ئايرىپ چىققىلغان ئەخلەتنىڭ بىرجىڭغا توشۇشى تەلەپ قىلىنغان. تولماي قالسا قاتتىق ئۇرۇپ جازالىغان. چوكراقلىرى ئەمدىلا 15 ياشقا كىچىك-

لىرى ئەمدىلا 7 ياشقا كىرگەن باللار مۇشۇنداق قاتتىق ئەمگەككە سېلىنىش جەريانىدا ۋەزىپە ئورۇنلىيالماي، ئۆتكۈزۈلگەن يىپ بىلەن قالدۇق ئەخلەت جىڭغا تولماي قىلىپ ئۆزىنىڭ جازالىنىشىدىن ئەنسىرەپ جان تالىشىپ ئىشلىگەن. يىپ بىلەن قالدۇق ئەخلەت جىڭغا تولماي قالغان چاغلاردا تىرە شالۋۇر ۋە جۇگىلىرىنىڭ يۈگىنى قىرقىپ ئېلىپ قوشقان. مۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاندا ئەخلەت چاۋاتاشلانغان يەرلەردىن يۇڭ قالدۇقلىرىنى يىغىپ قوشقان. مانا مۇشۇنداق ئۆز يېشىغا لايىق بولمىغان ئېغىر ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش خارلىنىش- ئازابلىنىش بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە قوسىغى تويغىدەك تاماق يىيەلمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باللار ئاغرىققا گىرىپتار بولۇپ بارغانسېرى ئۆلۈم- يېتىم كۆپەيگىلى تۇرغان. لېكىن باللارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش داۋالىتىش دېگەن ئىشلار زادى بولۇپ باقمىغان. باللار كۆپىنچە مۇنداق 3 خىل ئەھۋالدا ئۆلگەن:

بىرىنچى: ئاغزى- بۇرنىدىن بىر سوتكىغىچە توختىماي قان ئېقىپ ئۆلۈش.

ئىككىنچى: پۇتى تارتىشىپ، مېيىپ بولۇپ بىرمەزگىل يېتىپ قىلىپ جان ئۈزۈش.

ئۈچىنچى: بەلدىن كېتىپ، ئورنىدىن تۇرالماي، بىر مەزگىل ئۆمىلەپ سۆرۈلۈپ يۈرۈپ ئاندىن جان ئۈزۈش قاتارلىق ئېچىنىشلىق ئۆلۈملەر بىلەن ئۆلۈشكە باشلىغان. مۇشۇنداق فاجىئەلىك ئۆلۈم بىلەن قىرىلىۋاتقان باللار ئىچىدىن كۆشەن باشلىغان 5 بالا قېچىپ چىقىپ، ئۆلەر ھالەتتە ئەل ئىچىگە كەلگەن، لېكىن كۆشەننىڭ كېسەللى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ئۆلۈم ھالىتىگە كەلگەندە ئازاتلىقنىڭ نۇرلۇق تېڭى ئېتىپ ئۇلۇغ



جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ئالاھىدە غەمخورلىقىدا جىددىي داۋالاش ۋە قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىلىپ قاتارغا قوشۇلغان. ئۇنىڭ ھازىر 8 بالىسى بار ئىكەن. باللىرىنىڭ ئۈچى ناھىيىدە گوڭشېدا دوختۇر، گوڭشې كادىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكىنى ساقلاش خادىمى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئۇ بۇ قېتىم چىڭخەيدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن قېرىنداشلار بىلەن بىللە كېلىپ، مورى ناھىيىسىگە ئورۇنلاشقان. تۇرمۇشى ياخشى كۆڭلى شات.

## ئازاتلىق قۇچىقىدا

1949- يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنى ئۇلۇغ جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە پۈتۈن ئېلىمىز ئازات بولۇپ جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازاتلىققا- ئەركىنلىك تەڭلىككە ئېرىشىپ زۇلمەتلىك كېچە قاراڭغۇلۇقنىڭ ئورنىنى ھوزۇر- ھالاۋەتلىك تاڭ نۇرى، يۈرەكنى قان زەرداپقا تولدۇرغان قايغۇ ھەسرەتنىڭ ئورنىنى خوشال- خوراملىق ساداسى ئىگەللىدى. خېلى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان يۇرتىدىن ئايرىلىپ، گەنسۇ- چىڭخەي قاتارلىق يەرلەردە سەرسانلىق- سەرگەندانلىقتا ھايات كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقان قازاق ئاممىسى ئۈچۈنمۇ مۇشۇنداق ئەلۋەتتە. لېكىن بۇلار بۇنى بىردىنلا چۈشۈنۈپ كېتەلمىدى، بەلكى خېلى ئۇزاق يىللارغا سوزۇلغان سەرسانلىق- سەرگەندانلىق تۇرمۇش ۋە فاجىئەلىك قىرغىنچىلىقنىڭ قالدۇرغان تەسىرى ھەمدە ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن تارقىتىلىۋاتقان پىتنە- ئىغۋالارنىڭ چېرمىۋېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن گۇمانلاندى، ئىشەنچە ئورنىتالماي

داۋالغۇشلاردا بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پارتىيىمىز بۇلارغا قارىتا سەۋر-تاقەت بىلەن ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە بولدى.

ئۈچىنچىسى ئىپتىقاندا گەنسۇ-چىڭخەي دائىرىسىدە يۈرگەن قازاقلار ئۈستىگە، قوسايىن تەيجىنىڭ ئاۋۇلىغا 1950-يىلىنىڭ 1-ئايلىرى ئەتراپىدا قاچقۇن قالىبەكلەر بارغان. كۆپ ئۆتمەستىن قوسايىن تەيجى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئارازلىق تۇغۇلۇپ، قوسايىن تەيجى تاجنورغا (سەيدامغا) يۆتكىلىپ كەتكەن. 10-ئاي ئەتراپىدا، «باندىت ئوسمان گەنسۇغا كېلىۋېتىپتۇ، پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن سۆز تارقالدى. دەل مۇشۇ چاغدا چىڭخەي ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن زەكەن باشلىق تۆرت قازاق يىگىتى كېلىپ، قوسايىن تەيجى بىلەن ئۇچراشقان (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نېمە گەپ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس).

زەكەن باشلىق تۆرت قازاق يىگىتى قوسايىن تەيجى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، قوسايىن تەيجى نىغمەت راقىمباي ئوغلىنى چاقىرتىۋېلىپ: «بىز دەستلاپ بۇ يەرگە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىر قانچە ئونمىڭغا يېقىن ئادەم كەلگەن ئىدۇق، قېچىپ كەتكەن، ئۆلگەن، قولغا ئېلىنغان، پىتىراپ كەتكەن ھەم دېرەكسىز يوقالغانلاردىن تاشقىرى، ھازىر پەقەت 6-7 مىڭدەكلا ئادەم قالدۇق. ئەھۋال بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بىز ھازىر شىنجاڭغا كاس (غاز) كۆل ئارقىلىق قايتىدىغان بولساق، يولىمىزدا قالىبەكلەر بار. گەنسۇ دۇڭخۇاڭ ئارقىلىق قايتايلى دېسەك، ئوسمان كېلىۋاتىدۇ. دېمەك ھازىر بىزنىڭ شىنجاڭغا قايتقىدەك



يولىمىز يوق. لاسا تەرەپكە كېتىشىمىزگە بولمايدۇ. ئەمدى بىز ئۈچۈن پايدىلىق يول چىڭخەيگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ غەمخورلۇق قىلىشىنى ئۆتۈنۈشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىشنى ئورۇنداپ كېلىش ئۈچۈن مەسئۇل بولۇپ خام بىلەن سەن بېرىپ كەلگىن. ۋاقتىنىڭ ئۇزۇراپ كېتىشىدىن، بىزدىن ئەنسىرىمىگىن» دېگەن ھەمدە نىغمەتكە مىدال ياسىتىش ئۈچۈن بىر يېرىم سەر ئالتۇن بېرىپ چىڭخەيدىكى پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئارقىلىق ماۋجۇشىغا ئالتۇن مىدال ۋە بىر دانە بايراق (دۆلەت بايرىقى) قوشۇپ سوغا قىلىشنى تاپشۇرغان.

مۇشۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە نىغمەت راقىمباي ئوغلى بىلەن خام 1951-يىلىنىڭ بېشىدا چىڭخەيگە بېرىپ، ئالدى بىلەن ئۆلكىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇرنىسەن بىلەن ئۇچراشقان. ئۇ كىشى قىزغىن قوبۇل قىلىپ ئەتىسى ئۆلكىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرگەن. بۇ كۆرۈشۈشتە خام بىلەن نىغمەت ئۆز پىكىر-تەلەپلىرىنى ئېيتقان ھەمدە ماۋجۇشىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە يۈزىگە بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق چۈشۈرۈلۈپ نەقىشلەنگەن بىر دانە ئالتۇن مىدال بىلەن بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق تەقدىم قىلغان. ئۆلكىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بۇلارنى قىزغىن قوبۇل قىلىش بىلەن بۇلارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل تىڭشىغان. ماۋجۇشىغا تەقدىم قىلماقچى بولغان قىزىل بايراق بىلەن ئالتۇن مىدالنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋە «ھازىر چاغانغا 3 كۈن قالدى، سىلەر ئوبدان دەم ئېلىڭلار، چاغاننى ياخشى ئۆتكۈزۈڭلار. كېيىن يەنە ئۇچرىشىپ سۆزلىشىمىز» دېگەن. چاغاندىن كېيىنكى ئۇچرىشىشتا «مەركەزگە، ماۋجۇشىغا مىدا-

لىكلار ئەۋەتىلدى. پىكىر ـ تەلەپلەر يەتكۈزۈلدى. مەركەزنىڭ يولىيورۇقى بويىچە تازىلاش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەسكەرلەر قايتىدۇ. قازاقلارغا تەگمەيدۇ. سىلەر بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارسىلەر، خاتىرجەم ياخشى ئۆگىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن.

شۇندىن كېيىن خام بىلەن نىغمەت راقىمباي ئوغلى مەخسۇس ئادەمنىڭ باشلىشى ھەم كۈتىشى بىلەن بېيجىڭغا ئوقۇشقا يۈرۈپ كېتىدۇ.

بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن بۇلارنى يولداش ئۇلەنفۇ قوبۇل قىلىپ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تۇنجى قېتىم ئېچىلغان «ھەربىي مەمۇرى كۇرسى» غا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇلار ئوقۇش جەريانىدا جۇدې ۋېيۈەنجاڭ، جۇ زۇڭلى ھەم ماۋجۇشىنى كۆرگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ماۋجۇشىنىڭ كوللىكتىپ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. 1952 ـ يىلى 1 ـ ئايلار ئەتراپىدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. شىنجاڭدا پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قىزغىن قارشى ئېلىپ كۈتىۋالغان ۋە سۆھبەتلەشكەن.

سۆھبەت جەريانىدا رەھبەرلەر ئۇلارغا: «ياخشى ئوقۇپ قايتىپسىلەر، ئەمدى ھۆكۈمەت كادىرى بولۇپ خەلق ئىچىدە خىزمەت ئىشلەيسىلەر، خەلق بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ ياخشى ئىشلەڭلار» دەپ چىن كۆڭۈلدىن سەمىمى مەسلىھەت بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوسماننىڭ قولغا چۈشكەنلىكى ھەم سوراق قىلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقى قالبەكنىڭ قاچقۇنلۇق يولىغا چۈشۈپ ۋەتەن قويىنىدىن ئايرىلغانلىقى ۋە خام بىلەن نىغمەتنىڭ ئۆز ئاۋۇلىدىنمۇ بىر ئاز كىشىلەرنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. جۈملىدىن،



مەيلى ئىلگىرى كەلگەن مەيلى باندىت ئوسمان، قالبەكلەر بىلەن بىللە كېلىپ بۇ يەردە تۇرۇپ قالغانلار بولسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن مەسىلە تۇغدۇرمىسىلا ئىلگىرىكى ئىشلارنىڭ سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى، مۇشۇ يەرگە ئورۇنلىشىمىز دېگەنلەرنىڭ ئۆزلىرى لايىق كۆرگەن يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ھەل قىلىنىدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئېنىق ئېيتىپ چۈشەندۈرگەن. خەلق ئىچىگە بارغاندا ئېغىر بېسىق بولۇپ، مۇشۇ ئاساستا تەشۋىقات ـ تەرغىبات ئېلىپ بېرىشنى، قارشى چىققۇچىلار بولۇپ قالسا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئېنىق ئېيتقان.

شۇندىن كېيىن خام بىلەن نىغمەت راقىمباي ئوغلى يېنىغا قوشۇپ بەرگەن ماھىر بەگ، غالىم، ئاقىنخوجا قاتارلىق كادىرلار بىلەن بىللە 13 ئاتتا تۇزۇق ـ تۈلۈك ۋە باشقا نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئارتىپ ئەل ئىچىگە قايتىپ كەلگەن. پارتىيە رەھبەرلىكىدە بىر قاتار خىزمەتلەر ئىشلىگەن. شۇ چاغلاردا يۇقۇرى رەھبەرلىك يەنە قازاقلاردىن ھال سوراش ئۆمەكامىرىنى داۋاملىق ئەۋەتىپ ئامما بىلەن مۇڭداشقان. تەشۋىقات ـ تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. قولغا ئېلىنغانلارنى قويۇپ بەرگەن. تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش جەھەتتە جىددى قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىلىپ ھە دېگەندە يىلىغا ئادەم بېشىغا 365 جىڭدىن ئۇن، 25 ـ 30 مېتىردىن رەخ ھەر بىر ئائىلىگە 15 ـ 20 دىن ئۇششاق مال، 3 ـ 4 دىن ئات كالا، 5 ـ 6 دىن چاي، كىگىز بېسىش ئۈچۈن يۇڭ، بۇنىڭدىن تاشقىرى سوپۇن، تۇز قاتارلىق كۈندىلىك تۇر-

مۇش مۇلازىمەتلىرى تارقىتىپ بەرگەن. باش - پاناسىز قالغان 40 - 50 دەك ئائىلىگە ئۆي تەييارلاپ بېرىپ قاتارغا قوشقان. كېسەل ئادەملەرنى ھەقسىز داۋالاش، چارۋا ماللىرىنىمۇ داۋالاش ئىشىنى يولغا قويغان. مەكتەپلەرنى ئېچىپ بالىلارنى ئوقۇتقان. 20 - 30 چە بالىلار لەنجۇ مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بۇ يەردە ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئەھۋال شۇكى: ئۆز قولىغى بىلەن ئاڭلاپ، ئۆز قولى بىلەن ئىجرا قىلغان كىشىلەردىن ئاڭلىشىمىزچە، ماۋجۇشى بىلەن جۇزۇڭلى بۇ ئىشلارنى ئىشلەشكە ئۆزلىرى بىۋاستە كۆڭۈل بۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ ئارىلىقتا بەزىلەر يەنە ئۇيەر - بۇيەردە تالان - تاراج قىلىپ يۈرگەندە ماۋجۇشى بىلەن جۇزۇڭلى: «ئۇلار ھازىر بىزنى ياخشى چۈشەنمەيدۇ، بىلمەيدۇ شۇڭلاشقا ئۇلارغا ئوق چىقارماڭلار. ئەگەر بۇلاڭ - تالاڭ قىلغۇچىلارغا دۇچ كېلىپ قالغىدەك بولساڭلار، پەقەت ئۆزەڭلارنى قوغداش بىلەنلا چەكلىنىڭلار. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى پەيدىن-پەي قولغا كەلتۈرۈڭلار» دىگەن مەزمۇندا يوليورۇق بەرگەن ئىكەن.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز ۋە داھىلىرىمىزنىڭ بۇخىل ئەتراپلىق غەمخورلۇق قىلىشى، بىر قاتار توغرا سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىشى. مۇشۇ ئاساستا زېرىكمەي ئۈزلۈكسىز تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىشى، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى كونكرېت ھەل قىلىپ قەد كۆتۈرۈۋېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى، بۇ بىر تۈركۈم سەرسانلىق ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ئىچىدە ئىشەنچىدىن ئايرىلغان، ھالىدىن كەتكەن قازاقلارغا ئانا مېھرىنى ھېس قىلدۇرغان. غەمخور ئانا ئازغان بالىسىغا



غەمخورلۇق قىلغانسېرى ئازغان بالىمۇ ئانا مېھرىنىڭچە كىسىز ئىللىقلىقىنى شۇنچە ئېنىق ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئادىشىپ - ئېزىپ ۋەيران بولغان بۇ بىر تۈركۈم قازاقلار تىنىچلىنىپ، نورمال ۋە بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغان.

نەق مەيداندا بولغان ئىشەنچىلىك كىشىلەردىن ئاڭلىشىمىزچە بۇ خىل ئۇزاق ۋاقىت سەرسانلىق تۇرمۇش كەچۈرگەن بىر تۈركۈم قازاق خەلقى مۇقىم بىر ئورۇنغا ماكانلىشىدىغان بولغان چاغدا جۇزۇڭلى دەسلەپ 3 مىڭدەك ئادەمنىڭ ئىككى يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇناسىۋەتلىك ئۆلكە رەھبەرلىرىگە «ئورۇنلاشمىدىغان بۇ 3 مىڭدەك ئادەمنى 300 مىڭ ئادەم قاتارىدا نەزەردە تۇتۇپ ياخشى تەييارلىق قىلىڭلار» دىگەن مەزمۇندا يوليورۇق بەرگەن ۋە مۇشۇ يوليورۇقنىڭ ئەمەلگە ئىشىشىنىڭ شەرت - شارائىتىنى ھازىرلىغان.

مانا مۇشۇ ئاساستا ھەر تەرەپلىمە خىزمەتلەر ئىشلىنىپ 1954 - يىلى 1 - ئايغا كەلگەندە چىڭخەي ئۆلكىسىدە «خەيشى موڭغۇل، زاڭزۇ، قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى» شۇ يىلى 4 - ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسىدە «ئاقساي قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى» قۇرۇلۇپ گومىنداڭ دەۋرىدە سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا قالغان ۋە تۆگەپ كېتىشكە ئاز قالغان بىر تۈركۈم قازاقلار مەملىكەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىغا، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان.

# شىنجاڭ ئۆلكىلىك چۆنجى، جىمسار، مورى مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەر تېپچىلىقنى ساقلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ھەركىتى

ساغدۇللا ئارالباي ئوغلى

مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەر تېپچىلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتى ئىلگىركى چۆنجى، جىمسار مورى قازاق ئۆز ئۆزىنى قوغداش ئەترىتىدىن ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلغان. 1946 - يىلىنىڭ دەسلىۋىدە چۆنجىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سىجاڭى — خەنيۇۋىندىن مورى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئارالبايغا (مېنىڭ دادام ئىدى) چۆنجى ناھىيىسىگە كېلىپ يىغىنغا قاتنىشىش توغرىسىدا تېلېگرامما كەلدى. دادام يىغىنغا بېرىشقا ھازىرلىنىۋاتقاندا ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى. يىغىن چۆنجىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ دىۋىزىيە شتاۋىدا خەن سىجاڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقان كىشىلەر چۆنجى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇكەي، جىمسارنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جىقاي، چۆنجى نەنسەندىكى قەبىلە باشلىقى داناباي ۋە مەن قاتارلىق كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى.



يىغىندا خەن سىجاڭ سۆز قىلىپ: 1945 - يىلىنىڭ ئەتىيازلىقىدىن باشلاپ چۆنجى، جىمسار، موريدىكى قازاق خەلقى ۋەتەن چېگرىسىنى ساقلاپ، ئەل - يۇرتىنىڭ تېپچىلىقىنى قوغداش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك خىزمەت قىلدى ۋە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن كۈچلۈك تەشكىللىك يېتەكچىلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن چارۋىچى خەلقلەر دائىم باندىت لارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپ، ئېغىر زىيانلارنى تارتىپ تېنچ شارائىتتا كۈن كەچۈرەلمىدى. ئوزۇق - تۈلۈك، مىلتىق دورا جەھەتتىن ئالدىن - ئالا تەييارلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن باندىتلارنىڭ تۇيۇقسىز قىلغان ھۇجۇمىغا - تالان - تاراجلىرىغا تاقابىل تۇرۇش تەس بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چۆنجى، جىمسار، مورى ئۆز ئۆزىنى قوغداش قازاق ئەترىتىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك چۆنجى، جىمسار، مورى مۇستەقىل ئالاھىدە ئاتلىق ئەسكەر تېپچىلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇش مۇھىم بولۇپ قالدى، دېدى (قىسقارتىپ تېپچىلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتى دېيىلىدۇ) ۋە دانا باي دادۈيجاڭ، ساغدۇللا مائاۋىن دادۈيجاڭ قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

دادۈينىڭ قارىمىغىدا 4 جۇڭدۈي بولۇپ بۇلار يەر شارائىتىغا قاراپ تەشكىللەشتۈرۈلدى. 1 - جۇڭدۈي چۆنجى ئوماشاڭ جۇڭدۈيى بولۇپ بۇنىڭ دۈيجاڭلىقىغا قوسايىن، 2 - جۇڭدۈي چۆنجى نەنسەن جۇڭدۈي، جۇڭدۈيجاڭلىقىغا ئىلياس، 3 - جۇڭدۈي جىمسار جۇڭدۈي، جۇڭدۈيجاڭلىقىغا ئىبرايقان، 4 - جۇڭدۈي مورى جۇڭدۈي جۇڭدۈيجاڭلىقىغا سادىۋا قاس قاتارلىقلار بەلگىلەندى، پۈتۈن دادۈينىڭ ئادەم سانى 210 نەپەر بولۇپ ھازىرچە 100 دانە مىلتىق 100 دانىدىن ئوق تارقى-

تىپ بېرىلدى. ئەترەت ئەزالىرىغا ھەربى بەلگىلىمە بويىچە ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك ۋە قوشۇمچە خىراجەت بېرىلىدىغان بولدى. ئەترەتتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ شەخسى ئېتىنى مىنىدۇ، ئەگەر ئۆزىدە ئات بولمىسا تۇققانلىرى ياكى ئەل ئىچىدىن ئېلىپ مىنىپ تۇرىدۇ. دەپ بەلگىلىدى. تېچلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ شىتاتى، خىزمەتچىلىرى، قورال جابدۇقلىرى رەسمى بەلگۈلەنگەندىن كېيىن خەن سىجاڭ تۆۋەندىكىدەك ۋەزىپە تاپشۇردى: سىلەر دۆلەت ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى ۋە ئەل-يۇرتلىرىڭلارنى قوغدايسىلەر تېچلىق شارائىتىدا ئۆز ئۆيىڭلەردە تۇرۇپ، ئۆزەڭلەرنىڭ چارۋىچىلىقىڭلارنى قىلىسىلەر، ئۇرۇش بولۇپ قالسا دەرھال يىغىلىپ ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇستۈڭلەرگە ئالىسىلەر» دىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ تېچلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتى رەسمى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى.

## تېچلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ ئىشلىگەن بىر قانچە ئىشلىرى

1- بەيتىك ۋەقەسى جەريانىدا ۋەتەن چېگرىسىنى قوغداش.

بەيتىك ئەزەلدىن ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا زېمىنى ئىدى. تارىختىن بېرى ئۇيەردە قازاق، موڭغۇل خەلقى ماكانلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ياڭزېڭشىن دەۋرىدە فەن تۇڭلۇك دىگەن كىشى ئوراپ بۇلاقنىڭ چېگرا قاراۋۇل باشلىقى بولۇپ تۇرغان.



1932-يىلى ماجۇڭيىڭ 1-قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ لياۋدۇڭدا ئۇرۇش قىلغاندا فەن تۇڭلۇك ئەسكەرلىرى بىلەن بەيتىكتىكى قازاق دوستى نۇرغازىنى (قەبىلە باشلىقى) بىللە ئېلىپ بېرىپ ئۇرۇش قىلغان ئىدى.

شېڭ شىسەي دەۋرىدە چۆنجى ساقچى ئىدارىسى بەيتىككە ساقچى بۆلۈمچىسىنى قۇرۇپ جۇمارت (قازاق) دىگەن كىشىنى سوجاڭ قىلغان ئىدى مانجۇخانلىغىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى يەنى ياڭزېڭشىن دەۋرىدە بەيتىككە جانتېكەي، جادىك، ۋاق، كونساداق قاتارلىق قەبىلىلەر كېلىپ ئورۇنلاشقان بولۇپ بۇ قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ئاتىشباي، توڭغۇشباي، راقمۇللا، ئەرگەشباي زەڭگى قاتارلىق ئادەملەردىن ئىبارەت ئىدى. موڭغۇللاردىن لامجا دىگەن ۋاڭ جاغىسىن سۇمى دىگەن يەرگە ماكانلاشقان ئىدى بۇ يەرگە جايلاشقان قازاق-موڭغۇل خەلقى بەيتىكنىڭ شىمالىي تەرىپىنى ئەتىيازلىق، يازلىق، يايلاق ۋە كۈزلۈك قىلىپ، تاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالى تەرىپىدىكى جاغىشىن ئاقچى دىگەن يېرىنى قىشلاق قىلىپ ماكانلاپ كەلگەن. شىنجاڭ بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ ئەزەلدىكى چېگرىسى قاراخاندى ئۇشىق دىگەن يەر بولۇپ ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىك بەيتىك تېغى بىلەن قوشۇلۇپ تامامەن چۆنجىغا قاراشلىق ئىدى شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە يايلىغانلارنىڭ يايلاق بېجىنى چۆنجى ناھىيىسى ئالاتتى.

1946-يىلى 10-ئايدا خەن سىجاڭ تېچلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ 1-جۇڭدۈي دۈيجاڭى قوسايىننى بەيتىككە تەكشۈرۈپ كىلىشكە ئەۋەتتى. قوسايىن بەيتىكنىڭ چوڭ قاراغايلىقىغا موڭغۇل ئەسكەرلىرى كېلىپ ئۆي ۋە ئۇرۇش مۇداپىئە پۇنكىتلىرىنى ياساۋاتقانلىقىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

1947-يىلىنىڭ باشلىرىدا خەن سىجاڭ ماڭا خەت يېزىپ، ماجۇڭفۇ دىگەن فۇگۇەننى ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ خېتىدە: «بەيتىكنىڭ شىمالىي تەرىپىگە موڭغۇل ئەسكەرلىرى كېلىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چۆنجى جىمسار مورى تېپچىلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىدىن 100 كىشى بەيتىكنى قوغداش ئۈچۈن بېرىش كېرەك. چۆنجىنىڭ ئوماشاڭ، تەنسەن جوڭ دۈيدىن 50 ئادەم جىمسار مورى جوڭدۈيدىن 50 ئادەم تەشكىللەپ ھەر جوڭدۈيدىن بىردىن جوڭدۈيجاڭ قوشۇپ ئەۋەتىڭلار» دەپ يېزىپتۇ.

مەن موردىن ئالمىغالى دۈيجاڭ باشچىلىغىدىكى 25 نەپەر ئادەمنى ماجۇڭفۇ فۇگۇەنگە تاپشۇرۇپ ئەۋەتتىم. ھەر قايسى جوڭدۈيلەرنىڭ ئادەملىرى چۆنجىغا يىغىلغاندىن كېيىن خەن سىجاڭ ماجۇڭ فۇگەننى مەسئۇل قىلىپ بەلگۈلىدى. ئاندىن ئۇزۇق-تۈلۈك، ۋە تىلگىراپ-رادىئو قاتارلىقلارنى ئېلىپ بەيتىكنىڭ قاراغايتى، قوجىرتى دىگەن سايلىرىنىڭ باش تەرىپىگە بېرىپ ئورۇنلۇشۇپ بۇ يەردىكى موڭغۇل ئەسكەرلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۇرۇش قىلدۇق. ھەر قېتىمقى ئۇرۇش جەريانىدا تېپچىلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتى غەلىبە قىلىپ موڭغۇل ئەسكەرلىرىدىن بىرمۇنچە مىلتىق، پىلىموت قاتارلىق قورال-ياراقلارنى غەنىمەت ئالدۇق. ئۇرۇش جەريانىدا ھەر ئىككى تەرەپتىن مەلۇم ئەسكەر چىقىم بولدى.

6-ئاينىڭ باشلىرىدا ماڭا خەن سىجاڭدىن 25 نەپەر ئادەم بىلەن چۆنجىغا كىلىشنى تاپشۇرۇپ تېلىگىرامما كەلدى. مەن كەلگەندىن كېيىن خەن سىجاڭ: «3-ئايدا بەيتىككە بارغان ئادەملەر قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا سىز ئېلىپ كەلگەن 25 ئادەم بىلەن بېرىپ بەيتىكنى قوغدايسىلەر، ئەتە دانابايى دادۈيجاڭ بىلەن خەنفەن تۈۋانجاڭمۇ بەيتىككە بارىدۇ» دىدى.



بىز بەيتىككە بارغاندىن كېيىن، يۇقۇرىدىن «ئۇرۇش توختىتىلسۇن سۆھبەت ئۆتكۈزىلىدۇ» دەپ تېلىگىرامما كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇرۇشنى توختاتتۇق.

7-ئاينىڭ ئاخىرلىرى خەن سىجاڭدىن دانابايى دادۈيجاڭ بىلەن مېنى چۆنجىغا قايتىپ كەلسۇن دەپ تىلگىرامما كەلدى، بىز چۆنجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خەن سىجاڭ بىزگە: «خەن فەن تۈۋانجاڭمۇ بەيتىككە باردى. ھازىر ئۇ يەردە بىر تۈۋان ئەسكىرىمىز بار، دۆلەت چېگىرىسىنى دۆلەت ئارمىيىسى مۇداپىئە قىلىش لازىم. ئەمدى سىلەرنىڭ تېپچىلىقنى ساقلاش چوڭ ئەترىتىڭلار قايتىپ كېلىپ، ئەل يۇرتنى ئاۋۇل-ئايماقنى مۇھاپىزەت قىلسۇن» دىدى. بىز خەن سىجاڭنىڭ يوليورۇغى بويىچە تېپچىلىق ساقلاش ئەترىتىمىزنىڭ چېگرانى مۇداپىئە قىلىشقا بارغان قىسمىغا تىلگىرامما بېرىپ ھەممىسىنىڭ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىشنى ئۇقتۇردۇق.

2-موڭغۇلىيە شىپيۇنلىرى بىلەن ئېلىشىش.

موڭغۇلىيە شىپيۇنى ساغدا دىگەن ئەينى ۋاقىتتا مورىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدا ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن، ئۇ 1944-يىل 9-ئاي ئاخىرلىرىدا موڭغۇلىيىنىڭ تولۇق قورالانغان ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ موريدىن 600 ئۆيلۈك قازاق چارۋىچى ئائىلىلىرىنى زورلۇق بىلەن ھەيداپ بەيتىككە ئاپىرىپ بۇ خەلقنىڭ بىرقىسمىنى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ كەتتى. 1948-يىلىنىڭ يازلىقى يەنە ساغدا، قاسەن قاتارلىق 4 ئادەم مورىغا كېلىپ تاغ ئارىلىرىغا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى.

كەمبەغەل چارۋىچى دۆۋامەت دىگەن ئادەم بايانقۇلارنىڭ قاراڭغۇ سېيى دىگەن يەردە ياغاچ ئۆي ياساپ يالغۇز

ئۇلتۇراتتى. چارۋىچىلار يايلاۋغا چىقىپ كەتكەن، ئادەملەر كۆپ بولمايدىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىككى ئاتلىق ئادەم كېلىپ چۈشىدۇ، مىللىي ئادەت بويىچە ئۆي ئىگىسى ئۇلارغا داستىخان سېلىپ چاي بېرىدۇ ۋە ئەھۋال سورىشىدۇ. بۇلار بىز ئىت ئېلى پىشقال قەبىلىسىدىن بولىمىز بۇ كىشىنىڭ ئىسمى تاجىگۈل مېنىڭ ئىسمىم ئۆتەن جۇنىس ئوغلى دەپ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ: 1944 - يىلى قالقاننىڭ قازاقلىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن بوغدا قازاقلىرىنى ھايداپ كەتكەن ئىدۇق، شۇ ۋاقىتتا بىز پىسانىدۇزار دارغى «ساغدا» قاسەن دىگەن كىشىلەر بىلەن بىللە بولغان. بىزنىڭ ئوسمانغا قاراشلىق قازاقلار ۋە بوغدا قازاقلىرى بىلەن بېرىش - كېلىشىمىز كۆپرەك بولغانلىقتىن موڭغۇلىيە تەرەپ بىزگە ئىشەنمەستىن خەۋپ سېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىلاجسىز خوتۇن - بالاچاقىنى تاشلاپ ئۆز بېشىمىزغا پانالىق ئىزدەپ بۇ يەرگە قېچىپ كەلگىلى بىرقانچە كۈن بولدى. بۈگۈن بۇ ئىككىمىز تاققا چىقساق چوڭقۇر سايدا تۇرغان بۇ يالغۇز ئۆي كۆرۈنگەنلىكتىن بۇ يەرگە كەلدۇق دەپتۇ. تاجىگۈلنىڭ مىنىپ كەلگەن ئېتى قارا يايلىلىق سېرىق قويرۇقلۇق ئات بولۇپ ئۇ بىر قېتىمقى «قىز قوۋار» بەيگىسىدە ئالدىغا ئات ئۆتكۈزمىگەن ئىكەن. ئۇلار بۇ ئاتنى يۇلغۇن زاستاۋىدىكى ئەسكەر باشلىقىنىڭ ئېتى يەنە بىرسى مىنگەن سېرىق ئاتنى سايىت دارغى ئايۇشى جاپىنىڭ ئېتى دەپتۇ.

بىر ئايدىن كېيىن ئۇ بىزنى مورى ۋە ئوسمانغا قاراشلىق قازاقلاردىن 20 دەك ئادەم بىلەن قالقادىن مال ھايداپ كېلەيلى دەپ ئالداپ ئېلىپ مېڭىپ جاغىشىدىن ئاقچىنىڭ شىمال تەرىپى، بولغۇن دەرياسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئۆكبە دىگەن



يەرگە ئەكىلىپ: «سىلەر مۇشۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭلار، مەن بولغۇنغا بېرىپ، ئەلنىڭ ۋە مال - چارۋىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىپ يېرىم كېچىدىن قالماي قايتىپ كېلىمەن» دەپ كېتىپ قالدى. يېرىم كېچە بولغاندا بىزنى موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئاخىرى ئۆلگىنىمىز ۋە قولغا چۈشۈپ كەتكەنلەردىن باشقىلىرىمىز قېچىپ كەلدۇق. يۇرت ئىچىدىكىلەر ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ھال سوراپ بارغاندا: «باشقىلارنىڭ يېرىگە بېرىپ ئولجا ئالغىنىمۇ يېتەر، ئاكاڭ ئۆلۈپ يەڭگەڭ ئالغىنىڭمۇ يېتەر» دىگەن سۆز مانا مۇشۇ دىيىشىپ ئەپسۇسلانغان ئىدى.

ئوسمان، دەلىلقان بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلگەندىن كېيىن گومىنداڭغا تەسلىم بولۇپ كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ قازاق خەلقىنى زورلۇق بىلەن ھايداپ، چۆنجى، جىمسار مورىلارغا كەلدى. ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكى تەسكەنباي ئابىلغازى قاتارلىق 3 كىشىمۇ موڭغۇلىيە تەرەپدارى بولغانلىقى ئۈچۈن خوتۇن بالىلىرى ۋە مال ۋارانلىرىنى تاشلاپ ئوسماندىن ئايرىلىپ قالقاغا قېچىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بالاچاقىلىرى مورىغا كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. شۇندىن كېيىن ئۇلار مورىنىڭ داشتىۋ، بايانقۇمار دىگەن يەرلىرىگە يوشۇرۇنچە كېلىپ ھەرىكەت ئېلىپ باردى. مورىدىكى تىنىچلىق ساقلاش ئەترىتىمۇ ئۇلارنى كەلسە ئېتىشىپ قوغلىۋېتىپ تۇردى. 47 - يىلى 5 - ئايلاردا داشتىۋدا تۇرغان ئەسكەرلەر بىرلىكتە تەسكەنباي قاتارلىق موڭغۇلىيە تەرەپدارلىرى بىلەن سوقۇشۇپ ئۇلارنى قولىشار دىگەن يەرگىچە قوغلاپ باردۇق. 1948 - يىلى 7 - ئايلاردا تەسكەنباي موڭغۇلىيەنىڭ 50 كە يېقىن قوراللىق ئەسكىرىنى باشلاپ كېلىپ مورىنىڭ تۇشۇي، بورقان ئۆي

دىگەن يەرلىرىدە يول توسىدى. بىر كۈنى چۈنجى مورىدىن بارىكۆلگە تۇققان يوقلاپ كېلىۋاتقان ئالتە كىشى (بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوسماننىڭ فۇجۇانىيانى لاتىپىنىڭ بالىسىمۇ بار ئىدى) سارچۇقىدىن چىقىپ كېچىچە مېڭىپ تاڭ ئېتىشى بىلەن توشى دىگەن يەرگە كېلىپ دەم ئالىدۇ. بۇلارنىڭ بىرسى چاي قاينىتىش ئۈچۈن ئوتۇن تېرىپ يۈرگەندە تۇيۇقسىزلا تاغ ئۈستىدىن ئوق ياغدۇرىلىدۇ. ئوخلاپ قالغان ئىككى كىشى چۆچۈپ ئويغۇنۇپ بىر ئىككى قەدەم نېرى قېچىشىغا ئوق تېگىپ يىقىلىدۇ. ئوتۇن تېرىۋاتقان ئادەمگىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. بۇ مورىنىڭ قىزىل قارا دىگەن يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق تايلاق قەبىلىسىدىن بايدۇللىنىڭ ئىنىسى ئابدىل دىگەن كىشى ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ يەردە 4 ئادەم ئۆلىدۇ. بىرسىنىڭ چاپىنىغا ئوق تېگىشى بىلەن يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالىدۇ. يەنە بىرسىنى تۇتۇپ كېتىدۇ. ھېلىقى يالغان ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغان ئادەم موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرى كەتكەندىن كېيىن ئىككى كېچە-كۈندۈز مېڭىپ بايانقىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغىنىمىزدىن كېيىن ئوسماننىڭ جىلىقى ئايدار دىگەن ئادىمى بىلەن ئىككىمىز 50 دەك قوراللىق ئادەملىرىمىزنى باشلاپ داشتۇغا بېرىپ، ئۆلگەن ئادەملەرنى كۆمدۇق. ئاندىن تاققا چىقىپ چارلاپ كۆرگىنىمىزدە ئۇلارنىڭ يول توسۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلانغاندىن كېيىن قالقا تەرەپكە قايتىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

مورى تېچلىق ساقلاش ئەترىتى بىلەن موڭغۇلىيە ئارىسىدىكى كۆرەش 1949 - يىلى ئۆلكە ئازات بولغىچىلىك توختىماي بولۇپ تۇردى.

3 - بەيتىك ۋەقەسى جەريانىدا ئوسمان توغرىلىق



بەزىبىر كۆرگەن - بىلگەنلىرىم.

1947 - يىلى يازدا ئوسمان دەلىلقان بىلەن سوقۇشۇپ يېڭىلگەندىن كېيىن بەيتىكنىڭ ئورانبولاق دىگەن يېرىگە چېكىنىپ كەلدى دىگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ماجۇن فاگۇان، تېچلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ مورى ئوتتۇرا ئەترەت ئەزاسى توقان، سادۇ دىگەن ئىككى ئادەمنى ئوسمانغا خەت ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇلار خەتنى ئوسمانغا تاپشۇرۇپ جاۋاپ خەت ئېلىپ قايتىۋاتقاندا يول توسۇپ تۇرغان موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن توقان ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، سادۇ تۇتۇپ كېتىلىدۇ.

1947 - يىلى 6 - ئايدا مەن بەيتىككە بارغاندىن كېيىن يۇقۇرىدىن تېلېگىراممىا ئارقىلىق «موڭغۇلىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكىزىلىدۇ، ئۇرۇش توختۇتۇلسۇن» دىگەن بۇيرۇق كەلدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئوسماننىڭ ئادەملىرى بىلەن موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرى قوجىرتى دىگەن يەردە كېچە - كۈندۈز سوقۇشتى. بىز قوجىرتىنىڭ ئوتتۇرلىقىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سوقۇشىنى كۆردۇق. شۇ كۈنى كۈندۈزى بىر ئايروپىلان كېلىپ ئوسماننىڭ قاراغايلىقتىكى ئارقا سېپىنى بومباردىمان قىلدى، ئاندىن كېيىن بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئوسماننىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا ئېتىشىۋاتقان ئوسمان ئادەملىرىنىڭ ئۈستىدە پەسلەپ ئۇچقىنىدا پىلىموتتىن ئوق ياغدۇردى. ئوسماننىڭ ئادەملىرىمۇ پىلىموتتىن ئوق ئېتىپ قايتارما زەربە بەردى. يېرىم سائەتتەك ئېلىشقاندىن كېيىن ئايروپىلان شىمال تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ قوجىرتىنىڭ تۈزلەڭلىكىگە چۈشتى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئوسماننىڭ كاتىۋى قومانباي بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ: يېقىندىن بېرى بولغان ئىككى قېتىملىق

ئۇرۇشتا ئاز بولمىغان قورال ـ ياراق غەنىمەت ئالدۇق. يەنە كۆپلىگەن ھۆججەت ۋە كىتاپلار قولغا چۈشتى» دېدى.

4 ـ ئابىلغازىنىڭ قېچىپ كېلىشى.

بىر كۈنى ئەتتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا تۇيۇقسىزلا بىر توپ ئاتلىق ئادەم كەلدى ۋە قوشقا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى قىزىل ياقىلىق ھەربىي شىنەل، 5 بۇرجەكلىك يۇلتۇز بېكىتىلگەن شەپكە كەيگەن بولۇپ كۆتۈرۈۋالغىنى ئۇزۇن سىتىۋۇللۇق 5 ئاتار مىلتىق ئىكەن. بىز ئۇلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدۇق. ئۇلارمۇ چايغا ئولتۇردى، بىز ئەھۋال سورىدۇق، ھېلىقى ھەربىي ئادەم: «مەن قۇجرىتىدىكى موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرى ئىچىدىن قېچىپ چىقتىم. ئىسمىم ئابىلغازى جانتىكەينىڭ بازارقۇل قەبىلىسىدىن بولىمەن بۇ يىل 22 ياشقا كىردىم. دادام موللا كىشى ئىدى. مەن ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ بەيتىككە ماڭغاندا ئەگەر سەن بەيتىككە بېرىپ قالساڭ قايتىپ كەلمە، قايتىپ كەلسەڭ ئۆمۈرۋايەت دىنسىز قالىسەن، ئىلاج بار ئۇ يەردىن ئوسمان قازاقلىرىغا ياكى بوغدا قازاقلىرىنىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەت دىگەن ئىدى. شۇڭلاشقا مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ چىققان ئىدىم. يولدا سىلەرنىڭ ئادەملەرگە ئۇچراپ قالدىم دېدى. بۇ مەزگىلدە ئوسماننىڭ ئاۋۇلى «ئالتىن ئوبا دىگەن» يەردە ئىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قېچىپ كەلگەن ئادەمنى ئىۋەتىپ بەرسۇن دەپ ئادەم ئىۋەتىپتۇ. مەن ئۇنى قورال ـ ياراق ۋە مىنگەن ئاتلىرى بىلەن ئوسمان ئىۋەتكەن ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەردىم. كېيىن ئاڭلىشىمچە ئوسمانغا ئەسكەر بوپتۇ. 1947 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوسمان ئالتايغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۇنىڭغا ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ.



## چۈنجىدىكى سۇ تۈگمىنىدە ئېلىپ بېرىلغان تەربىيە ۋە كېيىنكى ئۆزگىرىش

1947 ـ يىل 12 ـ ئايدا خەن سىجاڭ چۈنجى، جىمسار، خورى ئۈچ ناھىيىنىڭ تېچلىق ساقلاش ئەترەت ئەزالىرىنى، چۈنجىدىكى سۇ تۈگمىنىگە يىغىپ بىر ئاي تەربىيە يۈرگۈزدى. كۇرس ئاخىرلاشقاندا سىجاڭ مەجلىس ئېچىپ: «تېچلىق ساقلاش ئەترىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ چۈنجىدىكى ئارمىيە قوماندانلىق شتابى رەھبەرلىك قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك تېچلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابى يېتەكچىلىك قىلىدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى ۋە فېن دۇيجاڭدىن يۇقۇرى ھەربىي ئەمەلدارلارغا بەيتىك ئۇرۇشىغا قاتناشقان خاتىرە مېدالى تارقاتتى.

دانابای دادۇيجاڭ كېسەل سەۋەبىدىن خىزمەتتىن چېكىنىپ رۇخسەت ئالدى. خەن سىجاڭ بۇ يىغىندا مېنى دادۇيجاڭلىققا، قۇسايىننى مۇئاۋىن دادۇيجاڭلىققا، قامزانى ئوماچاڭ ئوتتۇرا ئەترىتىگە جۇڭ دۇيجاڭلىققا بەلگىلىدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندا ئوتتۇرا ئەترەت ئەزالىرى ئۆيلىرىگە قايتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك تېچلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابى قانات ئابايىنى مۇئاۋىن دۇيجاڭ، جاۋ يۈشىڭنى جۇڭدۇيلىككە بەلگىلەپ ئىۋەتىپ چۈنجى تۈگمەن بويىدا دادۇي شتابى قۇردى. ھەر بىر ئوتتۇرا ئەترەتتىن بىر بەن ئادەم نۆۋەتلىشىپ كېلىپ دادۇي شتابىدا تۇردى. مىلتىق، ئوق ـ دورىلارنى يىغىپ جاۋيۈشىڭ ساقلىدى. بىزنىڭ ئىش ھەققىمىز، ئوزۇق ـ تۈلىگىمىزنى جاۋيۈشىڭ ئېلىپ كېلىپ تارقى-

تىپ بېرىپ تۇردى. كېيىنرەك قاناتبايىنى يۆتكەپ كېتىپ ئاسلىبەكنى فۇدادۇيجاڭلىققا بەلگىلەپ ئەۋەتتى. 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن بۇرھان شەھىدىنىڭ ئەۋەتكەن تېلېگىراممىسى بويىچە تىنچلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ خىزمىتى ئاخىرلاشتى. ئەترەت ئەزالىرى قورال - ياراقلىرىنى جاۋيۇشىڭ ئارقىلىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك قوماندانلىق شتابىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپ كېتىشتى.



# جىمىنەي پارتىزانلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

ئابدۇلكېرىم مەھمۇدوپ

جىمىنەي ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر كىچىك ناھىيە بولۇپ ئۇنىڭ بىر تەرىپى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش، ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بىر جاي ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرىدىن بىر ئاتلىق پولك، بىر پىيادە پولك ۋە باشقا كۈچلۈك ھەربى قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇ يەردە مۇنچىۋالا كۈچ توپلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەۋى، جىمىنەي پارتىزانلىرىنىڭ ئالتاي - ئۈرۈمچى تاش يولىنىڭ قوبۇق ۋە جىمىنەيدىن ئۆتىدىغان يول تۈگۈنىنى ئۈزۈۋېتىشىدىن ئىنتايىن قورققانلىقىدىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ ھەربى گۇرۇھى بارلىق كۈچى بىلەن جىمىنەينى ساقلاش ئۈچۈن ناھىيىدىكى خەلقنى قاتتىق باستۇرغان ۋە خانىۋەيران قىلغان ئىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىدىن ئېشىپ قالغان جىمىنەي، قوبۇق خەلقى ئۆز يۇرتلىرى بولغان ساۋىر يايلاۋسىدىن، دىخانچىلىق قىلىۋاتقان يېزىلىرىدىن ئايرىلىپ قىرغىنچىلىقتا ئۆلگەن

قېرىنداشلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى كۆمۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئۆز جانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاچ - يالىڭاچ ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يەرلىرىدىن ئۆتۈپ، پانالىق تىلەشكە مەجبۇر بولۇشقان ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ جېمىنەي ناھىيىسى ئادەمسىز سەھراغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە 1943 - يىلى موللا ئىسلام ( شياڭزۈك ) ئىسمايىلوۋ رەھبەرلىكىدە گومىنداڭغا قارشى جېمىنەي ھەر مىللەت قوزغىلاڭچى پارتىزانلىرى تەشكىل قىلىندى.

1943 - يىلى 6 - ئايدا گومىنداڭنىڭ قوبۇقتا تۇرۇشلۇق موڭغۇل پولكىنىڭ روتا باشلىقى ژۇگراۋ ئۆزىنىڭ بىر روتا ئەسكىرى بىلەن گومىنداڭغا قارشى قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈپ قېچىپ چىقىپ ساۋىر يايلاۋىغا كەلدى ۋە بۇ يەردىكى بىر تۈركۈم ئادەملەر بىلەن بىللە بالا - چاقىسىنى ئېلىپ، سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ قولىدىكى قورال - ياراقلارنى قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا جېمىنەيدىكى موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ژۇگراۋ بىلەن كېلىشكەندىن كېيىن قورال - ياراقلارنى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

موللا ئىسلام ئىسمائىلوۋ خېلىدىن بېرى شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىستىك زوراۋانلىقىغا نارازى بولۇپ بۇلارغا قارشى ھەركەت قىلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دەسلەپكى قەدەمدە بۇنداق قورال - ياراققا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەلقنى تەشكىللەپ قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، گومىنداڭغا قارشى ھەركەت قوزغاش ئارقىلىق ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت قولىدىن جېمىنەينى تارتىۋېلىشقا كىرىشمەكچى بولىدۇ. موللا ئىسلام بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دەرھال



ھەركەتكە كېلىپ، قازاق - موڭغۇل خەلقىنىڭ مۆتىۋەر ئىناۋەتلىك ئادەملىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ جېمىنەينى ئازات قىلىشتىكى مەقسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئۇلار موللا ئىسلام ئىسمايىلوۋغا: «سىزنىڭ تەكلىپلىرىڭىز بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى. بىز بۇنى شەرەپلىك ۋەزىپە دەپ بىلىمىز. لېكىن ھازىرقى ئەھلى شارائىت بۇنىڭغا يار بەرمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى دېھقان چارۋىچى خەلقلىرىمىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئاچ - يالىڭاچ قېلىپ، يۇرت - ئايماقلارنى تاشلاپ سەرگەردان بولۇپ كېتىپ، ئۆز جانلىرىنى ساقلاشقىمۇ ئامال قىلالمايۋاتىدۇ. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنى ھازىرچە تەشكىللەپ چىقىش قىيىنىراق. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشىمىز، تۇرمۇشىنى بىر قەدەر ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز لازىم، ئاندىن ئۇلارنى تەشكىللەپ قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇشقا كىرىشسەك ياخشى بولىدۇ. ئەگەر سىزدە ھازىر ئۇيۇشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئادەملەر بولسا قانچىلىك ئادەم بولسا شۇنچىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، ھەركەت قىلىپ تۇرسىڭىز بولارمىكىن» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن موللا ئىسلام ئىسمايىلوۋ جېمىنەي بازىرىدا تۇرۇۋاتقان ھەر قايسى جايلاردىن قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن 17 ئادەمنى يىغىپ دەسلەپكى قەدەمدىكى ئۇيغۇر پارتىزان قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ خوجەخمەت سېلىمباييۇۋنى پارتىزانلارنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ بېرىپ بۇ ئەھۋالنى شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابنىڭ رەھبىرى تەشكىلاتى بولغان «ئازاتلىق ئۇيۇشما» غا دوكلات قىلىدۇ. «ئازاتلىق ئۇيۇشما» ئالتاينىڭ غەربىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ يېڭى شەيئىگە "موللا ئىسلام ئىسمايىلوۋ باشچىلىقىدىكى جېمىنەي ئۇيغۇر

پارتىزانى" دەپ نام بېرىپ ئۇلارنىڭ ئىشلەيدىغان ۋەزىپىلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

1943 - يىلى 8 - ئايدا رەسمىي تەشكىللەنگەن جىمنەي ئۇيغۇر پارتىزانلىرى تۈرلۈك جەڭگىۋار قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ماھىر ئاتقۇچىلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى ۋەزىپىسى جىمنەي بازىرىغا مۇستەھكەم بازا قۇرۇپ ئورۇنلاشقان گومىنداڭ ھەربىي قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ جىمنەينى ئازات قىلىش، ئالتاينىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى بېكىتىپ ئالتايدىكى گومىنداڭ گورۇھىنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاش، قۇبۇق - جىمنەي تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان ئۈرۈمچى - ئالتاي تاشيولىنى توساپ دۈشمەننى يېتىم قالدۇرۇش، ئاممىغا بولغان تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېنىكلىتىپ بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلىكىدىن پارتىزان ئەترىتىگە قاتنىشىشنى قولغا كەلتۈرۈپ پارتىزان تەشكىلىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش، گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ئەسكەرلىرىگە قارىتا تۈرلۈك يوللار بىلەن تەشۋىقى خىزمەت ئىشلەپ ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلەشنى بۇ قوشۇننىڭ مەقسەت - نىشانىسى قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى بازىسىنى جىمنەي بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى چېگرا بويلاپ ساۋىر تېغىغا چىقىدىغان چوڭ يول ئۈستىدىكى سارى ئۆلەك دىگەن جايغا قۇردى. چۈنكى بۇ يەر جىمنەيگە 12 - 15 كىلومېتىر يېقىنراق تۇرىدىغان جاي بولۇپ، جىمنەي ئىچىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۈندىلىك قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا



بىلىپ تۇرۇشقا قولايلىق بىر ئورۇن ئىدى.

* * *

جىمنەي ئۇيغۇر پارتىزانلىرى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن بولغاچقا ئادەم سانى ئاز، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىر، تۇرالغۇ جايلىرى مۇقىم ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىمۇ ئاجىز ئىدى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە دۈشمەنلەر كۆپ، قورال - ياراقلىرى خىل، مۇنتىزىم ئەسكەرلەر بولۇپ، بازار ئىچىدىكى مۇستەھكەم بازىدا ئورۇنلاشقان. ئۇلارنىڭ يەنە ئالتاينىڭ ھەممە يېرىدە ياردەملىشىدىغان تايانچى قوشۇنلىرى بار ئىدى. بۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە كۈچلۈك دۈشمەننى قانداق يوقىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە پارتىزانلار كۆپ تەرەپلىمە مۇزاكىرە قىلىپ، مۇنداق خۇلاسىغا كېلىشىدۇ: دۈشمەن كۈچلۈك بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى گومىنداڭ ئىنتايىن ئەكسىيەتچى ھەم چىرىك بولغاچقا خەلقتىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان. گەرچە ئۇلار مۇستەھكەم مۇداپىئەگە ئىگە بولۇپ كىچىككىنە بىر بازارغا بېكىنىۋالغان بولسىمۇ، شەھەر سىرتىغا ئاسانلىقچە چىقالمايدۇ، پوتەي - ئاكوپلىرىدىن يىراقلىشالمايدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ياللانما ئەسكەر بولۇپ مەجبۇرى ئېلىنغان بولغاچقا يەنىلا ئۇلار گومىنداڭغا قارشى تۇرۇشنى خالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ. بولۇپمۇ دۈشمەننىڭ مۇھىم ئاجىزلىقى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق بولسىمۇ ئات مىنىشكە پۇختا ئەمەس. ئۇلار ئاتلىرىنى سىرتقا باققىلى چىققاندا ئەدۋىنى بەرمەك ئاسان. بىز دۈشمەننىڭ بۇنداق ئاجىزلىقىدىن ئوبدان

پايدىلىنىپ، ئۇلارنى يوقىتىشقا بەل باغلىشىمىز لازىم دەپ جىددى تەييارلىنىشقا كىرىشىدۇ.

پارتىزانلار ئالدى بىلەن ئات بېقىشقا چىققان دۈشمەنلەرنى يوقىتىشقا كىرىشىدۇ. دۈشمەنلەر ئۆز قولىدىكى 500 دىن كۆپرەك ئاتلارنى بېقىشقا ھەيدەپ ماڭغاندا پارتىزانلار مۆكۈپ تۇرۇپ، ئات باققىلى چىققان ئەسكەرلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بىر قىسىم ئات ۋە قورال - ياراقلارنى تارتىۋالىدۇ. بۇ ھەرىكەت ھۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىپ دۈشمەننىڭ ئاتلىرىمۇ ئازلاشقا باشلايدۇ. كېيىن دۈشمەنلەر ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن خەنزۇ ئەسكەرلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۇدۇلىنىيە (بەن) ۋە ئىزۋۇتلارغا (پەيلەرگە) بۆلۈپ بىللە ئات بېقىشقا چىقىرىدۇ. ئۇيغۇر ئەسكەرلەر سىرتقا چىقىپ ئات بېقىشنى گومىنداڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەپلىك چارىسى دەپ بىلىپ، ئاتلارنى ھەيدەپ قېچىپ كېتىشكە باشلايدۇ. بىر قىسىملىرى سوۋېت تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ئىچكى - تاشقى زەربىدىن چۆچىگەن دۈشمەن يەنە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، خەنزۇ ئەسكەرلىرىنىلا ئات بېقىشقا چىقىرىدۇ ھەمدە ئاتنى سىرتقا ھەيدەپ چىقىشتىن بۇرۇن بىرەر ئۇدۇلىنىيە ئەسكەرنى پوستقا قويۇپ، شۇ دائىرە ئىچىدىلا ئات باقىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قىش كېلىپ قېلىن قار ياغىدۇ. ئاتلارنى بېقىش ئارىلىقى بازاردىن يىراقلىشىدۇ. پارتىزانلار ياققان قاردىن ئوبدان پايدىلىنىپ، ئاق خالات كىيىپ، ئاتلارنى ھەيدەپ چىقىدىغان يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى بىلەنمۇ ناھايىتى نۇرغۇن دۈشمەنلەرنى يوقىتىدۇ ھەم بىر مۇنچە ئاتلارنى غەنىمەت ئالىدۇ. بۇنداق 7 - 8 ئايغا سوزۇلغان تاكتىكا ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە دۈشمەن قولىدىكى 500



باش ئات ئاساسەن تۈگەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بىرلەپ، ئۇنلاپ قېچىپ چىقىپ جېمىنەي ئۇيغۇر پارتىزانلىرىنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ. نەتىجىدىلا ئۇيغۇر پارتىزانلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپلا قالماستىن، بەلكى ئات ۋە قورال - ياراق جەھەتتىمۇ خېلى كۈچىيىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەمدى سىرتقا چىقالماس بولۇپ قالغان دۈشمەننى پوتەي ئىچىدىلا يوقىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

جېمىنەي پارتىزانلىرى ئالدى بىلەن ھەربىي مەشقنى چىڭ تۇتۇپ، قارىغا ئېتىش، چېكىنىش، ئىلگىرىلەش، يوشۇرۇنۇش قاتارلىق بىر قاتار مەشقلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا بىر تۈركۈم مەرگەنلەر يېتىشىپ چىقتى. شۇندىن كېيىن ئۇلار دۈشمەن پوتەيلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ زور غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. 1944 - يىلى 5 - ئايدا چۆچەكنىڭ قىزبەيىت دىگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان روسلاردىن راۋۇپ باشلىق 93 نەپەر ئادەم گومىنداڭنىڭ تۇتقۇن قىلىشىدىن قېچىپ، كېلىپ موللا ئىسلام رەھبەرلىكىدىكى جېمىنەي پارتىزانلىرى قوشۇنىغا قاتناشتى. روسلار خانىۋەيران ۋە تولىمۇ نامرات ھالدا كەلگەنلىكتىن موللا ئىسلام بۇلارنى كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن ئالاھىدە خەۋەر ئېلىپ، بىر نەچچە كۈن دەم ئالغۇزغاندىن كېيىن، ئۇلارنى جېمىنەي پارتىزانلار قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ تەشكىللەپ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن پارتىزانلارنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشۇلۇپ قوشۇن زورايدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جېمىنەيدىكى گومىنداڭلار ئىنتايىن بىئارام بولۇشتى. روسلار پارتىزانلارغا ھەربىي تېخنىكا جەھەتتىن مىلتىق، ئاپتومات، چوڭ - كىچىك تىپتىكى مىنامىيوت قاتارلىق قوراللارنى ئىشلىتىش ۋە ئاسراش. ساقلاش

تەدبىرلىرىنى، جەڭ شارائىتىدە يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىش مۇداپىئەلىنىش، چېكىنىش ۋە ئىلگىرىلەش، ئاتقا مىنىش-چۈشۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئۆگىتىدۇ. شۇنىدىن كېيىن پارتىزانلار دۈشمەننى ئالداپ سىرتقا ئېلىپ چىقىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، نۇرغۇن دۈشمەنلەرنى يوقاتتى ۋە قورال - ياراقلارنى غەنىمەت ئالدى. بۇنىڭ بىلەن پارتىزانلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش قىزغىنلىقى ۋە باتۇرانە ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە خىلمۇ- خىل ئۇسۇللار بىلەن زەربە بېرىشكە باشلىدى. پارتىزانلار ئۇرۇش قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ دۈشمەنگە ئوڭدىن شەپە بېرىپ، سولدىن ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. 1944- يىلى 9 - ئايدا پارتىزانلار دۈشمەنگە سەزدۈرمەي يوشۇرۇن ھالدا دۈشمەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەپلىك بىر جايغا كۈچ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن ھەركەتلەندۈرۈپ، كېچىلەردە ئادەم يۆتكەۋاتقان، ھۇجۇمغا تەييارلىنىۋاتقان قىياپەتتە كۆرسىتىپ، ئاتلارنى كىشنىتىپ تۆگىلەرنى ۋاقىرىتىپ، ساختا قىياپەت بىلەن دۈشمەننىڭ پۈتۈن دىققىتىنى شۇ جايغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر ھەدەپ شۇ تەرەپكە ئەسكەر يۆتكەپ، جىددىي تەييارلىققا كىرىشىدۇ. پارتىزانلار بۇ ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، جىمىنەينىڭ جەنۇبىدىكى بىر قانچە پوتەي ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قازاق مەھەللىسىدىكى دۈشمەن ئاتلىق پولكىنىڭ شتابىنى يىمىرىپ تاشلايدۇ. گومىنداڭنىڭ جىمىنەي بازىرىدا ئۇرۇش دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېچىدە پارتىزان باشلىقى خوجەخمەتنىڭ قوماندانلىقىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىپ دۈشمەن



پوتەيلىرىگە دورا كۆمتۈرۈلگەندىن كېيىن، تاڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلايدۇ. نەتىجىدە پوتەيلەرنىڭ ھەممىسى پارتلاپ، گۇمران قىلىنىدۇ. بىر قىسىم دۈشمەنلەر نەق مەيداندا ئۆلىدۇ. ھايات قالغانلىرى ئەسىرگە چۈشىدۇ، بۇ ئۇرۇشتا قوماندان خوجەخمەتكە ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ ئۇ بەرداشلىق بېرىپ، قوشۇنغا داۋاملىق قوماندانلىق قىلىدۇ. نەتىجىدە پارتىزانلار گومىنداڭ ئاتلىق پولكىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ شتاپقا پارتىزان بايرىقىنى ئېسىپ قويۇپ كېچىدە تۇيدۇرماستىن يەنە چېكىنىپ چىقىپ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېتىشىدۇ. شىمال تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەنلەر ئېسىپ قويۇلغان پارتىزان بايرىقىنى كۆرۈپ، «بۇ جاينى پارتىزانلار ئىگەللىۋەپتۇ...» دەپ ئويلاپ، 75 مېتىر ئارىلىقتا تۇرغان ئۆز گازارمىسىغا قورقۇپ كىرەلمەيدۇ ۋە ئىككى كېچە - كۈندۈز ئوق ئېتىپ، ئۆز گازارمىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە ئۆزلىرى نۇرغۇن زىيانغا ئۇچراپ ھەممە شتاپ - گازارمىلىرىنى بوش قالدۇرۇپ جىمىنەي بازىرى ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. دۈشمەنلەر بۇ قېتىمقى جەڭدە ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن «كۆچۈك يەتمىسە ئۆر توقۇمنى» دېگەندەك بازار ئىچىدە قالغان 1008 ئائىلىلىك بىگۇناھ ئۇيغۇرلاردىن پاجىئەلىك ھالدا ئۆچ ئالىدۇ. بۇ قېتىمقى جىمىنەينىڭ غەربىي شىمالىدىكى جەڭدە بىز تەرەپتىن ئىككى ئادەم قۇربان بولۇپ، بىر قانچە ئادەم ئېغىر ۋە يېنىك يارىلىنىدۇ.

بۇ نۆۋەتتىكى كەسكىن جەڭدە رۇسلار قوشۇنىدىن 3 ئادەم

قۇربان بولىدۇ. شۇڭا روس ئەسكەرلەر ئارىسىدا غۇل-غۇلا پەيدا بولۇپ، ئاخىرى ئۇلار ئۆز يۇرتى چۆچەكتىكى قىزبىيىت دىگەن يەرگە بىرىپ جەڭنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. موللا ئىسلام ئىسمايىلوۋ يۇ ئەھۋاللارنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەكلىۋىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇلارغا ئات، قورال-ياراق، ئاشلىق قاتارلىق ماددى بۇيۇملارنى بىرىپ، يولغا سېلىپ قويۇشنى بۇيرۇيدۇ. روسلار كەتكەندە ئۇيغۇرلاردىن 7 ئادەمنى بىللە ئېلىپ كەتكەچكە ئۇيغۇرلاردا يامان تەسىر قوزغايدۇ. ئۇيغۇر پارتىزانلىرىمۇ بىزمۇ جىمىنەيدىن كېتىپ ئۇيغۇرلار كۆپ جايلاشقان چۆچەك-دۇربىلجىن قاتارلىق جايلاردا قوشۇنىمىزنى كېڭەيتىپ گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىمىز دەپ موللائىسلام ئىسمايىلوۋقا تەلەپ قويىدۇ. موللائىسلام ئىسمايىلوۋ پارتىزانلارغا بۇ ھەقتە كۆپ تەربىيە بىرىپ: «ئىنقىلاپ قىلىشتا ھەممە يەر ئوخشاش، ئەجەل كەلسە ھەممە يەردە ئوخشاش ئۆلىمىز، ئۇيغۇرلار روسلارغا ئوخشىمايمىز. چۈنكى جىمىنەي ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ماكانى. ئەجداتلىرىمىزنىڭ ياشاپ كەلگەن جايى، شۇڭا يۇرتىمىز جىمىنەيگە بولغان مۇھەببىتىمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.» ... دەپ بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلەش بىلەن بىللە قازاق خەلقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى بىللە ئىشلەشنى كۆپ تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر تۈركۈم قازاق ياشلىرىنى پارتىزانلىققا قوبۇل قىلىپ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بىرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا جىمىنەيلىك كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قازاق خەلقىنىڭ ۋاكى ئەلەن ۋاڭ، شەرىپقان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن بىرەر ئادەمنى



تىپىپ ئىنقىلاپقا قاتناشتۇرۇشنى ئويلىشىپ ئەلەن ۋاڭنىڭ بۇنىڭدىن 7—8 يىل بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا كەتكەن ئوغلى دەلىلقان ئەلەننى تەكلىپ قىلىپ ئەپكىلىپ گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاپقا قاتناشتۇرىدۇ ھەمدە جىمىنەي ئۇيغۇر پارتىزانلىرى قوشۇنىنىڭ 1-مۇئاۋىن قوماندانى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. شۇندىن كېيىنلا پارتىزانلار قوشۇنىدا قازاقلار كۆپىيىشكە باشلايدۇ. پارتىزان رەھبەرلىكى پىلانلىق ھالدا جىمىنەينى ئازات قىلىشنى ئاساس قىلىپ، ئالتاي-ئۈرۈمچى تاشيولىنى نازارەت قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، گومىنداڭنىڭ ئاشلىق ۋە ھەربى لازىمەتلىرىنى توشۇغۇچى كىچىك گۇرۇپپىلىرىنى ئۇچۇقتۇرۇپ، ھەربى قاتناشنى ئۈزۈۋېتىدۇ. لېكىن دەلىلقان ئەلەن جىمىنەي پارتىزانلار قوشۇنىغا 1-مۇئاۋىن قوماندان بولۇپ كىرىسىمۇ، پارتىزانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلماي ھاراق-شاراپ ئىچىپ كەيىپ-ساپا قىلىپ ئۆيىدىن چىقماي يېتىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئادەم ئەۋەتىپ، دەلىلقان بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ ئۇنى ئالداپ قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەلىلقاننىڭ دادىسى ئەلەن ۋاڭنى گومىنداڭ دەرھال ئايروپىلان بىلەن ئالتايغا ئېلىپ كېلىپ قورچاق ۋالى قىلىپ ئولتۇرغۇزىدۇ. ئەلەن ۋاڭ ئالتايغا كەلگەندىن كېيىن ئوغلى دەلىلقان يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ 1945-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنى گومىنداڭغا تەسلىم بولۇپ پارتىزانلارغا خائىنلىق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنىڭغا ھەربى ئۇنۋان بىرىپ ۋىلايەتلىك قورچاق ساقچىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

دەلىلقان ئەلەن قورچاق ساقچى باشلىقى بولغاندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە جىمنەيگە ئارقا - ئارقىدىن ئىشپىيون - جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ ئۇيغۇر پارتىزان قوشۇنىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەشكىللىگۈچىسى بولغان موللا ئىسلام ئىسمايىلوۋنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى پىلانلايدۇ. موللا ئىسلامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئادەملىرى ئاخىرقى ھېساپتا موللا ئىسلام ئىسمايىلوۋنىڭ ئالدىغا كېلىپ جاسۇسلۇق قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ ئەپۇ سورايدۇ ۋە بولغان بارلىق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى دەلىلقا ئەلەننى 20 ماشىنىغا باشلىق قىلىپ ئۈرۈمچىگە يولغا سالىدۇ. ئۇ دۆربىلجىنگە كەلگەندە مىللىي ئارمىيەنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. مىللىي ئارمىيە دەلىلقاننى تىرىك ئەكىلىپ، ئالتاي خەلقىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى دەلىلقاننىڭ دادىسى ئەلەن ۋاڭنى ئايروپىلان بىلەن ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىدۇ. دەلىلقان بولسا 1947 - يىلىدىكى ئوسمان توپىلىڭىدىن پايدىلىنىپ ئۈرۈمچىگە قېچىپ بېرىپ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئىككىنچى قېتىم ئۆزىنى ئاتىدۇ ۋە ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرلىكتە 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قارشى بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تاكى ئازاتلىققا قەدەر پاراكەندىچىلىك سېلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭغا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گېنېرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋان بېرىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن سادىق غالچى قىلىپ ئىشلەتكەن ئىدى.



## جىمنەينىڭ ئازات قىلىنىشى

جىمنەي پارتىزانلار قوشۇنى قۇرۇلۇپ، ئىككى يىللىق كۈرەش جەريانىدا تۈرلۈك تۇسالغۇ - قىيىنچىلىقلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. لېكىن رەھبەرلىك پۇختا بولغانلىقتىن قىيىنچىلىقلار ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىنىپ، تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، ئىچكى ئىتتىپاقلىق مۇستەھكەملىنىپ، دۈشمەن قوشۇنىنى پارچىلاش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش ئىشلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئىگە بولدى. پارتىزان قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ قورال - ياراقلىرى تولۇقلىنىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىشكە يۈزلەندى ۋە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى. بولۇپمۇ قازاق خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولدى. ئىلى تەرەپتىن كېلىپ تۇرغان غەلىبە ۋە يېڭىلىق خەۋەرلىرى پارتىزانلارغا زور دەرىجە ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. مۇشۇ شارائىتلار پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن رەھبەرلىك قوشۇننى رەتلەپ تەشكىلىنى مۇستەھكەملەپ، جىمنەينى ئازات قىلىش ئىشىنى باشلاشنى قارار قىلدى. پارتىزانلار ھەر جەھەتتىن پۇختا تەييارلانغاندىن كېيىن، رەھبەرلىكنىڭ بۇيرۇقى بويىچە 50 نەپەر پارتىزان ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ جەڭگە تەييارلىنىپ، 1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تاڭ سەھەردە سۇلايمان باتۇر باشلىغان 10 نەپەر، باۋدۇن قادىر باشلىغان 40 نەپەر پارتىزان تەڭلا يۈرۈش قىلىپ جەڭ مەيدانىغا يېتىپ باردۇ. شۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا پارتىزانلارنىڭ پۇختا جايلىشىۋېلىشىغا ئوڭۇشلۇق ئىمكانىيەت بولغان ئىدى. پارتىزانلار دۈشمەننىڭ كېلىشىنى ساقلاپ، قار ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ ياتتى.

سۇلايمان باتۇر باشلىغان پارتىزانلار جىمىنەينىڭ جەنۇبىدىكى چېگرانى بويلاپ بازارغا كېلىدىغان يول بىلەن مېڭىپ، كۆك كۆز تۆگمىنىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ، قار ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتتى. باۋدىن باشلىغان پارتىزانلارمۇ چېگرانى بويلاپ، جىرا ئىچى بىلەن كۆك كۆز تۆگمىنىنىڭ ئالدىغا 20 مېتىردەك ئۆتۈپ، بۇلارمۇ قار ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ يېتىشىۋالدى.

ئوتۇن يىغقىلى چىققان دۈشمەنلەرنىڭ كەيگەن كىيىملىرى يېلىڭ بولغانلىقتىن تىترىشىپ سوغۇقتىن كۆزلىرىنىمۇ ئاچالماي مىڭ تەسلىكتە كۆك كۆز تۆگمىنىگە يېتىپ كېلىشىدۇ. يوشۇرۇنغان پارتىزانلار ئىككى تەرەپتىن شىددەتلىك ئوت ئېچىپ گىرانات تاشلاپ، ئۇلارغا زەربە بېرىدۇ. 3 نەپەر دۈشمەن ئەسكىرى قېچىپ كېتىدۇ ۋەزىيەتنى غەلىبىلىك ئىجرا قىلغان پارتىزانلار جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەن 24 نەپەردىن ئارتۇق گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ ئوق ۋە قورال-ياراقلىرىنى يىغىۋېلىپ ئۇلارنىڭ يۇقۇرىدىكى جاڭزىدا قالدۇرۇپ قويغان ئات ۋە چانىلىرىنى ئېلىپ قايتىدۇ. شۇ كۈنى شتاپ پارتىزانلار چوڭ يىغىنى ئېچىپ بۇ باتۇر ئەزىمەتلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە ئۇلارنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىدۇ.

پارتىزانلار كېچە-كۈندۈزلەپ تۇشمۇتۇشتىن زەربە بېرىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى باش كۆتۈرەلمەس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. نەتىجىدە سوغۇق ۋە ئاچلىققا چىدىيالمىغان دۈشمەنلەر ئۆزلىرىنى قويغىلى جاي تاپالماي ئاخىرى جىمىنەيدىن 2-ئاينىڭ 29-كۈنى كېچىدە نوخايغا قاراپ قېچىشقا باشلايدۇ. دۈشمەنلەر جىمىنەي بازىرىدىن قېچىپ چىقىشقا باشلىغاندا جىمىنەيدە تۇرۇشلۇق توختى مەزىن ئەزان توۋلاپ دۈشمەنلەرنىڭ قاچقانلىقىدىن پارتىزانلارغا خەۋەر بېرىدۇ. (جىمىنەينى گومىنداڭ ئىشغال



قىلىۋالغان كۈنىدىن باشلاپ ئەزان توۋلاشقا رۇخسەت قىلىنمىغان ئىدى). بۇنىڭدىن دۈشمەننىڭ قاچقانلىقىنى بىلگەن پارتىزانلار قاچقان دۈشمەننى قوغلاپ نوخايغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ جايدا چىقىۋاتقان دەھشەتلىك بوراندىن ئۆتەلمەي قايتىپ كېتىدۇ.

1-مارت كۈنى بوران بىر ئاز پەسەيگەندىن كېيىن پارتىزانلار قايتىدىن نوخايغا كەلسە گومىنداڭ ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدارلىرى توڭلاپ قالغان 271 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ئىكەن. پارتىزانلار دەرھال ئادەم تەشكىللەپ قاچقان دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن يەنە قوغلاپ بارىدۇ. قاچقان دۈشمەنلەر بۇرچىنغا بارغاندا ئالدىغا ئادەم چىقىپ ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، يولدا ماڭالماي ئۆلگەنلەر 20 دىن ئاشقان ئىكەن. بۇرچىنغا ئامان-ئېسەن بارغانلىرىمۇ ئۇ يەردە تارقالغان قارا سان دېگەن كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ھەممىسى دېگىدەك ئۆلۈپ كېتىدۇ. (سوغاق ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن پەيدا بولىدىغان كېسەل ئىكەن) قالغان پارتىزانلار نوخايىنى ئارىلاپ گومىنداڭنىڭ تاشلاپ كەتكەن رادىيو، تېلېگراف، چېدىر، ھارۋا، ئوق-دورا ۋە قورال-ياراقلىرىنى يىغىپ يۈرۈپ، جىمىنەيدىن ھەيدىلىپ چىققان پۇقرالاردىن ئۈستى ئوچۇق تام ئۆي ئىچىدە قارغا كۆمۈلۈپ ياتقان 12 ئۆيلۈك ئۇيغۇر، خۇيزۇ ۋە خەنزۇلارنى تېپىۋالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە 80 ياشتىن ئاشقان كۈيەك مەزىن دېگەن كىشى خوتۇنى ۋە بىر نەۋرىسى بىلەن توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ. باشقا ساق قالغان پۇقرالارنى دەرھال جىمىنەيگە يەتكۈزۈپ، ئۆز ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، كېسەللىرىنى داۋالاپ خاتىرجەم قىلىدۇ. دۈشمەندىن غەنىيمەت ئالغان بارلىق نەرسە-كېرەكلەرنى شتابقا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

دىمەك جىمىنەي ناھىيىسى جىمىنەي پارتىزانلىرىنىڭ

ئىككى يىلدىن ئارتۇق جاپالىق كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە 1945 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن پۈتۈنلەي ئازات بولدى.

## جېمىنەي ئازات بولغاندىن كېيىنكى ئىشلەنگەن خىزمەتلەر

جېمىنەي بازىرى ئازات بولغاندىن كېيىن پارتىزانلار تاغدىن بازارغا يۆتكىلىپ كېلىپ مۇقىم بازا قۇردى. ئۇلار ئۇرۇشتا خانىۋەيران قىلىنغان جېمىنەي بازارلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بىلەن بىللە ئالتاي، ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ ھالقىلىق جايى قورايتى، قارىتاش ھەم چالچىقاي قاتارلىق مۇھىم بازىلارغا قاراۋۇللۇق پونكىتى قۇردى. مۇقۇرتاي، ئاق بېيىت، قىرىق قۇدۇق زەنگە چارلاش پونكىتلىرىنى قۇردى. بۇ تاشيولدا گومىنداڭنىڭ قوبۇقتىن ئالتايغا ئالتايدىن قوبۇققا كېلىدىغان ھەركىتىنى كۆزىتىپ، ئەھۋال يۈز بەرسە جېمىنەيگە خەۋەر بېرىش بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ تۇردى.

جېمىنەي ئازات بولغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ بۇنىڭغا قازاق مۆتىۋەرلىرىدىن رامزان زالىك ھاكىم، مەنكەي مۇئاۋىن ھاكىم بولدى، ئارىپباي ساقچى باشلىقى، قابدان ماۋلىقان مۇئاۋىن ساقچى باشلىقى بولدى، ھارىپ ئەخمەت، جۇقالەر باج ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى. ئېھتىياجغا قاراپ ئورگانلارنىڭ يۆلۈم باشلىقلىرى قابىلىيەتلىك كادىرلاردىن ئاستا - ئاستا تولۇقلاپ بېرىلدى.

جېمىنەيدە ئىنقىلاۋىي تەشكىلات «ئازاتلىق ئۇيۇشما»نىڭ ناھىيىلىك بۆلۈمچىسى قۇرۇلۇپ، «ئازاتلىق ئۇيۇشما»غا موللا



ئىسلام ئىسمايىلوۋ رەئىس، رامازان زالىك، خوجەخمەت، ئارىپباي مۇئاۋىن رەئىس، ئىمام قارى، ئەخمەت نەبى، ئابلاخان كېرىم باقى، سادىق ئەبزى، قاجىنابى، ئابدىكېرىم باۋدىن، قامزا، سۇلايمان ماۋلىقان. قاتارلىقلار ھەيئەت ئەزاسى بولدى.

ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن جېمىنەيدىكى گومىنداڭنىڭ پوتەي، ئاكوپلىرىدىن، يول دوخمۇشلىرىدىكى توسمىلاردىن تاي - تاي بويىچە چېچىلىپ ياتقان 700 توننىدەك قوي يۇڭى يىغىۋېلىندى. يەنە 10 توننىدەك قەغەزلەرمۇ يىغىۋېلىندى. بۇ يىغىلغان نەرسىلەر ناھىيىدە قورۇلغان ئىقتىسادىي ھەيئەت تەشكىلىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئۇلار يۇڭلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ، پارتىزانلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن 100 توننا تېرىق، 150 توننا بوغداي، 20 توننا ئاق شېكەر قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈرلۈك لازىمەتلىك ماللارنى سېتىپ ئېلىپ، جېمىنەيدە چوڭ ماگىزىن ئاچتى ھەمدە چېگراغا بېرىپ سودا قىلغۇچىلاردىن باج ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا پارتىزانلار ۋە ھەقىقەتكە قايتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئېتى بولمىسا ئات بىلەن كىيىم - كېچەكگى بولمىسا كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئۆلچەم بويىچە تەمىنلەش بەلگۈلەندى. جېمىنەي پارتىزانلىرىنىڭ قوشۇنى قايتىدىن رەتكە سېلىنىپ ئۇيغۇر يۈزلىگى، نايمان يۈزلىگى، ئالتاي يۈزلىگى، ساۋۇر يۈزلىگى، ۋە موڭغۇل يۈزلىگىدىن ئىبارەت 5 يۈزلۈك قىلىپ تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭغا قوشۇپ بىر چارلىغۇچى ئەترەت تەشكىل قىلىندى.

جېمىنەي ئازات قىلىنغاندىن كېيىن قابا، بۇرچىن، قوبۇق ناھىيە خەلقلىرى ۋە گومىنداڭنىڭ بۇرۇلتوقاي، بورچىن،

قوبۇق. دۆربىلجىندە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسمى ئىچىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ئەسكەرلەر ئارقا-ئارقىدىن قېچىپ چىقىپ پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ تۇردى. ھەممە ئالتاي ئالتۇن كانىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلار، مەدىكارچىلىق، يىللىقچىلىق قىلىدىغانلار ۋە گومىنداڭ تەرىپىدىن بۇلۇنۇپ، مال-مۈلكىدىن ئايرىلغانلارمۇ جىمنەيگە كېلىشكە باشلىدى. شۇ قاتاردا 1943-يىلى 7-ئايدا گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقىدىن قېچىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا جان ساقلاش ئۈچۈن ئۆتۈپ كەتكەن جىمنەي خەلقى 1945-يىلى 4-ئايدىن باشلاپ تۈركۈم-تۈركۈمگە بۆلۈپ، قايتۇرۇپ كېلىنىپ ئۆز يۇرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەممىدە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىمۇ ھەل قىلىپ بېرىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلىپ، ئۆز ئارا قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. 1944-يىلى پارتىزانلارغا مەسلىھەتچى بولۇپ كىرىۋالغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا ئوچۇقتىن-ئوچۇق بۇزغۇنچىلىق سالغان. قارا نىيەتچى يۈنسۈر قۇرماش دېگەنگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزغان ئېغىر جىنايىتى ئۈچۈن جازا بېرىلىپ قوشۇندىن ھەيدەپ چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە 1945-يىلى 7-ئايدا دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ قىزىل ئۇچاق رايونىدا پارتىزانلار ئىچىدىكى قارادۇجا دېگەن ئەسكەر بىر ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەربىي سوت قىلىنىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، مۇشۇنداق قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ۋە ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا تېگىشلىك جازا بېرىلىپ، تەشكىلنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئابرويى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان ئىدى. جىمنەي ئازات



新疆十月拖拉机厂图书室

بولغاندىن كېيىن رەھبەرلىك پۈتۈن كۈچى بىلەن قىنوبۇقنى ئازات قىلىش، ئاندىن ئالتاينى ئازات قىلىش، مىللىي ئارمىيە كەلسە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىش تەييارلىقىنى ئىشلىدى.

گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر 1939-1940-يىللىرى جالالات شېڭ شىسەيىنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالغان جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ياشلىرىدىن بولۇپ خېلى كۆپ سانىنى ئىگەللەيتتى. ئۇلارنى كېيىنكى يىللاردا ئالتايدا «ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ قۇيرۇقى بار، شۇلارنى تازىلايمىز...» دەپ ئېلىپ چىقىپ بۇ جايلاردىكى دەھشەتلىك سوغۇق ۋە تومۇز ئىسسىقلاردا مەجبۇرى ھالدا ئىشلەتكەن. شۇڭا ئۇيغۇر پارتىزانلىرى ئۇلارنى ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۈرلۈك يوللار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارنىڭ ئىچىگە مەخسۇس ئادەم كىرگۈزۈپ، پارتىزانلارغا كېلىپ قوشۇلۇشقا چاقىرىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، شەرت-شارائىتى بارلار تەشكىللىنىپ، ئارقا-ئارقىدىن قوراللىق قوزغىلاڭ قىلىپ تاغ-داۋانلار ئېشىپ جىمنەي ئۇيغۇر پارتىزانلىرىغا كېلىپ قوشۇلۇپ تۇردى. بۇ ھەقىقەتكە قايتىپ كەلگۈچىلەر يەنە ئۆزى بىلەن بىللە قورال-ياراق، ئات-ئۇلاق ۋە ھەربىي مەلۇماتلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. 1945-يىلى 5-ئاينىڭ 13-كۈنى گومىنداڭنىڭ بۇرۇلتوقايدا تۇرۇشلۇق 8-ئاتلىق پولكىدىكى 53 نەپەر ئۇيغۇر ئەسكەرلەر قوبۇقتىن ئاشلىق ئېلىشقا كېتىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يول ئۈستىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ ئەكسىيەتچى لەنجاڭ، پەيجاڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، 57 ئات 53 دانە بەش ئاتار مىلتىق، ئىككى دانە

قول پىلىموت. ئىككى يان قورال. 10600 دانە ئوق، بىر دۇربۇن، بىر ھەربى سىگنال قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ جىمنەي ئۇيغۇر پارتىزانلىرىغا قوشۇلدى. شۇندىن كېيىنلا يەنە شۇ 8 - پولكتىن ئۇبۇلقاسىم خۇدابەردى دېگەن بەنجاڭ بىر يەن ئادەمنى روزى ھوشۇر دېگەن بەنجاڭ بەش ئادەمنى باشلاپ كېلىپ پارتىزانلارغا قوشۇلدى. قوبۇقتا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنىدىكى ئابلەخەت دېگەن بەنجاڭ ئۆزىگە قاراشلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ قېچىپ چىقىش ئالدىدا ئايرىم بىر مۇناپىقنىڭ خائىنىلىقى بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ دۈشمەن ئۇنىڭ قول - پۇتىنى كېسىپ يۈرەكلىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. 1945 - يىلى 7 - ئايدا دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ قىرىق ئۇچاق رايونىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭنىڭ 7 - ئاتلىق پولكىدىن غوپۇرۇپ ئىسلام، ھەسەنوپ، ئابدىرېھىم تۇردىيوۋ سالىم قاتارلىق 5 نەپەر ئەسكەر قوراللىق قېچىپ چىقىپ پارتىزانلارغا قوشۇلدى. كېيىن يەنە ماموت باشلىق 23 نەپەر ئەسكەر قېچىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ گومىنداڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىدىن ھەقىقەتكە قايتقۇچىلار 1945 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگە قەدەر داۋاملىق ھالدا پارتىزانلارغا كېلىپ قوشۇلۇپ تۇردى.

گومىنداڭدىن قېچىپ چىقىپ ھەقىقەتكە قايتقان ئەسكەرلەر پارتىزان قوشۇنىغا كىرگەندىن كېيىن، گومىنداڭ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلدى. شۇنداق كەسكىن جەڭلەردە مۆمىن مۇپتىلا ئوغلى، بىرتقان (موڭغۇل)، تاشقان قاتارلىقلار قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ مەرتلەرچە قۇربان بولدى. بۇ سەپداشلار خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ھايات.



ھەقىقەتكە قايتىپ خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلغان بۇ كىشىلەر ئۆلكە ئازات بولغاندىن كېيىنمۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان بارلىق ئىجتىمائىي ھەركەتلەرنىڭ بىرىنچى سېپىدە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ بەختىيار ھاياتى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ كەلدى. ھازىر بۇ سەپداشلاردىن ھايات قالغانلىرى ناھايىتى ئاز. ھايات ياشاۋاتقانلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم سەپداشلار خىزمەتتىن دەم ئېلىشقا چىقىپ خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ. خىزمەتتە بولمىغانلىرى ئۆز ئائىلىسىدە تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرمەكتە.

新疆十月拖拉机厂
图书室

**新疆文史资料选辑（18）**（维吾尔文）

中国人民政治协商会议新疆维吾尔
自治区委员会文史资料研究委员会编

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆医学院印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 6.5印张
1986年4月第1版1986年5月第1次印刷
印数：1——9,000

统一书号：M11098·181　定价：0.51元
**（内部发行）**

0021

新疆十月拖拉机厂
图书室
专用章

书号：M 11098·181
定价：0.51元

15,00